# گۇلىستان

(گلستان سعدی)

مىللەتلەر نەشرىياتى

封面设计：

ISBN 7—105—0150

民 文（维 56） 平装本

¥9.5

شەيخ سەئدى

# گۇلىستان

(گلستان سعدى)

تەرجىمە قىلغۇچى: رەھمىتۇللا جارى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان
تېيىپجان ئېلىيوپ

مىللەتلەر نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


سوز بېشى ........................................ 1

دىباچە ........................................ 1

بىرىنچى باپ  پادىشالارنىڭ خۇلقى- ئادىتى توغرىسىدا...... 24

ئىككىنچى باپ  دەرۋىشلەرنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا........... 90

ئۇچىنچى باپ  قانائەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا......146

تۆتىنچى باپ  سۈكۈت قىلىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا.......189

بەشىنچى باپ  ئىشق ۋە ياشلىق توغرىسىدا...............201

ئالتىنچى باپ  زەئىپلىك ۋە قېرىلىق توغرىسىدا..............227

يەتتىنچى باپ  تەربىيىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا..............237

سەككىزىنچى باپ  ئۆزئارا مۇناسىۋەت قائىدىلىرى توغرىسىدا
........................................ 274

خاتىمە........................................328

# سۆز بېشى

پارىس خەلقىنىڭ 13- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى شەيخ سەئدىنىڭ① «گۇلىستان» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى يالغۇز پارىس كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىلا ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ۋە مۇھىم يادىكارلىقلاردىن بىرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىدىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ھۆرمەتلىك بىر ئورۇننى ئىگىلىگەن.

«گۇلىستان» قاپىيىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن قىسقا ھېكايىلەر، ھېكمەتلەر، ئىبرەتلىك سۆزلەر توپلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر ھېكايە ئارىلىرىغا مۇۋاپىق شېئىر مىسرالىرى قىستۇرۇلغان. سەككىز باپلىق بۇ نادىر ئەسەردە شۇ زاماندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرى، بولۇپمۇ 13- ئەسىردىكى فېئوداليزم جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدىكى ھاياتنىڭ رېئال مەنزىرىسى ئاجايىپ تولۇق سۈرەتلەپ بېرىلگەن، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقنى سۆيۈش، ساداقەت، ۋاپا، مېھرى-مۇھەببەت، سېخىيلىق، ئالىجاناپلىق ۋە باشقا گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەر مەدھىيىلەنگەن. قالاقلىق، جاھالەت، رىياكارلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئاچكۆزلۈك، زالىملىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جەمئىيەتتىكى چىرىكلىك-

---

① تولۇق ئىسمى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازى.

لەر ھەجۋى تىل بىلەن كەسكىن تەنقىت ئاستىغا ئېلىنغان.

شائىرنىڭ ھاياتى توغرىسىدا مەخسۇس ماتېرىيال يوق، پەقەت ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىدە زىكرى قىلغان بەزى پاكىتلار بىزگە ئۇنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە بېرەلەيدۇ.

سەئدى 1203-يىلى ئوپچورىسىدە ئىراننىڭ شىراز شەھىرىدە ئوتتۇرا قاتلامغا مەنسۇپ ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. تەخمىنەن 20 ياش ۋاقتىدا ئوتتۇرا شەرقنىڭ مەدىنىيەت مەركىزى ھېساپلانغان قەدىمي شەھەر باغداتقا بېرىپ، مەشھۇر «نىزامىيە» مەدرىسەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئۆز ۋەتىنىدىن كوپ قېتىم سەپەرگە چىقىپ، چەت مەملىكەتلەردە ۋە شەرقنىڭ بىرمۇنچە شەھەرلىرىدە ساياھەتتە بولغان، ئون توت قېتىم ھەج قىلغان؛ غەرپتە شىمالىي ئافرىقىغا قەدەر بارغان، ئەرەپ سەھرالىرىنى كەزگەن، مىسىر، ھەبەشىستان، تۈركىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە بولغان، دەمەشق، ئېرۇسالىم، تىرىپولى. ھەلەب قاتارلىق شەھەرلەرنى كورگەن؛ شەرقتە ئافغانىستان، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا سەپەر، زىيارەتتە بولغان، ئېلىمىزنىڭ قەدىمي شەھرى بولغان قەشقەرغىمۇ كېلىپ كەتكەن.

شائىر دەرۋىشلىك ھاياتىنىمۇ باشتىن ئوتكۈزگەن. ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى ۋاقتىدا، ئۇ فەرەڭلەرنىڭ ئەسىرلىگىدىمۇ بولغان، چوڭ شەھەرلەردە ئالىملارنىڭ مۇنازىرىلىرىگە قاتناشقان، چەت يۇرتلاردا نۇرغۇن ئىشلارنى، ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئۆز كوزى بىلەن كورگەن، ئاچچىق ئەلەملەرنى، ئولۇم خەۋپى، ئاچلىق، مۇھتاجلىق دەردىنى تارتقان، 30 يىلچە چەتئەلدە يۇرۇپ، ھەر بىر جايدا ئىجتىمائى تۇرمۇشنى ئوزىگە خاس زېرەكلىك ۋە ماھارەت بىلەن كۈزەتكەن



ۋە ئۇگەنگەن. سەئدى ئاخىرى ئۆز ئانا يۇرتى شىرازغا قايتىپ كېلىپ (1257-يىل) يېرىم ئەسىرلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى ئاساسىدا ئاۋال «بوستان» ناملىق شېئىرىي ھىكايىلەر توپلىمىنى، ئۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن (1258-يىل باھاردا) «گۇلىستان» ناملىق ئولمەس ئەسىرىنى ياراتقان. شائىر بۇ ئىككى ئەسەرنى يېزىشتا خەلققە پەندى-نەسىھەت ۋە تەربىيە بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئاپتور «گۇلىستان»نىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

بىز نەسىھەتنى جايىدا يەتكۈزدۇق،
بۇ بىلەن بىر بولۇك چاغنى ئوتكۈزدۇق.
بىراۋلار مەيلى قىلمىسا رىغبەت،
ئەلچىنىڭ بۇرچى خەۋەر بېرىشلا پەقەت.

سەئدى ئۆز زامانىسىدە يۈكسەك ئەخلاقنىڭ ئالىجاناپ كۈيچىسى، ئادالەتنىڭ قىزغىن ھىمايىچىسى بولغان ئىدى. ئۇ دۇنيادىكى قارىمۇ-قارشىلىقلارنى، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەچكە، بۇ قارىمۇ-قارشىلىقلارنى ئۆز ئەسەرلىرىدە دانالىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇ دۇنياغا، ئۆز ۋەتىنىگە، كىشىلەرگە مۇھەببەت بىلەن قاراشنى تەرغىپ قىلغان، خەلقلەرنىڭ قېرىنداشلىغى ۋە باراۋەرلىگىنى ياقلىغان. شائىر تەخمىنەن 1292-يىلى 90 يېشىدا ۋاپات بولغان.

«گۇلىستان» يۈكسەك بەدىئى قىممەتكە ئىگە زور ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان تارىخ، جۇغراپىيىگە ئائىت

باي مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنبە سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ئەسەردۇر، شۇنىڭدەك پارس كلاسسىك ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقىدۇر.

شائىر بۇ ئەسەرنى خەلق ئىجادىيىتى، خەلق كۆزقارىشى ۋە خەلق تىلى ئاساسىدا يېزىپ چىققانلىقتىن، بۇ ئەسەر بارلىققا كەلگەن كۈندىن تارتىپلا يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ھەممە يېرىگە، ئوتتۇرا ئاسىياغا تېزلا مەشھۇر بولغان ۋە خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلىك سۆزلەر ۋە ھېكمەتلەر خەلق ماقال-تەمسىللىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، تا ھازىرغا قەدەر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شەيخ سەئدى فېودالىزم دەۋرىدە ياشىغان، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشى بولغانلىقتىن، بۇ ئەسەردە بەزىبىر پاسسىپ پىكىرلەرنىڭ ئىپادىلىنىپ قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال.

«گۈلىستان» مەيدانغا كېلىش بىلەن ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، مىسىر، ھىندىستانلاردا ۋە باشقا مەملىكەتلەردە قايتا-قايتا كۆچۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن قوليازما نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن، مانا شۇ قوليازمىلار ئاساسىدا بۇ ئەسەر، شەرقتە بولسۇن، شۇنىڭدەك غەربتە بولسۇن، تەكرار-تەكرار نەشر قىلىنغان، ھازىرقى ۋاقىتتا ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، مىسىر، ئافغانىستان، كاپكازلاردا ۋە ياۋروپادا ھەرقايسى دەۋرلەردە تاش باسما ۋە مىخ مەتبەدە بېسىلىپ چىققان ھەر خىل نۇسخىلىرى 200 گە يېتىدۇ.

شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئەسەردە ھەرقايسى



مەملىكەتلەردە قايتا-قايتا كۆچۈرۈلۈش ۋە بېسىلىش جەريانىدا كاتىپلارنىڭ نادانلىقى ۋە بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن سەھۋەنلىك-خاتالىقلار كۆرۈلۈپ كەلگەن، ھەتتا ئاپتور ئۆزى ئېيتمىغان يات سۆزلەر، يات جۈملىلەر، شېئىرلار بۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان. بەزى كاتىپلار كۆچۈرۈش جەريانىدا شائىرلىق ئىلھامى تۇتۇپ كېتىپ، مەزمۇنسىز، ئاددى شېئىرلارنى يېزىپ قوشۇپ قويغان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ھەر خىل نۇسخىلاردا بۇ ئېلىشمانچىلىق، بۇلغىنىش كۆزگە ياققال چېلىقىدۇ. ھەر بىر ھېكايىنى ئوقۇغاندا، سۆز-جۈملىلەردىكى كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، ئالمىشىپ كەتكەن سۆزلەر ياكى ئوشۇق سۆزلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا ئەڭ موتىۋەر ھېساپلانغان بىرقانچە نۇسخىلاردىمۇ بەزى پەرقلەر بار.

بۇ ئەسەردە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق-خاتالىقلارنى تۈگىتىش ۋە ئەسەرنىڭ ئەسلى تېكىستىنى تۇرغۇزۇش يۈزىسىدىن 16-ئەسىردىن باشلاپ ئىران، تۈركىيە ۋە باشقا مەملىكەتلەردە كۆپلىگەن ئالىملار بىرمۇنچە ئىلمىي ئىشلارنى قىلدى ۋە بۇ ساھەدە مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

«گۈلىستان»نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى 15-ئەسىردىلا مەيدانغا كەلگەن. 16-ئەسىردە تۈركىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناسلاردىن سۇرۇرى، شەمئى ۋە سۇدى ئارقىمۇ-ئارقا «گۈلىستان»نىڭ شەرھىنى يېزىپ چىقىپ، ھەر بىرى ئۆز ئەسىرىگە «شەرھى گۈلىستان» دەپ نام قويغان. سۇرۇرى بۇ ئەسەرنى تولۇق ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئەسلى پارسچە تېكىستى بىلەن بىللە باستۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن

ئىران، تۈركىيە، ھىندىستان ۋە باشقا مەملىكەتلەردە نۇرغۇنلىغان شەرھىي نۇسخىلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، سۇدىنىڭ «شەرھى گۈلىستان»ى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالايىتەن ئورۇن تۇتىدۇ.

«گۈلىستان» خېلى بۇرۇنلا ياۋروپادىكى تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. 17-ئەسىردە گوللاندىيىلىك مەشھۇر ساياھەتچى ئادام ئولېئارى بۇ ئەسەرنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلغان، 1651-يىلى گېئورگى گېنتىسي لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىپ، پارىسچە تېكىستى بىلەن بىللە نەشر قىلدۇرغان.

ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى 1791-يىلى خارىنگتون، 1806-يىلى گلادۋىن، 1807-يىلى جەيمىس دىيۇمۇلىن، 1827-يىلى جون كوكس، 1850-يىلى ئېستۋىك ئىشلىگەن ۋە تولۇق نەشر قىلدۇرغان. كېيىنكىلىرى ئالدىنقىلىرىنىڭ خاتالىق-كەمچىلىكلىرىنى تۈزەتكەن. ئەڭ كېيىنكى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ۋېنگرىيىدە تۇغۇلۇپ، ھىندىستاندا قىرىق يىل ھايات كەچۈرگەن ئالىم ئىدۋارد رېھاتسېك (E·Rehatsek) ئىشلىگەن. بۇ تەرجىمە ئىران تىلشۇناسلىرىنىڭ نەزىرىدە مۇكەممەل ۋە موتىۋەر تەرجىمە ھېساپلانماقتا.

رۇسچە تەرجىمىسى 18-ئەسىردە ئولېئارىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى 1922-يىلدىكى پىروفېسسور بېرتېلسىنىڭ تەرجىمىسىگىچە بىرنەچچە نۇۋەت نەشر قىلىنغان. كېيىنكى يىللاردا بۇ ئەسەرنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى ئۈستىدە ئازەربەيجانلىق ئالىم رۇستەم ئەلىيوپ مەخسۇس ئىلمىي ئىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئەڭ توختالغان مەتنى (تېكىستى)نى ئىلمىي ۋە بەدىئى جەھەتتىن پۇختا بولغان تەرجىمىسى بىلەن بىللە نەشر قىلدۇرغان.



«گۈلىستان» خېلى بۇرۇندىن تارتىپ جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ئىدى. بۇ ئەسەرگە بولغان قىزىقىش كېيىنكى يىللاردا يەنىمۇ كۈچەيدى. 1927-يىلى تارىخچى ۋە ئەدەبىياتشۇناس جېن جېندۇ «ئەدەبىيات پۇروگىرامىسى» دىگەن كىتاۋىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا شەيخ سەئدى توغرىلىق ئالايىتەن توختالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايرىم ھىكايەتلەر خەنزۇ تىلىغا ئۈزلۈكسىز تەرجىمە قىلىنىپ تۇردى. 1958—1959-يىللىرى تولۇق تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرنى يەنە 1980-يىلى خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تولۇق نەشر قىلدى. بۇ نەشرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى يولداش شۈي جيەنفۇ ئەنگلىيىلىك ئىرانشۇناس ئالىم ئېستۋىك (E·B·Eastwick)نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئىشلىگەن.

«گۈلىستان» شىنجاڭدا قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان مەدرىسەلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇلۇپ كەلگەن. پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگۈچىلەر بۇ كىتاپنى بىرىنچى قەدەمدە قولغا ئالماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «گۈلىستان»نىڭ ئىران، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردا تاش باسمىدا بېسىلغان ھەر خىل نۇسخىلىرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلىرىمىزدە كەڭ تارالغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتلىك مۇراد خوجا ئىشان «گۈلىستان»نى تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان بولۇپ، «شەۋقى گۈلىستان»[1] دەپ نام قويغان. بۇ كىتاپمۇ خەلقىنىڭ قولىدا ئانچە-مۇنچە

[1] «شەۋقى گۈلىستان» — 1910-يىل ئوپچورىسىدە تاشكەنتتە تاش باسمىدا بېسىلىپ چىققان. مۇراد خوجا ئىشان «گۈلىستان»نى چاغاتاي تىلى ئاساسىدا سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئەسلى تېكىستنىڭ ئاستىغا

ساقلىنىپ قالغان.

ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدا غۇلجىدا چىققان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ ئايرىم سانلىرىدا بەزى ھېكايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى بېسىلىپ چىققان.

بۇ قېتىم كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى كوزدە تۇتۇپ، بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا جاسارەت قىلدىم. تەرجىمە جەريانىدا بىرقانچە نۇسخا سېلىشتۇرۇپ چىقىلدى، مېنىڭ قارىشىمچە، «گۇلىستان»نىڭ ئەڭ توختالغان تېكىستى 1971-يىلى تېھراندا مۇھەممەد ھۇسەيىن تەسبىھى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان پارسچە-ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىكىسى بىلەن 1959-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان پارسچە-رۇسچە نۇسخىسىدىكىسى ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىككى كىتابنىڭ تېكىستى بىر بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ. بۇ ئەسەر ئاشۇ ئىككى كىتابتىكى تېكىستلەرگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

بۇ تەرجىمە بىرىنچى قېتىمقى ئەمگەك بولغانلىقتىن، سەھۋەنلىك-خاتالىقلارنىڭ كورۇلۇشى تەبىئى. كىتابخانلارنىڭ تۇزىتىش پىكىرلىرىنى قارشى ئالىمەن.

ر. جارى

1982-يىل، يانۋار.

---

قۇرمۇ-قۇر ئۇرۇنلاشتۇرغان. كىتابنىڭ ھاشىيىسىدە بېرىلگەن شەرھى خېلى تولۇق، مەدرىسىدە تەھسىل كورگەن كىشىلەر بۇنىڭدىن خېلى ئوبدان پايدىلىنالايدۇ.



# دىباچە

## (مۇقەددىمە)

**بسم الله الرحمن الرحيم**

(شەپقەتلىك، مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

### 1

قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ خۇداغا مىننەتدارلىق بولسۇنكى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش يېقىنلىققا سەۋەپ بولىدۇ، شۇكرىنى بەجا كەلتۇرۇش بىلەن نىئمەت كوپىيىدۇ؛ ھەر نەپەس بەدەنگە سۇمۇرۇلگەندە، ئۇ ئومۇرنى ئۇزارتىدۇ، سىرتقا چىقىرىلغاندا تەنگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەر نەپەستە ئىككى نىئمەت مەۋجۇت ۋە ھەر بىر نىئمەت ئۇچۇن شۇكۇر لازىم.

كىمنىڭ بار قولى ھەم تىلىدا ئىمكان،
چىققىلى شۇكرىنىڭ ئەھدىدىن ئاسان؟

"ئەي داۋۇد خاندانى! شۇكۇر قىلىڭلار، ھالبۇكى، بەندىلىرىم ئىچىدە شۇكۇر قىلغۇچىلار ئاز."①

---

① قۇرئان 34-سۇرە، 13-ئايەت.

ياخشىدۇر بەندىگە ئۇز قۇسۇرى ئۈچۈن
كەچۈرۈم سورىسا خۇدا ئالدىدا.
ئۇنداق بولمىغاندا خۇداغا لايىق
شۈكرىنى ھىچ ئادەم قىلالماس ئادا.

ئۇنىڭ ھىساپسىز رەھمەت يامغۇرى ھەممە يەرگە تەڭ چۈشىدۇ؛ ئۇنىڭ بەندىمول نىئمەتلىك سېخى داستىخىنى ھەممە جايغا سېلىنغان. ئۇ بەندىلىرىنىڭ نومۇس پەردىسىنى قاتتىق گۇنا سەۋىۋى بىلەن يىرتىپ تاشلىمايدۇ، كۈندىلىك رىزقى-نەسىۋىسىنى نالايىق خاتالىقلار سەۋىۋى بىلەن توختىتىپ قويمايدۇ.

ئەي كەرەم ئىگىسى، غايىپ غەزنەڭدىن
بەھرىمەن قىلىسەن گەبر، تەرسانى.①
دوشمەنلەرگىمۇ نەزىرىڭ چۈشەر،
قۇرۇق قويمايسەن دوست-ئاشنانى.

ئۇ تاڭ شامىلى—فەرراشقا② زۇمرەت گىلەملەر سېلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئىنىكئانا—باھار بۇلۇتىغا زېمىن بوشۇگىدىكى ئۇسۇملۇكلەر قىزلىرىنى (ياش مايسىلارنى) پەرۋىرىش قىلىشنى تاپشۇردى؛ دەرەخلەرنى نورۇزلۇق كىيىم بىلەن—يېشىل ياپراق تون بىلەن كىيندۈرۈپ، ئۇششاق باللىرىنىڭ—شاخ-پۇتاقلىرىنىڭ بېشىغا

① گەبر—ئوتقا چوقۇندىغان بۇتپەرەس؛ تەرسا—خىرىستىيان.
② فەرراش—يەر سۈپۈرگۈچى ھەم توشەك سالغۇچى خىزمەتكار.



باھار پەسلىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن گۈلتاجلارنى قويدى: ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاغزىدىن ياسىغان قۇسۇق ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەڭ ياخشى ھەسەلگە ئايلىنىدۇ: خورما ئۇرۇغى ئۇنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئېگىز دەرەخ بولۇپ قەد كوتىرىدۇ.

بۇلۇت، شامال، ئاي، كۈن، ئاسمان ساڭا خىزمەتتە،
ئەگەر بىر نان كەلسە قولغا، يىمە غەپلەتتە.
ئەتراپىڭدا فەرمانبەردار ھەممە سەن ئۈچۈن،
ئىنساپسىزلىق. ھەق ئەمرىدىن قاچساڭ، ئەلۋەتتە.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، كائىناتنىڭ باشچىسى، مەۋجۇداتنىڭ پەخرى، ئالەم خەلقىنىڭ شەرەپ-شانى، ئادەملەرنىڭ سەرخىلى، زامانىنىڭ كامالەتكە تولغان كىشىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن—

شاپائەتچى، ئەلچى، سەخى، بىغۇبار،
كەرەملىك، ئۇلۇغۋار، ئەزىز، موھرىدار.①

* * *

نەغەم ئۇممەتكە قورغاندىن سېنىڭدەك باشپانا تۇرسا؟
دېڭىز دولقۇنلىرى خەۋپسىز، ئەگەر نۇھ كېمە باشقۇرسا.②

① موھرىدار—ئەرەپچە "ۋەسىم"—دۈمبىسىگە پەيغەمبەرلىك موھرى بېسىلغان دىگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ بىر سۈپىتى.
② رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، نۇھ پەيغەمبەر ئادەم ۋە ھايۋانلارنى كېمىگە سېلىپ توپان سۈيىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان.

* * *

يەتتى يۈكسەككە ئۆز كامالى بىلەن،
يەڭدى زۇلمەتنى نۇر جامالى بىلەن.
نەپىس ھەم كۆركەم ئۇندا بار خىسلەت،
دۇئا قىلىڭ ئاڭا، ئەھلى ئايالى بىلەن.

بىزگە يېتىپ كەلگەن ھەدىستە مۇنداق دىيىلىدۇ: قاچاندا بولمىسۇن، تۇرمۇشى پەرىشان گۇناكار بەندىلەردىن بىرى قوبۇل قىلسا دىگەن ئۈمىت بىلەن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك خۇدانىڭ دەرگاھىدا تۆۋبىگە قول كۆتەرسە، ئەمما ئاللاتائالا ئۇنىڭغا نەزەر قىلمىسا، ئۇ يەنە كەچۈرۈم سورايدۇ، ئاللاتائالا ئىككىنچى قېتىم رەت قىلسا، ئۇ ئادەم يىغا-زارى بىلەن يەنە يالۋۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن ئاللاتائالا ئېيتىدۇ:

"ئەي پەرىشتىلىرىم، بەندەمدىن راستىنلا ئۇيالدىم، چۈنكى ئۇنىڭ مەندىن باشقا پەرۋەردىگارى يوق؛ شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم، ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدىم، ئۇنى ھاجەتتىن چىقاردىم، چۈنكى بەندىنىڭ كۆپ دۇئا ۋە يىغا-زارىسىدىن ئۇيىلىمەن".

قارا، بۇ خۇدا قانچىلىك رەھىمدىل،
گۇنانى قىلار بەندە، ئەمما ئۇ خىجىل.

ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق كەبىسىدە مۇقىم رىيازەت چەككۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ تولۇق ئىبادەت قىلالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ: "ساڭا



لايىقىدا ئىبادەت قىلالمىدۇق" دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ جامالىنى تەرىپ قىلغۇچىلار ھەيرەتتە قېلىپ: "بىز سېنى تېگىشلىك دەرىجىدە تونۇيالمىدۇق" دېيىشىدۇ.

گەر كىشى ۋەسپىنى مەندىن سورىسا،
نىمەدەر بىر دىلسىز، بولمىسا نىشان؟①
ئاشىقلار مەشۇقنىڭ قۇربانى تۇرسا،
ئۆلۈكتىن كەلمەيدۇ ئاۋاز ھېچقاچان.

بىر تەقۋادار② بېشىنى ياقىسىغا چوكۇرۇپ ھەقىقەت دېڭىزىغا غەرق بولغان ئىدى، ئۇ بۇ ھالەتتىن ئۆزىگە كەلگەندە دوستلىرىدىن بىرى چاقچاق قىلىپ: "سەن سەيرە قىلغان بوستاندىن بىزگە نىمە توھپە-كارامەت ئېلىپ كەلدىڭ؟" دەپ سورىدى. "ئېسىمدىكى، — دىدى تەقۋادار، — گۈلنىڭ قېشىغا بېرىش بىلەنلا ئېتىكىمنى (گۈل بىلەن) تولدۇرۇپ، دوستلىرىمغا ھەدىيە قىلاي دىگەن ئىدىم. ئەمما يېتىپ بارغىنىمدا گۈلنىڭ ھىدى مېنى شۇنداق مەس قىلدىكى، ئېتىكىم قولۇمدىن چىقىپ كەتتى".

---

① بۇ مىسرا: "كۆڭلىدىن ئايرىلغان ئاشىق خۇدانىڭ بەلگە-نىشانى بولمىسا، ئۇنىڭ ھەققىدە نىمە دەپ بېرەلەيدۇ؟" دىگەن مەزمۇندا.

② ئەسلى تېكىستتە "صاحبدل" (دىل ئىگىسى). بۇ سۆز "پاكدىل"، "تەقۋادار"، "دانىشمەن" دىگەن كۆچمە مەنىلەردە قوللىنىلماقتا. بىزمۇ ئورنىغا قاراپ قوللاندۇق.

ئەي سەھەرنىڭ بۇلبۇلى ئىشقنى ئۆگەن پەرۋانىدىن،
ئۇ كۆيۈپ ئايرىلدى جاندىن، يوق ئۈنىدىن ھېچ ئەسەر.
ئىشقنى دەۋا قىلغۇچىلار ماھىيەتتىن بىخەۋەر،
تەھتىگە يەتكەن كىشىدىن كەلمىگەي قايتا خەۋەر.

* * *

خىيال، قىياس، ئوي-پەرەزدىن ئۈستۈنسەن خۇدا،
ئېيتىلغاندىن، ئاڭلىغاندىن، ئوقۇغاندىن ھەم.
مەجلىس تۈگەپ، ئۆمرىمىزمۇ ئاخىرغا يەتتى،
ۋەسپىڭدە بىز باشلانغۇچتا قالدۇق تا بۇ دەم.

2

**ئىسلام پادىشاسى ئاتابەك ئەبۇ بەكىر ئىبنى سەئىد ئىبنى زەنگى (ئۇنىڭ سەلتەنىتى ئەبەدى بولسۇن) نىڭ ياخشى سۈپەتلىرى بايانىدا!**

سەئدىنىڭ ياخشى گېپى ئەل ئاغزىدا جاراڭلىماقتا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ شوھرىتى يەر يۈزىگە پۇر كەتكەن، ھېكايىلىرىنىڭ شىرىن مۇڭلىرىدىن خەلق خۇددى شېكەر يېگەندەك لەززەتلەنمەكتە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم قولىيازمىلىرى ئالتۇن ئاقچىدەك قولدىن قولغا ئۆتمەكتە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كامالىتى، ئىستىداتى ۋە بالاغىتىگىلا باغلىق ئەمەس، بەلكى شۇنىڭغىمۇ باغلىقكى، جاھاننىڭ ئىگىسى، زامان دائىرىسىنىڭ ئوق مەركىزى، سۇلەيماننىڭ[1] ئىزباسارى، دىن ئەھلىنىڭ ھىمايەتكارى ئۇلۇغ شەھەنشاھ

---

① سۇلەيمان—سۇلەيمان پەيغەمبەر، داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى. بەزى



ئاتابەك مۇزەففەرەددىن ئەبۇبەكر ئىبنى سەئىد ئىبنى زەنگى[1] (خۇدانىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسى—ئەي پەرۋەردىگار، ئۇنىڭدىن رازى بول ھەم ئۇنى رازى قىل!) سەئدىگە غەمخورلۇق كۆزى بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق ياقتۇردى ۋە سەممىي ئىلتىپات كۆرسەتتى. نەتىجىدە خاس-ئاۋام ھەممە كىشى سەئدىگە مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان بولدى، چۈنكى "خالايىق ئۆز پادىشالىرىنىڭ كۆزقارىشىغا ئەگىشىدۇ".[2]

مەن مىسكىنگە نەزىرىڭ چۈشكەندىن بۇيان،
ئەسەرلىرىم بولدى كۈندىنمۇ ئايان.
گەرچە كۆپ مەن قۇلدا كەمچىلىك-نۇقسان،
ھەر ئەيىبىمۇ ھۈنەردۇر، ياقتۇرسا سۇلتان.

* * *

قولۇمغا بىر كۈنى ھاممامدا بەردى
ئاجايىپ خۇشپۇراق بىر گىلنى[3] دوستۇم.
دېدىم بۇ گىلگە: "سەن ئىپارمۇ-ئەنبەر؟
ھىدىڭدىن مەس بولۇپ شادلاندى كۆڭلۈم!"

---

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پارىس زېمىنى سۇلەيمان پادىشالىقىنىڭ مەركىزىي قىسمى بولغان.

① مۇزەففەرەددىن ئەبۇ بەكر ئىبنى سەئىد ئىبنى زەنگى (1226 — 1258) پارىس ھۆكۈمدارى، سەئدىنىڭ ھىمايىچىسى.

② بۇ جۇملە—ئەرەب ماقالى.

③ گىل—قىزىل توپا. قەدىمقى چاغلاردا كىشىلەر ھاممامدا يۇيۇنغاندا گىلدىن ياسالغان چالمىنى بەدىنىگە سۈرتەتتى.

دېدى ئۇ: "مەن ئېدىم بىر پارچە چالما،
ۋە لېكىن بىر مەھەل گۈل بىرلە تۇردۇم.
ماڭا يۇقتى ئۇنىڭ خىسلەت-كامالى،
بۇ خىسلەت يۇقمىسا، تۇپراقتا ئورنۇم".

ئەي ئاللا، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى بەختىيار قىل؛ ئۇنىڭ ياخشى قىلىقلىرى ۋە ياخشى ئىشلىرىنىڭ ساۋابىنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتكىن؛ دوستلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتەرگىن؛ قۇرئاندا ئوقۇلغان ئايەتلەر ھەققى-ھۆرمىتى، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ۋە قارا نىيەت رەقىبلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىل؛ ئەي خۇدا، ئۇنىڭ مەملىكىتىنى ئامان قىل، بالا-چاقىلىرىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا.

ئۇ بىلەن دۇنيا گۈزەل، كۈلسۇن ئۇنىڭ بەختى ئەبەت،
ھەقتائالا ئۇنى كۈچلۈك ئەيلىسۇن نۇسرەت بىلەن.
بولسا يىلتىز ئۇ ئەگەر، ئاينىيدۇ تېزلا ياش كۆچەت،
ئۇرۇغى بولسا ئېسىل، ئۆسكەي گىيا زىننەت بىلەن.

ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تەگرى شىرازنىڭ① پاك تۇپرىقىنى ئادىل ھاكىملارنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن ھەمدە ئىشچان ئالىملارنىڭ ھىممىتى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ئامانلىقتا ساقلىسۇن!

① شىراز—ئىراندىكى قەدىمقى بىر شەھەر، سەئدىنىڭ يۇرتى.



يوق زاماننىڭ ئاپىتىدىن پارس ئىقلىمىدە غەم،
ئۈستىدە بولسا سېنىڭدەك بىر ئىلاھىي سايىۋان.
يەر يۈزىدە ئۇشبۇ كۈن ھېچكىم بېرەلمەيدۇ نىشان،
ئىشىك ئالدىڭدىن بولەك ھېچيەردە يوق دارىلئامان.
ئاسىرىماق زىممەڭدەدۇر بىچارىلەرنىڭ كۆڭلىنى،
شۈكرى بىزدىن، ئەجرى بەرمەك ھەقتائالادىن ھامان.
ساقلا، تەگرى، پىتنە-جۇدۇندىن پارس تۇپرىقىنى،
تا جاھاندا بار ئىكەن تۇپراق بىلەن شامال-بوران.

## 3

## كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبى

بىر كېچە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمنى ئويلاپ، زايا بولغان ئۆمرۈمگە ئېچىندىم-دە، دىل سارايىچىسىنىڭ تاشلىرىنى كۆز يېشىمنىڭ ئالماسلىرى بىلەن تەشتىم ۋە ئۆز ھالىمغا مۇناسىپ مۇنۇ بېيىتلارنى ئېيتتىم:

ئۆمرۈنى تۈگەتتەر ھەر نەپەس، ھەر ئان،
قارىسام، ئۇنىڭدىن كۆپى قالمىغان.
ئەي كىشى ئۇيقۇدا كەتتى ئەللىك يىل،
بۇ قالغان بەش كۈننى سەن غەنىمەت بىل.
شۇ كىشى خىجىلدۇر، كەتسە ئىش قىلماي،
كۆچۈش ۋاقتى يەتسە يۈكى ئارتىلماي،①

① ئەسلى تېكىستتە: "كۆچۈش دۇمبىقى چېلىنسا، يۈكى تېخى ئارتىلمىسا".

ھارغان چاغ شىرىندۇر ئۇيقۇ سەھەردە،
ياياقنى قالدۇرار يولدىن سەپەردە.
كىمىكى يېگىمدىن سالسا ئىمارەت،
ئۇ كېتىپ، باشقىسى كورىدۇ راھەت.
ۋە لېكىن باشقىدا يەنە شۇ ھەۋەس،
ھېچكىم بۇ بىنانى پۈتتۈرگەن ئەمەس.
بىۋاپا دوست بىلەن بولمىغىن ئاشنا،
بۇ خائىن دوستلۇققا يارىماس ئەسلا.
ياخشىمۇ، يامانمۇ ئۇلەر ئاقىۋەت،
ياخشى ئىش قىلغانلار تاپار سائادەت.
لازىملىقنى كورگەسەن ئۇزەڭ ماڭدۇر،
ئارقاڭدىن ئەۋەتمەس، ماڭغۇزغىن بالدۇر.
ئۇمۇر قار گوياكى تومۇز كۈندە —
ئاز قالدى، ئىگىسى مەغرۇر كۈلكىدە.
ئەي كىشى بازارغا بارسەن پۇل يوق،
قورقمەن ياغلىغىڭ قايتارمۇ قۇرۇق.
ئاشلىقنى خام ئورۇپ يەپ بولسا ھەركىم،
خامانىڭ ۋاقتىدا باش تېرىش لازىم.

ئاشۇ بېيىتلارنىڭ مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ كورگەندىن كېيىن مەن خىلۋەت بىر جايغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشنى توختىتىشنى، دەپتەرنى بىھۇدە گەپ-سوزلەردىن تازىلاشنى ۋە مۇندىن كېيىن بىھۇدە سوزلىمەسلىكنى ماقۇل كوردۇم.



بىر بولۇڭدا ئۇندىمەي تۇرغان كېسىك تىل. گاس قۇلاق. تىلىنىڭ تىزگىنى يوق ۋات-ۋات ئادەمدىن ياخشىراق.

(شۇ پەيتتە) بىر كاجۇىدا مۇڭداش① ۋە بىر ھوجرىدا ساۋاقداش بولۇپ ئولتۇرغان دوستلىرىمدىن بىرسى ئىشىگىمدىن كىرىپ كەلدى-دە، بىردىنلا چاقچاق باشلاپ، قىزىقچىلىق بىساتىنى يايدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمىدىم. ئىبادىتىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، بېشىمنى تىزىمدىن ئالمىدىم. ئۇ رەنجىگەن ھالدا ماڭا قارىدى-دە، دىدى:

گەپ ئاچقىن بۇرادەر خوشاللىق بىلەن،
بۇگۈن سوز قىلىشقا بار ئىمكان ساڭا.
تىلىڭنى يىغارسەن بولۇپ نائىلاج،
ئەجەل يەتسە ئەتە پۇشايمان ساڭا.

يېقىن كىشىلىرىمدىن بىرسى بۇ ۋەقەنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشەندۇرۇپ: "بۇ ئادەم قالغان ئومرىنى ئېتىكافتا ئولتۇرۇش② بىلەن ئوتكۈزۈشكە قارار قىلدى ۋە سوز ئاچماسلىققا نىيەت قىلدى. قولۇڭدىن كەلسە، سەنمۇ ئەقلىڭنى تېپىپ، كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماسلىق يولىنى تۇتقىن!" دىۋىدى، دوستۇم مۇنداق دىدى: "خۇدانىڭ

① بىر كاجۇىدا مۇڭداش بولۇش — سەپەرداش بولۇش مەنىسىدە. بىر توگىنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى كاجۇا ئارتىلىپ، ئىككى ئادەم ئولتۇرىدۇ.

② ئېتىكافتا ئولتۇرۇش — مەلۇم مۇددەت جايىدىن قوزغالماي ئىبادەت قىلىش.

ئۇلۇغلۇغىنىڭ ھەققى-ھورمىتى ۋە بىزنىڭ قەدىناسلىغىمىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن (قەسەم قىلىمەنكى)، تاكى بۇرۇنقى ئادىتىمىز بويىچە ۋە قەدىمدىن كېلىۋاتقان قائىدىگە مۇۋاپىق بىرەر سوز ئېيتىلمىغىچە دىمىمنى ئالمايمەن ۋە بىر قەدەم نېرى سىلجىمايمەن. چۈنكى دوستلارنى رەنجىتىش نادانلىق، قەسەمنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئاسان، ئەلىنىڭ زۇلفىقارى① قىنىدا تۇرسۇن، سەئدىنىڭ تىلى ئاغزىنىڭ ئىچىدە بولسۇن دېيىش ئاقىلانىلىق ئەمەس ۋە دانىشمەنلەرنىڭ پىكرىگە خىلاپ».

ئەي ئاقىل، نىمەدۇر ئېغىزدىكى تىل؟
ئۇ پەن ئەھلىنىڭ غەزنە ئاچقۇچى.
ئېتىك بولسا ئىشىگى بىلەمدۇ كىشى
دارىگەرمۇ ئۇندا، گوھەر ساتقۇچى؟

* * *

گەرچە دانا ئېيتۇر: سۇكۇت ساقلاش ئەدەپ،
زەرۇر چاغدا سوزلەشكە سەن ھەر دەم تىرىش.
ئىككى نەرسە ئەقىلسىزلىق: زەرۇر چاغدا —
سوزلىمەسلىك يا بىمەزگىل چەكتىن ئېشىش.

قىسقىسى، تىلىمنى سوزدىن تارتىشقا قادىر بولالمىدىم ۋە ئۇنىڭ

① ئەلىنىڭ زۇلفىقارى — رىۋايەت بويىچە، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كۇيوغلى ئەلىنىڭ قىلىچى ھەمىشە جەڭدە ئىشقا سېلىنىپ، قىنىدا تۇرمىغانلىغى بىلەن داڭ چىقارغان.



سوھبىتىدىن يۈز ئورۇشنى ئادەمگەرچىلىك دەپ بىلمىدىم، چۈنكى ئۇ ياخشى بۇرادىرىم ۋە سادىق دوستۇم ئىدى.

ئەگەر جەڭچى بولساڭ، كېرەك جەڭ ئېچىش،
كېرەكتۇر يېگىش ياكى بەزەن قېچىش.

ئاخىر بولماي، ئۇنىڭ بىلەن سوزگە كىرىشىپ قالدۇق ۋە سەيلە-تاماشا ئۈچۈن شەھەرنىڭ تېشىغا چىقتۇق. بۇ باھار پەسلى بولۇپ، سوغاقنىڭ كۈچى قالمىغان ئىدى ۋە گۈللەرنىڭ سەلتەنەت سۈرىدىغان ۋاقتى كەلگەن ئىدى.

چوكان تاللار كىيىشىپتۇ يېشىل كوينەك،
بەختىيارلار خۇددى ھېيتقا ياسانغاندەك.

* * *

جالال ئېيى① ئۇرد بېھىشت② بېشى ئىدى،
شاخ-شاخلاردا بۇلبۇل ئەجەپ كۈيلەر ناۋا.

① جالال ئېيى — ئىرانلىقلاردا 11-ئەسىردە ئىشلەنگەن بىر خىل يىل ھىساۋى كالىندارى. بۇ كالىندارنى مەشھۇر شائىر ئومەر ھەييام يېتەكچىلىگىدە بىر گۇرۇپپا ئاسترونوملار ئىسفاھان رەسەتخانىسىدا ئىشلەپ چىققان. بۇ كالىندار سەلجوقىلارنىڭ سۇلتانى جالالىدىن مالىك شاھنىڭ (1070 — 1092) تەشەببۇسى بويىچە تۈزۈلگەچكە، ئۇنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ. شۇڭا "جالال دەۋرى"، "جالال ئېيى" دەپ ئاتالغان.

② ئۇرد بېھىشت — ئىراننىڭ كونا يىل ھىساۋى بويىچە باھارنىڭ 2-ئېيى.

قىزىل گۈلگە ئۈنچە-شەبنەم خوپ ياراشقان،
جانانلارنىڭ مەڭزىدىكى تەردەك گويا.

كېچىنى بىر دوستىمىزنىڭ باغچىسىدا ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. بۇ كىشىنىڭ بەھرىنى ئاچىدىغان خۇش ھاۋالىق بىر جاي ئىدى. كۆڭۈلنى تارتىدىغان، باراقسان دەرەخلەر بىر بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ جاينى بىر كۆرسەڭ، ئۇنىڭ تۇپرىقىغا رەڭمۇ-رەڭ شىشە پارچىلىرى تۆكۈلۈپتۇ، تاكىلىرىغا ھۆكەر يۇلتۇزى ئېسىلىپتۇ، دىگەن بولاتتىڭ.

بىر باغكى، ئېرىقتا ھاياتبەخش سۇ،
شاخلاردا قۇشلار نەغمىسى ياڭراق.
چەمەنلەر لاللارغا لىق تولغان،
خىلمۇ-خىل مىۋىلەرگە باي ھەر ياق.
دەرەخلەر ئاستىدا غۇر-غۇر شامال،
گىلەمدەك بىزەلگەن گۈزەل تۇپراق.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇيگە قايتىش پىكرى تۇغۇلۇپ، بۇ پىكىر بۇ يەردە ئولتۇرۇش خاھىشىمىزدىن ئۈستۈن كېلىپ قالدى. قارىسام، دوستۇم شەھەرگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئېتىگىنى گۈل ۋە رەيھان، سۇنبۇل ۋە قىزىل چېچەكلەر بىلەن تولدۇرۇپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا دىدىم: "بوستاننىڭ گۈللىرىنى ئۆزەڭ بىلىسەن، ئۇزۇن تۇرمايدۇ، گۈلىستان مەۋسىمىنىڭ ۋاپاسى يوق. دانالار ئېيتقانكى، 'ئۇزۇن تۇرمايدىغان نەرسىگە كۆڭۈل بەرمەسلىك لازىم!'" ئۇ دىدىكى: "ئەمسە، ئىشنىڭ



يولى قانداق؟" مەن دىدىم: "كىتاب كۆرگۈچىلەرنىڭ زوقلىنىشى ۋە ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن مەن گۈلىستان كىتاۋىنى يېزىپ چىقىشقا قادىرمەنكى، ئۇنىڭ ۋاراقلىرىغا كۈز شامىلىنىڭ رەھىمسىز قولى قەست قىلالمايدۇ، يىل پەسىللىرىنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ باھارىنىڭ پەيزىنى كۈز پەسلىنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىگە ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

نە پايدا گۈلدىن ئالساڭ بىر تاۋاق؟
گۈلىستانىمدىن ساقلا، بىر ۋاراق.
گۈلنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ،
بۇ گۈلىستان مەڭگۈ سولمايدۇ."

شۇ سوزنى قىلىۋىدىم، ئۇ ئېتىگىدىكى گۈلنى يەرگە توكتى-دە، پېشىمگە ئېسىلىپ: "سېخى ئادەم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ!" دىدى. شۇ كۈنىلا «مۇناسىۋەت قائىدىلىرى ۋە سوھبەت ئۇسۇللىرى ھەققىدە» دىگەن بىر باپ يېزىلىپ ئاقفا كۆچۈرۈلدى ۋە شۇنداق كىيىم بىلەن ياساندۇرۇلدىكى، ناتىقلارغا ئەسقاتقۇدەك ۋە يازغۇچىلارنىڭ سوز ماھارىتىنى ئاشۇرغۇدەك بولۇپ چىقتى. قىسقىسى، باغچىنىڭ گۈللىرى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا گۈلىستان كىتاۋى يېزىلىپ بولدى. ئەمما بۇ كىتاپ جاھاننىڭ پاناھى بولمىش شاھنىڭ بارگاھىدا يەنى خۇدانىڭ سايىسى، پەرۋەردىگار لۇتپىنىڭ نۇر-جۇلاسى، زاماننىڭ مەشھۇر كىشىسى، ئاماللىقنىڭ قورغانى، ئاسماندىن كۈچ-نۇسرەت تاپقان، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىپ چىققان، قۇدرەتلىك دولەتنىڭ قول-بىلىگى، دىنىنىڭ ئەڭ روشەن چىرىغى، ئىنسانلارنىڭ ھوسنى-

جامالى، ئىسلامنىڭ پەخرى، سەئد ئىبنى ئاتابەك ئەئزەم، ئۇلۇغ شەھەنشاھ، خەلقلەرنىڭ خوجىسى، ئەرەپ ۋە ئىران پادىشالىرىنىڭ ھامىسى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلارنىڭ سۇلتانى، سۇلەيمان سەلتەنە-تىنىڭ ۋارىسى، موزەففەرەددىن ۋەددۇنىيا ئەبۇبەكر ئىبنى سەئد ئىبنى زەنگى (ئاللا بۇ ئىككەيلەننىڭ بەخت-ئىقبالىنى ئۇزۇن قىلسۇن، ئۇلۇغلۇغىنى نەچچە ھەسسە زىيادە قىلسۇن، ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلسۇن!)نىڭ بارگاھىدا ئېتىۋارغا ئىگە بولسا ھەمدە ئۇ بۇ كىتاپنى شاھلارغا خاس ئىلتىپات نەزىرى بىلەن ئوقۇپ چىقسا، ئاندىن ھەققى پۈتكەن بولىدۇ.

بۇ كىتاپقا بەرسە شاھنىڭ ئىلتىپاتى زىب-بىزەك،
بولغۇسىدۇر چىن رەسىملەر ئۆيى①، ئەرژەڭ② نەقشىدەك.
زور ئۈمىت بار، شاھ سوزۇمدىن زېرىكىپ باش تارتمىسا،
چۈنكى ھەرگىز بۇ گۈلىستان جاي ئەمەس زېرىككىدەك.
مۇھىمى: دىباچەدە سەئد ئىبنى ئەبۇبەكر زەنگىنىڭ③
قۇتلۇق نامى قەيت قىلىندى، بۇ سائادەتتىن دېرەك.

---

① چىن رەسىملەر ئۆيى — جۇڭگودىكى رەسىم-ھەيكەللەرگە باي بۇددا ئىبادەتخانىسى.

② ئەرژەڭ — مانىلارنىڭ ئاجايىپ رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن مۇقەددەس كىتاۋىنىڭ ئاپتورى ۋە رەسسامى.

③ سەئد ئىبنى ئەبۇبەكر ئىبنى سەئد ئىبنى زەنگى — پارسىنىڭ ھوكۇمدارى. ئۇ ياش چېغىدا (1258-يىل) مەلۇم كېسەللىك سەۋىۋى بىلەن ۋاپات قىلغان، بار-يوقى 12 كۈن پادىشالىق قىلغان. ئاپتور گۈلىستان كىتاۋىنى مۇشۇ كىشىگە بېغىشلىغان.



4

## ئادىل ئەمىر پەخرىددىن ئەبۇبەكىر ئىبنى ئەبۇ نەسرنىڭ گۈزەل ئەخلاقى باياندا

يەنە (شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى،) پىكرىمنىڭ كېلىنى ھوسۇن-جامالسىزلىقتىن باش كوتىرىپ تۇرالمايدۇ، ئۈمىتسىزلىك نەزىرىنى خىجىللىق ئايىغىنىڭ ئۈستىدىن ئالالمايدۇ ۋە قەلب ئىگىلىرىنىڭ جەمىيىتىدە نۇر چاچالمايدۇ، پەقەت ئۇلۇغ، ئالىم، ئادىل، غالىپ ئەمىر، زەپەر ئىگىسى، سەلتەنەت تەختىنىڭ يولەنچۈكى، دولەت ئىشلىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى، پەقىرلەرنىڭ ھىمايىچىسى، غېرىپ-لارنىڭ باشپاناھى، ئالىملارنىڭ تەربىيىچىسى، تەقۋادارلارنىڭ دوستى، پارس خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، مەملىكەتنىڭ مادارى، دولەت ئەرباپلىرىنىڭ باشچىسى، دولەت ۋە دىنىنىڭ پەخرى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھامىسى، پادىشا-سۇلتانلارنىڭ تايانچى ئەبۇبەكر ئىبنى ئەبۇنەسر① (ئاللا ئۇمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، دولىتىنى زىيادە قىلسۇن، قەلبى-كوكسىنى كەڭ قىلسۇن، ئەجرىنى نەچچە ھەسسە كوپەيتسۇن!)نىڭ قوبۇل-ئىلتىپاتىدىن زىننەت تاپسا، ئەنە شۇ چاغ-دىلا ئۇ جىلۋە بېرەلەيدۇ، چۈنكى بۇ زات پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۇلۇغلىرى تەرىپىدىن مەدھىيىلەنگەن، جىمى گۈزەل ئەخلاق بۇ كىشىدە مۇجەسسەملەنگەن.

---

① ئەبۇبەكر ئىبنى ئەبۇنەسر — پارس ھوكۇمدارى ئەبۇبەكر ئىبنى سەئد ئىبنى زەنگىنىڭ ۋەزىرى.

ھەركىمگە ئۇنىڭدىن ئىنايەت بولۇر،
دۈشمىنى دوست، گۇناھى تائەت بولۇر.

قالغان بارلىق قۇللار ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ھەرقايسىسىغا مۇئەيـيەن بىر خىزمەت تەيىن قىلىنغان. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى (ئاشۇ خىزمەتنى) ئادا قىلىشتا بىپەرۋالىق ۋە خۇشياقماسلىقنى راۋا كۆرسە، ئۇ چاغدا ئۇ جاۋاپكارلىققا تارتىلىپ، كايىشقا ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇلۇغـلارنىڭ نېمىتىگە شۈكرى قىلىشى، ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇشى ۋە ياخشى دۇئادا بولۇشى لازىم بولغان دەرۋىشلەر① قاتلىمىغا كەلسەك، ئۇلار بۇنداق خىزمەتنى ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىدا ئادا قىلغاندىن كۆرە، يوق چاغلىرىدا بېجىرگىنىنى تۈزۈك، چۈنكى ئۆزى بار چاغدا دۇئا قىلسا خۇشامەت-ياسىمچىلىققا يېقىن بولىدۇ، يوق يەردە دۇئا قىلسا رىيادىن يىراق بولىدۇ ۋە تېزرەك ئىجاۋەت بولىدۇ.

شادلىنىپ، رۇسلاندى مۆكچەيگەن پەلەكنىڭ دۈمبىسى،
تاكى سەندەك بىر ئوغۇل تۇغقاچقا دەۋرانغا ئانا.
بۇمۇ بىر ھىكمەت، قاراڭكى، ئاممىغا مەسلەت ئۈچۈن
قىلدى تەئيىن بەندىنى شەپقەت بىلەن قادىر خۇدا.
كىمكى ئۆتسە ياخشى نامدا، بەختى باقىدۇر ئۇنىڭ،
ياخشىلىقتىن ياخشى نامى قالغۇسىدۇر ئەل ئارا.
سېنى ئالىم ماختىسۇن، ماختىمىسۇن، ھېچگەپ ئەمەس،
قىلمىغاي مەششاتە② لازىم بىر پەرى يۈز دىلرەبا.

① "دەرۋىش" سۆزىنى شائىر ئىككى مەنىدە ئىشلىتىدۇ: 1) كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل، ساياق؛ 2) جاھان كېزىپ يۈرىدىغان سوپى دەرۋىش.
② مەششاتە — قىز-كېلىنلەرنى ياساندۇرىدىغان ئايال.



## 5

مېنىڭ پادىشا بارگاھىدىكى قۇسۇرۇم ۋە خىزمەتتىن ئۆزەمنى چەتكە تارتىشىم شۇنىڭغا بىنائەن بولغانكى، بىر توپ ھىندىستان ھەكىملىرى بۇزۇرجۇمھىرنىڭ① پەزىلەتلىرى توغرىلىق گەپ-سۆزدە بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق كەمچىلىكىنى تاپالمىغان، ئاخىرى ئۇنىڭ پەقەت بىرلا كەمچىلىكىنى تىلغا ئېلىشقان، ئۇ گەپتە ئەزمە ئىكەن، يەنى سۆزنى بەك كېچىكتۈرۈپ سۆزلەيدىكەن، ئاڭلىغۇچىلار ئۇ سۆز ئاچقىچە ئۇزاق كۈتۈپ قالىدىكەن. بۇزۇرجۇمھىر بۇنى ئاڭلاپ شۇنداق دېگەن:

"ئاپلا، بۇ سۆزنى نېمىشقا دېگەندىمەن! دەپ پۇشايمان قىلغاندىن كۆرە، نېمە دېسەم بولار، دەپ ئۇزۇن ئويلىغان ياخشى!"

نۇتۇقتا چىنىققان ياشانغان كىشى
سۆز ئاچماقتىن ئالدىن پىكىردۇر ئىشى.
پىكىر قىلماي ھەرگىز زۇۋان سۈرمىگىن،
گۈزەل سۆزلە، مەيلى كېيىن سۆزلىگىن.
بۇرۇن پۇختا ئويلاپ، قىل سۆزگە جۈرئەت،
"بەس!" دېيىشتىن ئالدىن سۆزۈڭنى تۈگەت.

① بۇزۇرجۇمھىر — ساسانىلار شاھى نۇشىرۋاننىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى. ئۇ دانىشمەن، پەيلاسوپ دەپ داڭ چىقارغان.

ئۇلاغدىن كىشى تىل بىلەن ياخشىراق،
خاتا سۆزلىسەڭ، سەندىن ئارتۇق ئۇلاغ.

بولۇپمۇ ئەتراپىغا مەرىپەت ئىگىلىرى جەم بولغان ۋە چوڭقۇر بىلىملىك ئالىملار توپلانغان پادىشا ھەزرەتلىرىنىڭ (ئۇنىڭ غەلىبىسى شان-شەرەپ قازانسۇن!) ئەمەلدارلىرى كۆز ئالدىدا سۆزۈمنى يورغىلىتىشقا باتۇرلۇق قىلسام، بىئەدەپلىك قىلغان بولىمەن ۋە ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەرنى ئالى ھەزرەت ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلگەن بولىمەن؛ چۈنكى مۇنچاق جەۋھەر پۇرۇشلار بازىرىدا بىر دانە ئارپاچىلىك قىممەتكە تۇرمايدۇ، چىراغنىڭ يورۇغى ئاپتاپتا كۆرۈنمەيدۇ، ئىگىز مۇنار ئەلۋەند تېغىنىڭ① ئېتىكىدە پەسلا كۆرۈندۇ.

كىمكى كۆرەڭلەپ سۆزسا بويۇن،
بېشىغا دۈشمەن سالىدۇ ئويۇن.
سەئدى جىم ياتقان ئازادە بىر تەن،
چېلىشماس ھېچكىم ياتقۇچى بىلەن.
ئەۋۋەل ئوي-پىكىر، ئاندىن سوڭ كالام،
دەسلەۋدە ئۇل، ئۇندىن كېيىن تام.

باغۋەنلىك قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، ئەمما بوستاندا ئەمەس، مەن گۈزەللىك بىلەن سودا قىلىمەن، لېكىن كەنئاندا

① ئەلۋەند — ئىراندىكى ئىگىز بىر تاغ. ھەمەدان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.



ئەمەس.①

لۇقماندىن: "ھېكمەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ: "قارىغۇلاردىن ئۆگەندىم، چۈنكى ئۇلار ماڭىدىغان يېرىنى سىيپىلاپ بىلىۋالماي تۇرۇپ، ئاياغ باسمايدۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

"كىرىشتىن بۇرۇن چىقىشنى ئويلا"②.

* * *

(ئاۋال) ئەرلىكىڭنى سىناپ كۆر، ئۇندىن كېيىن خوتۇن ئال.

* * *

خورازلار سوقۇشتا بولسىمۇ چاققان،
مىس تىرناق لاچىنغا قاچان جەڭ ئاچقان؟
مۈشۈك شىر بولىدۇ چاشقان تۇتۇشتا،
لېكىن ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىدا چاشقان.

ئەمما بىز، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرىغا كۆز سالمايدىغان ۋە كىچىكلەرنىڭ گۇناھلىرىنى يۈزىگە سالمايدىغان ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئالىجاناب ئەخلاقىغا تايانغان ھالدا بۇ كىتاپقا نادىر ۋەقەلەر، تەمسىللەر، شېئىرلار، ھېكايەتلەر ۋە ئۆتمۈشتىكى پادىشالارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا ئائىت بىرقانچىلىغان سۆزلەرنى قىسقا شەكىللەر بىلەن كىرگۈزدۇق. بۇنىڭغا قىممەتلىك ئۆمرىمىزنىڭ بىر

① كەنئان — يۇسۇپ پەيغەمبەرنىڭ يۇرتى، قۇددۇس بىلەن دەمەشق ئارىسىدا. يۇسۇپ پەيغەمبەر گۈزەللىك بىلەن داڭ چىقارغانلىقتىن، شائىر بۇ يەردە كەنئاننى تىلغا ئالغان.

② ئەرەپ ماقالى.

قىسمى سەرپ قىلىندى. گۈلىستان كىتاۋىنى يېزىشتىكى سەۋەپ مانا شۇ ئىدى — ياردەم ئاللادىن!

بۇ نەزمە، بۇ ئەسەر ئۇزۇن يىل قالسۇن،
توپىمىز ھەر جايدا بولسىمۇ توزان.
غەرەز شۇكى، بىزدىن بىر نىشان قالسۇن،
چۈنكى يوق بارلىقتا بەقا① ھېچقاچان.
دۇئا قىلار بىر كۈن رەھمىتى بىلەن
دەرۋىشلەر، ئىشىغا قەلبى پاك ئىنسان.

كىتابنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىۋى ۋە بابلارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىغا دىققەت-نەزىرىمىزنى تىككەندە، سوزنى قىسقا قىلىشنى لايىق كۆرۈپ، بۇ گۈزەل باراقسان باغچىغا جەننەتتەك ئوخشاش سەككىز ئىشىك قويۇش قارارىغا كەلدۇق. زېرىكىش تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن ماۋزۇلار قىسقا بولدى.

① بەقا — دائىملىق، تۇرغۇنلۇق، مەڭگۈلۈك.



بىرىنچى باب پادىشالارنىڭ خۇلقى-ئادىتى توغرىسىدا
ئىككىنچى باب دەرۋىشلەرنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا
ئۈچىنچى باب ئازغا قانائەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا
تۆتىنچى باب سۈكۈت قىلىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا
بەشىنچى باب ئىشق ۋە ياشلىق توغرىسىدا
ئالتىنچى باب ئاجىزلىق ۋە قېرىلىق توغرىسىدا
يەتتىنچى باب تەربىيىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا
سەككىزىنچى باب مۇناسىۋەت قائىدىلىرى توغرىسىدا

ئۇ چاغ بىزگە ئىدى بىر ياخشى پۇرسەت،
ئىدى ئاتلە يۈز ئەللىك ئاتلە ھىجرەت.①
نەسىھەت ئىدى مەقسەت، ئاڭا يەتتۇق،
خۇداغا تاپشۇرۇپ قويدۇق ۋە كەتتۇق.

① بۇ يەردە كىتابنىڭ ھىجرىيىنىڭ 656-يىلى يېزىلغانلىقى بايان قىلىنغان. مىلادىنىڭ 1258-يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

## بىرىنچى باپ

# پادىشالارنىڭ خۇلقى-ئادىتى توغرىسىدا

### ھېكايەت (1)

ئاڭلىشىمچە، بىر پادىشا بىر ئەسىرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان. بىچارە ئۈمىتسىز ھالەتتە پادىشانى يامان تىل بىلەن تىللاشقا باشلىغان. چۈنكى كىشىلەر ئېيتقاندەك، كىمكى جېنىدىن ئۈمىت ئۈزسە كۆڭلىدىكى ھەممە گېپىنى ئېيتىۋالىدۇ.

ۋاقىت تار، قېچىشقا قالمىسا ئامال،
ئاجىز قول قىلىچقا ئېتىلار دەرھال.

* * *

ئۈمىتسىز ئادەمنىڭ ئۇزۇرار تىلى،
مەغلۇپ مۈشۈك ئۆزىنى ئىتقا ئاتقاندەك.

پادىشا سورىدى: "نېمە دەيدۇ ئۇ؟" ئالىجاناپ ۋەزىرلىرىدىن بىرى جاۋاپ بەردى: "ئەي پادىشاھىم، ئۇ ئېيتىدۇركى، جەننەت غەزىپىنى يۇتكۈچىلەر ۋە خەلقنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرگۈچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغاندۇر."①

① قۇرئان، 3 - سۈرە، 134 - ئايەت.



پادىشانىڭ رەھمى كېلىپ، ئەسىرنىڭ خۇنىدىن ئۆتتى. بايىقى ۋەزىرگە زىت بولغان يەنە بىر ۋەزىر: "بىزنىڭ خىلىمىزدىكى كىشىلەرگە پادىشانىڭ ھوزۇرىدا راست سۆزدىن باشقىنى دېيىش لايىق ئەمەس. بۇ ئەسىر پادىشاغا دەشنام بېرىپ، نالايىق سۆزلەرنى قىلدى" دېدى. پادىشا بۇ سۆزدىن بوينىنى تولغىدى-دە، دېدى: "ماڭا سېنىڭ راست سۆزۈڭدىن كۆرە، ئۇنىڭ يالغان سۆزى ماقۇل كەلگەن ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ يالغان سۆزى يارىشىش جەھەتىدىن ئېيتىلغان ئىدى، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ يامانلىق قىلىشقا قارىتىلغان. ھالبۇكى، ئاقىللار: پىتنە تۇغدۇرىدىغان راست سۆزدىن ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان يالغان سۆز ئەۋزەل دېگەن."

كىمكى شاھقا سۆزىنى ئۆتكۈزسە،
ئەپسۇسدۇر تىلىنى يامانغا يۈرگۈزسە.

فەرىدۇن① سارىيىنىڭ پەشتىقىغا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

جاھان، دوستۇم، ھېچكىمگە باقى ئەمەس،
جاھاننى ياراتقانغا دىل باغلا، بەس.
جاھان مۈلكىگە ھېچ ئۈمىت باغلىما،
بېقىپ كۆپنى سەندەك، جان ئالدى يانا.
كېتەر بولسا پاك جان، پەرق ئەتمەك نېمە؟
زېمىندا ۋە يا تەختتە ئۆلمەك نېمە؟

① فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى شەخسلەرنىڭ بىرى.

## ھېكايەت (2)

خۇراسان شاھلىرىدىن بىرى سۇلتان مەھمۇد ئىبنى سەبۇكتېگىننى① چۈشەپ قاپتۇ. گويا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى چىرىپ تۇپىغا ئايلانغانىمىش، پەقەت ئىككى كۆزى ساق بولۇپ، چانىغىنىڭ ئىچىدە مولدۇرلەپ تۇرارمىش. بارلىق ھوكۇما بۇ چۈشكە تەبىر بېرىشتىن ئاجىز قالدى، پەقەت بىر دەرۋىش چۈشىنىڭ تېگىگە يېتىپ: "مېنىڭ پادىشالىقىم باشقىلارنىڭ قولىدا نىمە بولۇۋاتقاندۇ، دەپ ھېلىھەمچە قاراپ تۇرغان!" دېدى.

نۇرغۇن نامدارلار يەرگە دەپنە قىلىندى،
يەر يۈزىدە ئۇلاردىن نام-نىشان قالمىدى.
يەرگە تاپشۇرۇلغان كونا جەسەتنى
تۇپا يەم قىلدىكى، ھەتتا ئۇستىخان قالمىدى.
نۇشىرۋاننىڭ② نامى ياخشىلىق بىلەن تىرىك،
كۆپ چاغ ئۆتۈپ، دېيىلسىمۇ: نۇشىرۋان قالمىدى.
ياخشىلىق قىل، ئەي پالانى، ئۆمرۈڭنى غەنىمەت بىلىپ،
مۇنۇ خەۋەردىن ئالدىنراقكى: پالان قالمىدى.

---

① سۇلتان مەھمۇد ئىبنى سەبۇكتېگىن — غەزنىۋىلەرنىڭ قۇدرەتلىك سۇلالىسىگە ئاساس سالغۇچى مەشھۇر بىر پادىشا.

② نۇشىرۋان — سامانىلار شاھى (531 — 579).



## ھېكايەت (3)

ئاڭلىشىمچە، بىر شاھزادە بويى پاكار، كۆرۈمسىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى ئېگىز بويلۇق، چىرايلىق ئىكەن. بىر قېتىم ئاتىسى ئۇنىڭغا يىرگىنىش ۋە پەس نەزەر بىلەن قارىغان ئىدى، ئوغۇل بۇنى پاراسەت ۋە چېچەنلىك بىلەن سېزىپ قېلىپ مۇنداق دېدى: "پاكار دانىشمەن ئۇزۇن-تۇرا ئەخمەقتىن ياخشى. قامىتى ئېگىز بولسىلا قەدرى-قىممىتى ئۈستۈن بولۇۋەرمەيدۇ، چۈنكى قوي پاكىز، پىل پاسكىنا."

يەر يۈزىدە ئەڭ كىچىك تاغ تۇر سىنا① ئەمما ئۇنىڭ ئورنى چوڭدۇر قەدرى-قىممەتتە خۇدانىڭ ئالدىدا.

* * *

ئاڭلىدىڭمۇ سېمىز ئەخمەققە
بىر كۈنى دېدى بىر ئورۇق دانا:
"ئورۇق بولسىمۇ ئەرەبنىڭ ئېتى،
سېمىز ئېشەكتىن بەرىبىر ئەلا."

ئاتىسى كۈلۈپ كەتتى، دۆلەت ئەرباپلىرىغا بۇ سۆز ماقۇل كەلدى، ئەمما ئاكا-ئۇكىلىرى قاتتىق رەنجىدى.

---

① تۇر سىنا — يەھۇدىلار بىلەن مۇسۇلمانلار قەدىمدىن مۇقەددەس بىلىدىغان بىر تاغ.

كىشى بىرەر سوز دىمىگەن بولسا،
كەمچىلىك، خىسلىتى بولۇر پىنھان.
چىپار نەرسىنى جۇۋا دىمىگىن،
بولمىسۇن يولۋاس ئۇخلاپ ياتقان.

ئاخىلىشىمچە، شۇ ئارىدا كۈچلۈك بىر دۈشمەن پادىشاغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى يۈزمۇ-يۈز سەپ تارتقاندا، جەڭ مەيدانىغا بىرىنچى بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن كىشى ئاشۇ يىگىت بولۇپ، ئۇ:

مەن ئەمەسمەن ئۇ كىشى، ئارقامنى كورسەڭ جەڭ كۈنى،
شۇ كىشى مەنكى، كورەرسەن بېشى قان تۇپراق ئارا.
جەڭگە كىرسە ھەر كىشى قانى بىلەن ئويىنار پەقەت،
كىمكى قاچسا جەڭ كۈنى لەشكەرگە بولغاي چوڭ بالا.

دىدى-دە، ئۆزىنى دۈشمەن قوشۇنىغا ئېتىپ، پەھلىۋانلىرىدىن بىرقانچىسىنى غۇلىتىۋەتتى. ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگەندە يەر ئوپۇپ مۇنداق دىدى:

ئەي كىشى، كورۇندۇم بىچارە ساڭا،
گەۋدىلىكنى سەن ئەمدى چوڭ بىلمە،
كارغا كەلگەي ئورۇق ئات جەڭدە،
سەمرىتكەن كالىدىن كەلمەس ھىچنىمە.



ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دۈشمەننىڭ ئەسكىرى بىقىياس كوپ بولۇپ، بۇلار ئاز ئىدى. شۇڭا بىر توپ ئەسكەر قېچىشقا يۈز تۇتقان. بۇ چاغدا شاھزادە نەرە تارتىپ: "ئەي باتۇرلار، غەيرەت قىلىڭلار ياكى ئايالالارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋېلىڭلار!" دىگەن.

ئۇنىڭ سوزى بىلەن ئاتلىقلارنىڭ غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، ھەممە بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئوتكەن. ئاخىلىشىمچە، ئۇلار شۇ كۈنىلا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان. پادىشا ئوغلىنىڭ يۈز-كوزىدىن سويۈپ قۇچاقلىغان ۋە ئۇنىڭغا كۈندىن-كۈنگە مېھرىۋانلىق بىلەن قارىغان. ئاخىردا ئۇنى ئوزىنىڭ تەختى ۋارىسى قىلىپ جاكالىغان.

ئاكا-ئۇكىلىرى ھەسەت قىلىشىپ، ئۇنىڭ تائامىغا زەھەر سالغان. بۇ ئىشنى سىڭلىسى ھوجرىسىدا تۇرۇپ كورۇپ قېلىپ، دەرىزىسىنى چەككەن. يىگىت چۈشىنىپ، تائامىدىن قولىنى تارتقان ۋە مۇنداق دىگەن: "ئىش بىلەرمەنلەر ئۆلسۇن، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسسۇن!" دىيىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ھۇقۇش سايىسىگە كەلمىگەي ئادەم،
ھۇما قۇش[1] جاھاندىن يوقالغاندا ھەم.

ئاتىسى بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ئاكا-ئۇكىلىرىنى چاقىرتىپ، تېگىشلىك ئەدىۋىنى بەرگەن. شۇندىن كېيىن ھەرقاي-

[1] ھۇما — خەلق ئىچىدە بەخت قۇشى دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇشنىڭ ئىسمى. رىۋايەت بويىچە ھۇمانىڭ سايىسى بېشىغا چۈشكەن ئادەم پادىشا بولارمىش.

سىغا مەملىكەتنىڭ چېتىدىن بىردىن ۋىلايەتنى ئاجرىتىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن پىتنە-پاسات پەسىيىپ، جېدەل-ماجرا بېسىققان، چۈنكى "ئون دەرۋىش بىر پالاستا ئۇخلايدۇ، ئىككى پادىشا بىر مەملىكەتكە سىغمايدۇ."

مەرت كىشى يېرىم ناننى ئۆزى يېسە،
يېرىمىنى نامراتقا بەخش ئېتەر.
بىر ئىقلىمغا ئىگە بولسا بىر پادىشا،
يەنە بىرنى قولغا ئالسام دەر.

## ھىكايەت (4)

بىر توپ ئەرەب قاراقچىلىرى تاغ بېشىدا ماكان تۇتۇپ، كارۋانلارنىڭ يولىنى توساتتى. ئەتراپتىكى شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن، سۇلتان لەشكەرلىرى بولسا يېڭىلىپ قالغان ئىدى. چۈنكى قاراقچىلار تاغ چوققىسىدا قىيىن يوللارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئۆزىگە پاناجاي قىلىۋالغان ئىدى. شۇ ئەتراپتىكى ئۆلكىلەرنىڭ مەمۇرلىرى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن مەسلىھەت قىلىشتى، چۈنكى بۇ گۇرۇھ شۇ تەرىقە كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالاتتى.

يېڭىدىن يىلتىز تارتسا ياش كوچەت،
يۇلالايدۇ يەردىن بىر ئادەم پەقەت.



ئۇزاق يىل نەزەردىن ئۇ قالماق بىلەن،
يۇلالمايسەن ھەتتا تومۇر چاق بىلەن،
ئاساندۇر بۇلاقنى كومۇش بەل① بىلەن،
ئۇلغايسا ئۆتەلمەس كىشى پىل بىلەن.

گەپ شۇنىڭغا توختالدىكى، بىر ئادەمنى چارلاشقا ئەۋەتىپ، ئەپلىك پۇرسەت كۈتمەكچى بولۇشتى.

بىر كۈنى قاراقچىلار خەلقنى بۇلاشقا كېتىپ، ئۇۋىسى خالى قالغان چاغدا، بىر قانچە ئىش كۆرگەن، جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە يىگىتلەر ئەۋەتىلدى. ئۇلار تاغنىڭ بىر ئۆڭكۈرىگە موكۇپ تۇرۇشتى. كەچ كىرگەندە قاراقچىلار بۇلاڭچىلىقنى تۈگىتىپ، بۇلىغان نەرسىلىرىنى كۆتىرىشىپ قايتىپ كەلدى، قورال-ياراقلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، ئولجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، بۇلارغا ھۇجۇم قىلغان دەسلەپكى دۈشمەن ئۇيقۇ بولدى. بىرىنچى جىسىدەك ۋاقتى ئۆتكەندە،

قۇياش گەردىشى زۇلمەتكە چۆككەندە،
يۇنۇس ② گويا بېلىق ئاغزىغا موككەندە.

باتۇر يىگىتلەر پىستىرمىدىن چاچراپ چىقىشتى-دە، قاراقچىلارنىڭ قولىنى بىر-بىرلەپ ئارقىسىغا باغلاپ، بامدات ۋاقتىدا پادىشانىڭ

① بەل — كۈرجەك مەنىسىدە.

② يۇنۇس — يۇنۇس پەيغەمبەر. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، يۇنۇس پەيغەمبەر بېلىقنىڭ قارنىغا كىرىپ قىرىق كۈندىن كېيىن سالامەت چىققان.

بۇيرۇق ئۇلتۇرۇشقا ھەممىنى يىغىپ كېلىشتى. پادىشا ھوزۇرىغا قال-
غان بىر ئاياش كوزىگە چېلىقىپ قالدى. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
دى. ئۇنىڭ ياشلىق كۆچىتىنىڭ مېۋىسى ئەمدىلەتىن پىتىلگەن،
جامال گۇلىستانىنىڭ مايسىلىرى يېڭىلا كوكىرىشكە باشلىغان ئىدى.
ۋەزىرلەردىن بىرى پادىشا تەختىنىڭ بوسۇغىسىنى ئۆپۈپ، شاپائەت
يۈزىنى يەرگە قويدى-دە، دېدى: "بۇ بالا تېخى ھايات بېغىدىن
بىرەر مېۋىنى تېتىپ كورمىگەن ۋە ياشلىق باھارىدىن بەھرىمەن
بولمىغان. شۇڭا پادىشاھىمىزنىڭ سېخىيلىقى ۋە ئالىجاناپلىقىدىن
ئۈمىدىم شۇكى، ئۇنىڭ خۇنىدىن ئۆتۈپ، مەن بەندىسىگە بېرىۋەتسە
ئىكەن."

پادىشا بۇ سوزدىن بويىنىنى تولغىدى، بۇ پىكىر ئۇنىڭ يۈكسەك
رەيىگە مۇۋاپىق كەلمىگەچ، مۇنداق دېدى:

ياخشىلارنىڭ نۇرى يۇقماس زاتى پەسكە ھېچقاچان،
تەربىيە نائەھلىگە گۇمبەزدىكى ياڭاقسىمان.

ئۇلارنىڭ ناپاك نەسلىنى قىرقىپ تاشلاپ، ئۇرۇغ-ئەۋلادىنىڭ
يىلتىزىنى قومۇرۇۋېتىش ياخشىراق، چۈنكى ئوتنى ئوچۇرۇپ،
چوغىنى قالدۇرۇپ قويۇش، يىلاننى ئولتۇرۇپ، تۇخۇمىنى ساقلاپ
قېلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئابىھايات تۆكسىمۇ ئاسماندىن بۇلۇت،
تال-سوگەتتىن مېۋە يېيەلمەيسەن.
پەسكەشكە ۋاقتىڭنى زايا قىلمىغىن،
بورا قومۇشىدىن شېكەر ئالالمايسەن."



ۋەزىر بۇ سوزنى ئاڭلاپ، خالار-خالىماس ماقۇل كورگەن بولدى
ۋە پادىشانىڭ گۈزەل پىكرىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، مۇنداق دېدى:
"پادىشاھىمىزنىڭ ئىلتىپات قىلىپ ئېيتقىنى چىن ھەقىقەت. ئەگەر
بۇ بالا ئاشۇ يامان ئادەملەرنىڭ ئۇلپەتچىلىكىدە ئوسكەن بولسا،
ئۇلارنىڭ خۇيىنى ئوزلەشتۇرۇۋالغان بولاتتى. ئەمما مەن قۇلىڭىز
ئۇمىتۋارمەنكى، ئۇ ياخشىلارنىڭ ئارىسىدا تەربىيە كورسە، ئاقىللار-
نىڭ خۇلقىنى ئوزلەشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ تېخى كىچىك بالا، بۇ
گۇرۇھنىڭ بۇلاڭچىلىق، توپىلاڭچىلىق ئادەتلىرى ئۇنىڭغا ئانچە
سىڭگىنى يوق. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:
'ھەر بىر بوۋاق تۇغۇلغان چېغىدا ئىسلام بىلەن تۇغۇلىدۇ، كېيىن
ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى يەھۇدى قىلىپ چىقىدۇ، يا خىرىستىيان قىلىپ
چىقىدۇ، يا مەجۇسى① قىلىپ چىقىدۇ'

يامانغا يار بولغاچ لۇتنىڭ② جورىسى،
بولدى پەيغەمبەرلىك خاندان ۋەيران.
ئەسھاب كەھفنىڭ③ ئىتى نەچچە كۈن
ياخشىلارغا ئەگەشكەچ بولغانتى ئىنسان."

بۇ سوزنى ئېيتقاندا، پادىشانىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىر بولگى

① مەجۇسى — ئوتپەرەس يەنى ئوتقا تىۋىنغۇچى.
② لۇت — پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، لۇتنىڭ خوتۇنى يامان ئادەملەرگە يار بولغاچقا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ئائىلىسى ۋەيران بولغان.
③ ئەسھاب كەھف — "غار كىشىلىرى" دېگەن مەنىدە بولۇپ، قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان.

ئۇنىڭ شاپائىتىگە يار-يۆلەكتە بولۇشتى. پادىشا ئۇنىڭ خۇنىدىن ئۆتتى-دە: "بوپتۇ، گەرچە بۇ ئىشنى مەسلىھەت كۆرمىسەممۇ كەچۈرۈم قىلدىم!" دېدى.

بىلەمسەن، رۇستەمگە زال① نېمە دېگەن؟
بولمايدۇ كىچىك دەپ قارىسا دۈشمەن.
كۆپ كۆردۇق، ئەسلىدە بۇلاق سۈيى ئاز،
ئۇلغايسا تۆگىنى ئالار يۆك بىلەن.

گەپنىڭ قىسقىسى، ۋەزىر بالىنى تۈرلۈك ناز-نېمەتلەرگە كۆمۈۋەتتى. ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ئۇستاز-ئەدىپلەرنى تەيىنلەپ، سۆز سۆزلەش ۋە گەپ قايتۇرۇش سەنئىتىنى ۋە پادىشاغا خىزمەت قىلىشنىڭ باشقا قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى. ئەمەلدارلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش ناھايىتى ماقۇل كۆرۈندى. بىر قېتىم ۋەزىر پادىشانىڭ ئالدىدا ئۇ بالىنىڭ سۈپەتلىرى توغرىلىق سۆز ئېچىپ، ئاقىللارنىڭ تەربىيىسى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانلىقىنى، بۇرۇنقى نادانلىقى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. پادىشا كۈلۈپ قويدى-دە، دېدى:

"ئاقىۋەت بۆرە كۈچۈكى بۆرە بولۇر،
گەرچە ئۇ ئادەم ئىچرە ئۆرە بولۇر."

① رۇستەم بىلەن زال — فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى شەخسلەر.



ئارىدىن بىر-ئىككى يىل ئۆتكەندە، ئاشۇ مەھەللىنىڭ بىر توپ ئوغرىلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلپەتچىلىك ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەت تېپىپ، ۋەزىرنى ھەم ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەددى-ھېسابسىز مال-مۈلكىنى بۇلاپ كەتتى ۋە قاراقچىلارنىڭ غارى ئىچىدە ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى. دېمەك، ئاسىي بولۇپ كەتتى. پادىشا ھەيرەت بارمىقىنى چىشلەپ، دېدى:

"ئەسكى تۆمۈردىن ياسالامدۇ كىشى ئۆتكۈر قىلىچ،
رەزىل ئادەم تەربىيىدە، ئەي ھەكىم، بولماس ئىنسان.
گەرچە يامغۇر ياخشىلىقتا ھەممىگە ئوخشاش، بىراق
باغدا لالە ئۈسىدۇ، شورلۇقتا ياتاق ھەرقاچان.

* * *

شورلۇقتا ھېچقاچان سۈنبۇل ئۈسمەيدۇ،
ئۇرۇقنى، ئەمگەكنى قىلمىغىن زايا.
يامان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش،
ياخشىغا يامانلىق قىلغانلىق گويا."

## ھېكايەت (5)

ئۇغلۇمىشنىڭ① سارىيىدا بىر ھەربىي باشلىقنىڭ ئوغلىنى كۆرگەن

① ئۇغلۇمىش — ئازەربەيجان قەبىلىلىرىدىن بىر پادىشانىڭ ئىسمى (1237 — 1250). ھەمەدان ۋىلايىتىنى سورىغان.

ئىدىم، ئۇنىڭ ئەقىل-ئىدرىكى ۋە پەم-پاراستى تەئرىپ-تەۋسىپتىن ئۈستۈن تۇراتتى. بالىلىق چېغىدىنلا پىشانىسىدە ئۇلۇغلۇقنىڭ ئالامەتلىرى نامايەن ئىدى.

ئەقىل-ھوش ئاسمىنى بېشىدا پارلاپ،
ئۇلۇغلۇق يۇلتۇزى تۇراتتى چاقناپ.

قىسقىسى، يىگىت سۇلتانغا يېقىپ قالدى، چۈنكى ئۇ تاشقى كورۇنۇشتە خوپ كېلىشكەن، مەنىۋى دۇنياسى كامالەتكە يېتىشكەن ئىدى. دانالار ئېيتقانكى، "بايلىق — مالدا ئەمەس، ھۈنەر-قابىلىيەتتە؛ ئۇلۇغلۇق — ياشتا ئەمەس، باشتا". تەڭتۇشلىرى ئۇنى كورەلمەي، خائىن دەپ قارا چاپلاپ، ئولتۇرگۇزۇشكە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى.

دۇشمىنىڭگە نىمە چارە، دوست ساڭا بولسا ئىناق؟

پادىشا سورىدى: "بۇ كىشىلەرنىڭ سېنى مۇنچىلىك يامان كورۇشىدىكى سەۋەپ نىمە؟" يىگىت جاۋاپ بەردى: "ئەي پادىشاھىم، مۇلكىڭىز ئەبەدى بولسۇن! مەن دولىتىڭىزنىڭ سايىسىدا ھەممىنى رازى قىلىپ كەلدىم، پەقەت ھەسەتخورلار رازى بولۇشمىدى. ئۇلار مېنىڭ پاراۋانلىقىم ئاخىرلاشمىغىچە رازى بولۇشمايدۇ، ئىقبال دولىتىڭىز ئەبەدى بولسۇن!"

قادىرمەنكى، بەرمەيمەن ھىچكىمگىمۇ مەن ئازار،



ھەسەتخورنى نىمە قىلاي، ئۆز ئۆزىنى رەنجىتسە؟
ئۆلۈپ قۇتۇل، ئەي ھەسەتچى، بۇ بىر شۇنداق كېسەلكى،
ئازاۋىدىن قۇتۇلغايسەن پەقەت ئەجەل يېتىشسە.

* * *

شور پېشانە تەشنالىقتا قىلار ئارزۇ:
بەختلىكلەر دولىتىگە يەتسە دەپ زاۋال.
شەپەرەڭنىڭ كۈندۈز كۈنى كوزى كورمىسە،
نىمە گۇنا، نۇرلۇق ئاپتاپ كورسەتسە جامال؟
راست گەپ شۇكى، مۇنداق كوزدىن مىڭى كور بولسۇن،
قۇياش نۇرى زۇلمەتكە بولمىسۇن پايمال!

## ھېكايەت (6)

ھېكايە قىلىنىشىچە، ئىران پادىشالىرىدىن بىرى پۇقرانىڭ مال-مۇلكىگە زورلۇق قولىنى سوزۇپ، شۇنداق جەۋرى-زۇلۇم قىلىشقا باشلىغانكى، خەلق ئۇنىڭ زۇلمى دەستىدىن جاھانغا تارىلىپ كەتكەن ۋە جەۋرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن يات يۇرتقا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالىرى ئازىيىپ، مەملىكەتنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەنلىشىشكە باشلىغان، غەزنە قۇرۇقدىلىپ قالغان، دۇشمەنلىرى ئۈستۈنلۈك قازانغان.

كىم ئېغىر كۈنلەردە تىلىسە مەدەت،
ئېيت ئاڭا، تىنچ كۈندە قىلسۇن ياخشىلىق.

ھالقىلىق قۇل① قاچار ئەركىلەتمىسەڭ،
لۇتپ قىل.② بىگانە بولۇر ھالقىلىق.

بىر كۈنى بۇ پادىشانىڭ مەجلىسىدە «شاھنامە»③ كىتاۋىدىن زەھھاك④ مەملىكىتىنىڭ زاۋال تېپىشى ۋە پەرىدۇننىڭ دەۋر سۈرۈشى توغرىسىدىكى قىسسە ئوقۇلغان ئىدى. ۋەزىر پادىشادىن سوراپ قالدى: "بىلىشكە بولۇرمۇ؟ پەرىدۇندا نە غەزنە، نە مال-مۈلۈك، نە مۇلازىم ئەسكەر يوق ئىدى، قانداق قىلىپ مەملىكەت ئۇنىڭغا قارار تېپىپ قالدى؟"

پادىشا جاۋاپ بەردى: "سەنمۇ ئاڭلىغان، خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا تولىمۇ ساداقەتلىك بىلەن ئۇيۇشقان ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن، شۇڭا ئۇ پادىشالىقنى تاپقان."

ۋەزىر دىدى: "ئەي پادىشاھىم، خەلقنىڭ توپلىنىشى پادىشالىق قىلىشنىڭ مەنبەسى بولسا، سەن نىمىشقا خەلقنى ھەر تەرەپكە قاچۇرۇۋېتىسەن؟ پادىشالىق قىلىش خىيالىڭدا يوقمۇ-يا؟"

ھامان جان بىلەن ئاسرا لەشكەرنى سەن،
سورار يۇرتنى سۇلتان قوشۇنلار بىلەن.



① ھالقىلىق قۇل — قەدىمقى چاغلاردا قۇللارنىڭ قۇلىغىغا ھالقا سېلىناتتى.
② لۇتپ قىل — ياخشىلىق قىل دىگەن مەنىدە.
③ «شاھنامە» — پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
④ زەھھاك — بىر زالىم پادىشانىڭ ئىسمى.

پادىشا دىدى: "قوشۇن بىلەن خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ئامىلى نىمە؟"

ۋەزىر جاۋاپ بەردى: "پادىشا كەڭ قوساق-ئالىجاناپ بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ ھەمدە ئادالەتمۇ كېرەك، چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭ دولىتى سايىسىدا خاتىرجەم ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولىدۇ. سەندە بولسا بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى يوق!"

ئەزگۈچى زالىم بولمىسۇن سۇلتان،
بورىدىن چىقماس ھەرگىزمۇ چۇپان.
پادىشا سالسا زۇلۇمغا ئاساس،
دولەتنىڭ ئۇلىنى كولىغان ئوخشاش.

دانا ۋەزىرنىڭ نەسىھىتى پادىشانىڭ دىتىغا توغرا كەلمىدى، بۇ سۆزگە تەتۈر قاراپ، ۋەزىرنى زىندانغا يوللىدى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، پادىشانىڭ بىر نەۋرە تۇققانلىرى توپىلاڭ كۆتىرىپ، لەشكەرلىرىنى جەڭگە تەييارلىدى ۋە ئاتىسىنىڭ مۈلكى-دولىتىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇشتى. پادىشانىڭ زۇلمىدىن بىزار بولۇپ، ھەر تەرەپكە تارىلىپ كەتكەن كىشىلەر توپىلاڭ كۆتەرگەنلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنى كۈچلەندۈردى، شۇنداق قىلىپ، ھاكىمىيەت پادىشانىڭ قولىدىن كېتىپ، كېيىنكىلەرگە قارار تاپتى.

---

پادىشا پۇقرالىرىغا زۇلمىنى كۆرسە راۋا،
ئايلىنىپ دۈشمەنگە دوستى جەڭ كۈنى بولغاي بالا.

بول ئىناق پۇقرا بىلەن، دۈشمەن جېڭىدىن بول ئەمىن،
بولسا ئادىل پادىشا، پۇقرالىرى لەشكەر ئاڭا.

## ھېكايەت (7)

بىر پادىشا بىر ئەجەم غۇلام① بىلەن كېمىگە چۈشكەن ئىدى. غۇلام دېڭىزنى ھەرگىز كۆرمىگەن ۋە كېمە ئازاۋىنى باشتىن كەچۈرمىگەن ئىدى، شۇڭا يىغا-زارى قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى تىترەك باستى. ھەرقانچە بەزلىسىمۇ ئۇ تىنجىمىدى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن پادىشانىڭ كەيپى بۇزۇلدى، ئەمما ئۇ غۇلامغا ھېچ چارە قىلالمىدى. بۇ كېمىدە بىر دانىشمەن بار ئىدى، ئۇ كىشى پادىشاغا دېدى: "ئەگەر بۇيرۇق بەرسىڭىز، مەن ئۇنى بىر ئىلاج قىلىپ تىنجىتاتتىم".

پادىشا دېدى: "شۇنداق قىلسىڭىز تولىمۇ ياخشى، ئالىجاناب ئىش بولاتتى!"

دانىشمەن غۇلامنى دېڭىزغا تاشلاشقا بۇيرۇدى. بالا نەچچە قېتىم سۇغا چۆككەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى چېچىدىن تۇتۇپ كېمە تەرەپكە تارتتى، ئۇ ئىككى قولى بىلەن كېمىنىڭ ياغىچىغا ئېسىلىپ، ئۈستىگە ئىرمىشىپ چىقتى-دە، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ شۈك بولۇپ قالدى. پادىشا ئەجەبلەندى: "بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟" دانىشمەن دېدى: "بۇ بالا ئىلگىرى سۇدا غەرق بولۇشنىڭ قورقۇنچىسىنى باشتىن كەچۈرمىگەچكە، كېمىنىڭ تېچ ئىكەنلىكىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن.

① غۇلام — ياش خىزمەتكار ياكى قۇل بالا؛ ئەجەم — پارس ياكى تۈركى خەلق.



چۈنكى كىشى بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندىلا تېچ-ئامانلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ."

ئەي توق كىشى، ئارپا نېنى ساڭا ياقماس،
ماڭا مەشۇقتۇر ساڭا كۆرۈنگەن سەت.
جەننەتنىڭ ھورلىرىگە دوزاخ بولۇر ئەئراف،①
ئەئرافنى دوزىخىلار سانايدۇ جەننەت.

* * *

پەرقى باركى، بىراۋنىڭ قېشىدا بولسا يار،
يەنە بىرى ئىشىككە قاراپ يارغا ئىنتىزار.

## ھېكايەت (8)

ھۆرمۇزدىن② سوراشتى: "ئاتاڭنىڭ ۋەزىرلىرىدە نېمە خاتالىق كۆردۈڭ؟ ئەجەپ ئۇلارنى قاماققا بۇيرۇدۇڭغۇ؟" ئۇ جاۋاپ بەردى: "بىرەر خاتالىق سەزگىنىم يوق، لېكىن قارىسام، ئۇلار مېنى كۆرگەندە ئىنتايىن قورقۇشۇۋاتىدۇ، ماڭا تازا ئىشەنچ قىلمايۋاتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن خەۋپسىرەپ، مېنى قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن، دەپ قورقتۇم، شۇڭا دانىشمەنلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلدىم، ئۇلار مۇنداق دېگەن:

① ئەئراف — جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى جاي.
② ھۆرمۇز (578 — 590) — ساسانىلار سۇلالىسىدىن بولغان بىر ئىران شاھىنىڭ ئىسمى. نۇشىرۋاننىڭ ئوغلى.

«بىراۋ سەندىن قورقسا، قورق ئۇندىن، ھەكىم،
يىقىتساڭمۇ جەڭدە ئۇنىڭ يۈزىنى.
بۇنى كۆرمىدىڭمۇ ئامالسىز مۈشۈك
ئويار چاڭگىلىدا يولۋاس كۆزىنى.
يىلان مالچىنى نەق ئاياغىدىن چاقار،
ئېزەر دەپ قورقۇپ، تاش بىلەن ئۆزىنى».

## ھېكايەت (9)

ئەرەب پادىشالىرىدىن بىرى قېرىلىقتىن ئاغرىپ قېلىپ، ھاياتىدىن ئۈمىت ئۈزگەن ئىدى. ئىشىكتىن بىر ئاتلىق ئەسكەر كىرىپ كەلدى-دە، خۇش خەۋەر يەتكۈزدى: "پادىشاھىمىزنىڭ دۆلىتى سايىسىدا پالان قەلئەنى ئالدۇق، دۈشمەنلەر ئەسىرگە چۈشتى، ئۇ تەرەپنىڭ ئەسكەر ۋە پۇقرالىرى تامامەن سىزنىڭ بۇيرۇغىڭىزغا قارايدىغان بولدى!"

پادىشا سوغاق بىر ئۇھ تارتتى-دە، دېدى: "بۇ خۇش خەۋەر ماڭا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ دۈشمەنلىرىمگە، يەنى مەملىكەتنىڭ ۋارىسلىرىغا!"

ئەزىز ئۆمرۈم ئۆتتى، دەرىغ، ئاشۇ ئۈمىتتە،
دىلدا كۈتتۈم: ئارزۇيۇم كېلەر دەپ قاچان.
كۈتكەن ئۈمىت كەلدى، لېكىن پايدىسى نىمە؟
ئۈمىت يوقكى، ئۆتكەن ئۆمۈر قايتماس ھېچقاچان.

* * *



چالدى سەپەر دۇمبىقىنى ئەجەلنىڭ قولى،
ئەي كۆزلىرىم ۋىدالىشىڭ بېشىم بىلەن سىز.
ئەي ئالقىنىم، بىلەكلىرىم، بېغىش، جەينىكىم،
خوشلىشىڭلار، بىر بىرىڭلار بىلەن ھەممىڭىز.
ھۇجۇم قىلىپ كەلدى ماڭا ئەشەددى دۈشمەن،
ئەي دوستلىرىم، كاشكى مېنى يوقلاپ كەلسىڭىز.
ئۆتتى مېنىڭ روزگارىم نادانلىق بىلەن،
مەن قىلمىدىم، ئەمدى سىزلەر ھەزەر ئەيلىڭىز!

## ھېكايەت (10)

بىر يىلى دەمەشق جامەسىدە يەھيا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسى بېشىدا ئىبادەتتە ئولتۇرغان ئىدىم. ئادالەتسىزلىك بىلەن نامى چىققان بىر ئەرەب پادىشاسى كۈتۈلمىگەندە بۇ يەرگە زىيارەتكە كېلىپ قالدى. ناماز ئوقۇدى ۋە دۇئا قىلىپ ھاجىتىنى تىلىدى.

كەمبەغەل-باي ھەممە ئادەم ئۇشبۇ يەرگە قۇل بولۇر،
قانچە باي بولسا كىشى مۇھتاجلىقمۇ مول بولۇر.

ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ دېدى: "ماڭا دەرۋىشلەرگە خاس ھىممەت بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ سەمىمى مۇئامىلىسى بويىچە بىر دۇئا قىلىپ قويسىڭىزچۇ، چۈنكى كۈچلۈك بىر دۈشمەندىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن!"

مەن دېدىم: "ئاجىز پۇقرالارغا رەھىم-شەپقەت قىل، كۈچلۈك دۈشمەن سېنى ھېچنىمە قىلالمايدۇ!"

كۈچلۈك بىلەك، قۇدرەتلىك قول سەندە بولسا،
مىسكىن، ئاجىز پەنجىسىنى يەنجىش خاتا.
باغرى تاشنىڭ يىقىلغانغا پەرۋاسى يوق،
ئۇ يىقىلسا ياردەم بەرمەس ھېچكىم ئاڭا!
يامانلىقنى تېرىپ كۈتسەڭ ياخشىلىقنى،
باغلىنارسەن قۇرۇق ئۈمىد، خام خىيالغا.
قولىڭغىدىن ئال پاختىنى، خەلقنى تىڭشا،
تىڭشىمىساڭ، بىر كۈن كېلىپ بېرەر جازا.

* * *

پۈتۈن ئادىمزات تۇتاشقان ئەزا،
ئۇلار بىر جەۋھەردىن يارالغان يانا.
بىر ئەزاغا يەتكۈزسە دەرت روزگار،
تۇگەر باشقا ئەزادا سەۋرۇ-قارار.
ئەگەر باشقىلار چەكسە دەرت، سەن بىغەم،
ئاتاشقا بولۇرمۇ سېنى بىر ئادەم؟

## ھىكايەت (11)

دۇئاسى ئىجاۋەتلىك بىر دەرۋىش باغداتتا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ توغرىلىق ھوججاج يۇسۇپكە① خەۋەر قىلىشتى. ھوججاج ئۇنى قېشىغا چاقىرتىپ دېدى: "ماڭا ياخشى بىر دۇئا قىلىپ قويساڭچۇ!"

① ھوججاج يۇسۇپ — خەلىپە ئابدۇلمۇلۈك ئىبنى مەرۋاننىڭ مۇئاۋىنى بولغان بىر لەشكەر باشلىغى، زالىم.



دەرۋىش دېدى: "خۇدايا، ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىن!"
ھوججاج چوچۇپ سورىدى: "خۇدا ھەققى، بۇ قانداق دۇئا؟"
دەرۋىش دېدى: "بۇ سەن ئۈچۈن ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى دۇئا!"

ئەي زالىم، يېتەر خەلققە ئازارىڭ،
قاچانغىچە قايىنار بۇ بازارىڭ؟
سەلتەنەت سۈرمەك نە كېرەك ساڭا؟
خەلقنى ئەزگەندىن ئۆلگىنىڭ ئەلا!

## ھىكايەت (12)

بىر ئادالەتسىز پادىشا تەقۋادار كىشىدىن سورىدى: "خۇداغا قايسى ئىبادەتنى قىلغان ياخشى؟"

تەقۋادار جاۋاپ بەردى: "ساڭا چۈشكىچە ئۇخلاش ھەممە ئىبادەتتىن ياخشى، چۈنكى شۇ ئىچىلىك خەلق سېنىڭ ئازارىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ!"

چۈشكىچە ئۇخلىغان زالىمنى كۆرۈپ،
دېدىمكى، بۇ پىتنە ئۇيقۇسى ياخشى!
ئۇيقۇدا ياتقىنى ياخشى بولغاننىڭ
تىرىك تۇرغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى.

## ھېكايەت (13)

ئاڭلىشىمچە، بىر پادىشا پۈتۈن كېچىنى ئەيش-ئىشرەتتە ئۆتكۈز-گەن ۋە راسا مەس بولغان چاغدا مۇنداق دېگەن:

"بىزگە جاھان ئىچرە بۇنىڭدىن خۇشراق دەم يوق،
ياخشى-ياماندىن ئەندىشە، كىشىدىن غەم يوق."

بىر يالىڭاچ دەرۋىش تالادا سوغاقتا ياتاتتى، ئۇ مۇنداق دېدى:

"ئەي زات، ئالەمدە سەن كەبى تەلەيلىك ئادەم يوق،
خوپ دەيلى غېمىڭ يوق، بىزنىڭ غېمىمىز ھەم يوق؟"

بۇ سۆز پادىشاغا خۇش كەلدى-دە، مىڭ دىنار پۇلنى ھەميان بىلەن دەرىزىدىن كوچىغا سۇنۇپ: "ئېتىگىڭنى تۇت، ئەي دەرۋىش!" دېدى.

دەرۋىش دېدى: "ئېتەكنى نەدىن ئالاي، كىيىم-كېچەكىم بولمىسا؟"

ئۇنىڭ يوقسۇزلۇقىغا پادىشانىڭ تېخىمۇ ئىچى ئاغرىپ، بىر قۇر كىيىممۇ قوشۇپ بەردى.

دەرۋىش بۇ پۇللارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەپ-ئىچىپ، بۇزۇپ-چېچىپ تۈگىتىۋەتتى-دە، يەنە كەلدى.

بىغەملەر قولىدا مال توختىمايدۇ،
ئاشىق دىلىدا سەۋر، غەلۋىردە ھەم سۇ.



پادىشا ئۇنىڭغا قاراشقا چولىسى يوق بىر چاغدا، ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان ئىدى، پادىشا غەزەپلىنىپ، بويىنىنى تولغىدى. پاراسەت ئىگىلىرى ۋە دانالار شۇ سەۋەپتىن ئېيتقانكى، پادىشالارنىڭ قەھرى-غەزىۋىدىن ساقلىنىش لازىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارى كۆپىنچە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، ئاۋام خەلقىنىڭ غەلۋىسىنى كۆتەرمەيدۇ.

ھارامدۇر شۇ ئادەمگە شاھ نېمىتى،
ئەگەر ئەپلىك پۇرسەتكە يوق دىققىتى.
ئەگەر تاپمىساڭ سۆزگە دەل پەيتنى سەن،
چۈشۈرمە ئۆزەڭنى قۇرۇق سۆز بىلەن.

پادىشا دېدى: "بۇ يۈزسىز ئىسراپخور گاداي شۇنچە كۆپ نېمەتنى شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇزۇپ-چېچىپتۇ. ئۇنى ھەيدىۋېتىڭلار، چۈنكى دۆلەت غەزىنىسىدىكى بايلىق مىسكىنلەرنىڭ ئۇزۇغى، ھەرگىز شەيتان بۇرادەرلىرىنىڭ تۇئمىسى ئەمەس."

كۈندۈزى ئەخمەق بىكاردىن ياقسا كاپۇر شام-چىراق،
تېز كۆرەرسەن ئاخشىمى يوق چىرىغىدا تامچە ياغ.

نەسىھەتچى ۋەزىرلەردىن بىرى دېدى: "ئەي پادىشاھىم، شۇنى مەسلىھەت قىلىمەنكى، بۇنداق ئادەملەرگە تىرىكچىلىك ياردىمىنى مەلۇم ۋاقىتتا يەتكۈدەكلا بېرىش كېرەك، ئۇ چاغدا ئالغان نەپىقىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەيدۇ. ئەمما سېنىڭ قاتتىق بولۇش، نەرسە

بەرمەسلىك توغرىسىدىكى بۇيرۇغۇڭ ھىممەت ئىگىلىرىنىڭ خۇلقى-ئادەتلىرىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ، بىراۋنى لۇتپ مەرھەمەت بىلەن ئۈمىتۋار قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا نائۈمىت قىلىش كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغانلىق بولىدۇ."

تاماخورغا ئىشىكنى ئېچىشقا بولماس،
ئېچىلغاندا قاتتىق يېپىشقا بولماس.

* * *

ھېچكىم كۆرمىگەنكى، ھىجاز تەشناسى①
شورلۇق سۇ لېۋىدە توپلىشىپ تۇرغان.
قەيەردە بولاقتا بولسا شېرىن سۇ،
ئادەم، قۇش، چۈمۈلە ئولىشىپ تۇرغان.

## ھىكايەت (14)

بۇرۇنقى پادىشالاردىن بىرى مەملىكەت ئىشلىرىغا سۇس قارىدى ۋە لەشكەرلىرىنى تەمناتتا بەك قىسۋەتتى. شۇڭلاشقا كۈچلۈك دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى قېچىشقا باشلىدى.

پۇلنى ئاياپ قىلسا لەشكەرگە كەم،
ئايايدۇ قولىنى قورالدىن ئۇ ھەم.

---

① ھىجاز تەشناسى — مەككىگە ھەج قىلغىلى بارغان ھاجىلارنىڭ يولدا ئۇسسۇز قالغانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



ئاشۇ ۋاپاسىزلىق قىلغان ئەسكەرلەرنىڭ بىرى مېنىڭ دوستۇم ئىدى. ئۇنى ئەيىپلەپ شۇنداق دېدىم: "پەسكەش، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، رەزىل ۋە تۇزكور ئادەم شۇكى، ئەھۋالدا ئازغىنا ئۆزگىرىش بولغاندا، بۇرۇنقى خوجايىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇزۇن يىللىق نېمەتلىرىنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ."

ئۇ دېدى: "مېنى ئالىجاناپلىق بىلەن كەچۈرۈشۈڭ لازىمكى، بۇ جەڭ باشلانغاندا ئېتىم ئارپىسىز قالغان ئىدى، ئېگىرى گۆرەدە ئىدى، سۇلتان ئۆز ئەسكەرلىرىدىن پۇلنى ئايايدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلىش مۇمكىن ئەمەس-تە."

مەرت جەڭچىگە پۇل تۆككىن، قىلۇر جان پىدا،
پۇل تۆكمىسەڭ، باش ئېلىپ كېتەر يات يۇرتقا.

* * *

قوسىغى توق بولسا باتۇر جەڭ قىلار غەيرەت بىلەن،
ئاچ قوساق قالغاندا جەڭچى قاچىدۇ شىددەت بىلەن.

## ھىكايەت (15)

بىر ۋەزىر خىزمىتىدىن چېكىنىپ، دەرۋىشلەر سىررۇنىغا كىرگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ سوھبىتىنىڭ ئۈنۈمى يۇقۇپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. پادىشا ئۇنىڭغا قايتىدىن ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ۋەزىرلىك خىزمىتىگە تەكلىپ قىلغان ئىدى، ئۇ قوبۇل قىلماستىن، مۇنداق دېدى: "ئەمەلدارلىق قىلىشتىن ئىستىپادا بولغىنىم ياخشى!"

ھەركىم ئۆزىنى چەتتە تۇتۇپ، تاپتى پاراغەت،
ئادەم تىلىنى، ئىت چىشىنى توستى شۇ سائەت.
قەغەزنى تىتىپ، سۇندۇردى قەلەمنى نىھايەت،
غەيۋەتچى قولى ھەم تىلىدىن قالدى سالامەت.

پادىشا دېدى: "بىزگە ھەرھالدا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قولىدىن كېلىدىغان ئاقىل ۋە قابىل كىشى كېرەك!"

ۋەزىر دېدى: "ئاقىل ۋە قابىل كىشىنىڭ نىشانى شۇكى، ئۇ مۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايدۇ!"

قۇشلار ئارا ھۇما قۇش تاپتى شەرەپ-ئىتىۋار،
ئۇستىخان يەپ ھەرقاچان، جانغا بەرمەگەچ ئازار.

قارا قۇلاقتىن① كىشىلەر سوراشقان ئىدى: "سەن نېمە سەۋەپتىن شىرغا يېقىنلىشىشنى ئىختىيار قىلىپ قالدىڭ؟" ئۇ جاۋاپ بەردى: "شۇ سەۋەپتىنكى، ئۇنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرىنىڭ ئاشقان-تاشقىنىنى يەيمەن، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىكى پاناسىدا دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىپ، تىرىكچىلىك قىلىمەن!"

كىشىلەر يەنە سوراشتى: "سەن ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىۋېلىپ، نېمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىشنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسەنۇ، نېمىشقا ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن بارالمايسەن؟ ئۇ سېنى يېقىن كىشىلىرىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ، سادىق قۇللىرىدىن ھېساپلىمامدى؟" قارا

① قارا قۇلاق (پارسچە سىيەگوش) — چۆل چاشقىنى.



قۇلاق دېدى: "ئۇنىڭ قەھرى-غەزىۋىدىنمۇ ئەمىن ئەمەسمەن!"

ئاتەش پەرەس ئوت ياقسىمۇ يۈز يىل،
جۇشسە ئىچىگە شۇئان بولۇر كۆل.

شۇنداق، ئەھۋالمۇ بولۇپ تۇرىدۇكى، پادىشانىڭ يېقىن كىشىلىرى ئالتۇن تاپىدۇ، بەزىدە بېشى كېتىپ قالىدۇ، شۇڭا دانىشمەنلەر ئېيتقانكى، "پادىشالارنىڭ كەيپىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىن ھەزەر قىلىش كېرەك، چۈنكى بەزىدە سالام بەرسەڭ رەنجىيدۇ، بەزىدە تىللىساڭمۇ تون كىيگۈزىدۇ."

ئاقىللار ئېيتقانكى، تولىمۇ خۇش چاقچاق بولۇش نەدىملەر① ئۈچۈن ھۈنەر-پەزىلەت بولسىمۇ، دانىشمەنلەر ئۈچۈن بىر ئەيىپ!

ئۆز قەدرىڭنى بىل، ساقلا سالماقنى،
نەدىملەرگە قوي ئويۇن-چاقچاقنى.

## ھېكايەت (16)

دوستلىرىمدىن بىرى تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەھۋال ئۇقۇپ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دېدى: "كۈنلۈك كىرىمىم ئاز، بالا-چاقام كۆپ، كەمبەغەللىكنىڭ يۈكىنى كۆتىرىشكە تاقىتىم قالمىدى. باشقا مەملىكەتكە كېتىپ، دەيلى قانداق تىرىكچىلىك ئۆتكۈزسەم،

① نەدىملەر — ئوردا كىشىلىرى، پادىشانىڭ قېشىدىكى يېقىن كىشىلەر.

ياخشى-يامانلىغىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى، دېگەن پىكىر نەچچە قېتىم خىيالىمدىن كەچكەن ئىدى.

كۆپ كىشى ئاچ ياتسا خەلقلەر كىملىكىنى بىلمىگەي،
ھەم جېنى تۇمشۇققا يەتسە ھېچكىشى غەم يېمىگەي.

ئەمما دۈشمەنلەرنىڭ مەسخىرىسىدىن ئەندىشە قىلىمەن، ئۇلار ئارقامدىن تىللاپ كۈلۈشىدۇ ۋە ئائىلەم توغرىسىدا قىلىۋاتقان تىرىشچانلىقىمنى ئادىمىيەتسىزلىككە چىقىرىپ مۇنداق دېيىشىدۇ:

بۇنامەرت ئادەمگە ھەرگىز قارىما،
كورگۇسى كەلمەيدۇ بەخت يۈزىنى.
بالا-چاقىسىنى كۆلپەتكە قويۇپ،
تۇرمۇشتا ئويلايدۇ پەقەت ئۆزىنى.

ئۆزەڭگە مەلۇم، ھېساپ ئىلمىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋىرىم بار، ئەگەر سېنىڭ مەرتىۋەڭ شاراپىتىدىن بىرەر ئىشقا تەيىنلىنىپ قالسام، تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولاتتىمكى، قالغان ئۆمرۈمدە ساڭا قانچە تەشەككۈر بىلدۈرسەممۇ ئەھدىسىدىن چىقالمىغان بولاتتىم.“

مەن دېدىم: ”ئەي بۇرادەر، پادىشاغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىككى تەرىپى بار: ھەم نان ئۈمىدى، ھەم جان قورقۇنچىسى، شۇڭا ئاشۇ ئۈمىتنى دەپ قورقۇنچىغا چۈشۈپ قېلىش ئاقىللارنىڭ پىكرىگە خىلاپ.“



كەلمىگەي ھېچكىم پەقىر ئىشكىگە،
باغ-زېمىنغا باج-خىراج تولە دەپ.
ياكى تەشۋىش، غەمگە رازى بول،
يا ئۈجەي باغرىڭنى كەتسۇن قاغا يەپ.

دوستۇم دېدى: ”بۇ سوزنى مېنىڭ ئەھۋالىمغا مۇۋاپىق ئېيتمىدىڭ ۋە ئىلتىماسىمغا جاۋاپ بەرمىدىڭ. كىمكى خىيانەت بىلەن شۇغۇللانسا، قولى ھېساپتا تىترەيدۇ، دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

راست سوزدىن ھەرقاچان خۇدامۇ رازى،
كورمىدىم تۈز يولدا گۇم بولغان قايسى.

دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: ’توت كىشى توت كىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ: قاراقچى سۇلتاندىن، ئوغرى پاششەپتىن، پاسىق چېقىمچىدىن، پاھىشە مۇھتەسىبدىن‘[1]، ئەمما ھېساپتا توغرا بولغان كىشى ھېساپ بېرىشتىن قورقمايدۇ.“

بولما ئىسراپخور ئەمەلدە[2] ئىشتىن ئايرىلغان كۈنۈڭ،
قالمىسۇن دېسەڭ ئەگەر دۈشمەندە ھېچ ئىمكانىيەت،
تۇت ئۆزەڭنى پاك، بۇرادەر، ھېچكىشىدىن قورقمىغىن،
كىر كىيىمنى كىرچىلەر تاش ئۈستىدە ئۇرغاي پەقەت.

---

[1] مۇھتەسىب — شەھەر قازىلىرىنىڭ بازار باشقۇرغۇچىسى.
[2] ئەمەل — بۇ يەردە ئىش، خىزمەت مەنىسىدە.

مەن دېدىم: "تۈلكىنىڭ ھېكايىسى سېنىڭ ئەھۋالىڭغا مۇناسىپ كېلىدىكەن: كىشىلەر قارىسا، بىر تۈلكە يىقىلىپ-قوپۇپ، جان-جەھلى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك، بىرەيلەن ئۇنىڭدىن: 'ساڭا نېمە بالا بولدى، نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭ؟' دەپ سورىغان ئىكەن، تۈلكە: 'ئاڭلىشىمچە، توگىلەرنى سەيسىگە تۇتۇۋاتقۇدەك'، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ھېلىقى كىشى: 'ھوي پەس، توگە بىلەن سېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار ۋە قانداق ئوخشاشلىقىڭ بولسۇن؟' دەپتىكەن، 'توختا!— دەپتۇ تۈلكە،— ئەگەر ھەسەتخورلار غەرەزلىك ھالدا: مۇنۇ توگە، دەپ قويسا، مەن قولىغا چۈشۈپ قالىمەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ ئەھۋالىمنى تەكشۈرۈشكە كىم كۆڭۈل بولۇپ، مېنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ؟ ئىراقتىن تىرىياق① ئېلىپ كەلگىچە، يىلان چاققان ئادەم ئۆلۈپ تۈگەيدۇ'②. سېنىڭ ئەھۋالىڭمۇ خۇددى شۇنداق. گەرچە سەندە ئارتۇقچىلىق، ھالاللىق، توغرىلىق ۋە سادىقلىق بولسىمۇ، ئەمما ھەسەتخورلار پىستىرمىدا، شىكايەتچىلەر بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا ئولتۇرۇشىدۇ. سەن ياخشى ئىشلارنى قىلساڭمۇ، ئۇلار پادىشاغا تەتۈرسىچە يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشانىڭ ئالدىدا جاۋاپقا تارتىلىسەن، ئۇ چاغدا كىم سېنىڭ تەرىپىڭنى ئېلىپ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەتىم شۇكى، قانائەت مۈلكىنى ساقلا، ئەمەلدار بولۇش ئارزۇسىنى تاشلا.

مەنپەئەت كوپ بولۇر دېڭىز-دەريادا،

---

① تىرىياق — زەھەر قايتۇرىدىغان دورا.

② بۇ — خەلق ئىچىدە كەڭ تارالغان ماقال.



ۋە لېكىن تىنچلىق ئىككى ياقادا!"

دوستۇم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تازا ئاچچىقى كەلدى-دە، ھىكايەمدىن چىرايى ئۆڭۈپ، زەردە بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى: "مۇشۇمۇ ئەقىللىقلىق، بىلىمدانلىق بولدىمۇ؟ مۇشۇمۇ پەم-پاراسەت بولدىمۇ؟ دانىشمەنلەر توغرا ئېيتقان ئىكەن: 'دوستلار زىنداندا ئەسقاتىدۇ، داستىخان ئۈستىدە ھەممە ئادەم دوست كۆرۈنىدۇ.'"

دوست دېمە، كىمكى نېمەت ئۈستىدە
يار-بۇرادەرلىكتىن ئۇرسا قانچە لاپ.
دوست شۇكى، پەرىشان، ئېغىر كۈنلەردە
قول تۇتۇپ دوستلۇقنى قالدۇ ساقلاپ.

قارىسام، ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، نەسىھەتلىرىمگە ئاچچىقى بىلەن قۇلاق سېلىۋېتىپتۇ. (نائىلاج) مەن ساھىپ دىۋانىنىڭ① قېشىغا باردىم-دە، ئارىمىزدىكى كونا تونۇشلۇقىمىز بويىچە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ، قابىلىيەت-ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا كىچىكرەك بىر خىزمەت بەردى.

ئاردىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتتى، ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ ئوبدانلىقىنى كۆرۈشتى، تەدبىرچانلىقىغا قايىل بولۇشتى، ئۇنىڭ ئىشى

---

① ساھىپ دىۋان — ۋەزىرلىك ئۇنۋانى. بۇ يەردە سەئدى زامانىدىكى پادىشانىڭ ۋەزىرى ۋە مۇشاۋىرى ئەبەك خان شەمسىددىن جۇۋاينىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سەئدى «ساھىبىيە» ناملىق بىر شېئىر توپلىمىنى مۇشۇ كىشىگە بېغىشلىغان.

ئىلگىرىلەپ، ئۇ تېخىمۇ يۇقۇرى ئورۇنغا قويۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بەخت يۇلتۇزى بارغانسېرى يۇقۇرى ئۆرلەپ، شۇنداق يۈكسەك پەللىگە يەتتىكى، سۇلتان ھەزرەتلىرىگە ئەڭ يېقىن كىشىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ مۇشاۋىرى ۋە ئىشەنچلىك ۋەكىلى بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ تىنچ كېتىۋاتقانلىقىغا شادىمان بولۇپ دىدىم:

"ئۇگۇشسىزلىقتىن ھىچ قورقما، كوڭلۇڭنى يېرىم قىلما،
ئابىھايات بۇلىقى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە.

* * *

كوڭلۇڭنى بۇزما، ئەي كۇلپەتكە يار،
خۇدانىڭ پىنھان شەپقىتى ھەم بار.

* * *

خاپا ئولتۇرما زامان تەتۇرلۇگىدىن، سەۋىر قىل،
سەۋىر ئاچچىق غورىسىدىن ھالۋا پىشار، بۇنى بىل."

شۇ ئارىدا بىر توپ يارانلىرىم بىلەن سەپەرگە چىقىشقا توغرا كېلىپ قالدى. مەن مەككە زىيارىتىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇ مېنى ئىككى مەنزىل يەرگىچە قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ. ئۇنىڭ تۇرقى پەرىشان، كىيىم-كېچەكلىرى ۋەيران كورۇنەتتى.

مەن: "نىمە بولدۇڭ؟" دەپ سورىدىم.

ئۇ جاۋاپ بەردى: "خۇددى سەن ئېيتقاندەك بولدى، بىر گۇرۇھ كىشىلەر ھەسەت قىلىشىپ، ماڭا خائىن دەپ توھمەت چاپلاشتى، پادىشا (دولىتى ئەبەدى بولسۇن) ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېچىش ئۈچۈن، چوڭقۇرراق تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇمىدى، كونا يارانلىرىم



بىلەن يېقىن دوستلىرىم ھەق سوزنى ئېيتماي، شۇك بولۇۋالدى ۋە بۇرۇنقى دوستلۇغىمىزنى ئۇنتۇپ قالدى.

كورەرسەن ئەمەلدار ئالدىدا كىشى
كوكسىگە قول قويۇپ، بېشىنى ئېگەر.
زامان مەنسۇۋىدىن چۈشۈرسە ئۇنى،
جىمى خەلقى ئالەم بېشىغا تېپەر.

قىسقىسى، تۇرلۇك ئازاپ-ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولدۇم، پەقەت مۇشۇ ھەپتىدە ھاجىلارنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىگى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، مېنى ئېغىر زەنجىر-كىشەندىن ئازات قىلىشتى. بىراق مال-مۇلكۇمنى مۇسادىرە قىلىشتى."

مەن دىدىم: "ئۇ چاغدا مېنىڭ دىگەنلىرىمنى قوبۇل قىلمىدىڭ. پادىشاغا خىزمەت قىلىش دېڭىز سەپىرىگە ئوخشايدۇ: ھەم خەتەرلىك ھەم پايدىلىق؛ يا غەزىنىنى قولغا كىرگۇزىسەن، ياكى تىلسىماتتا ئولىسەن!"

ئىككى قوللاپ زەرنى ئۇسسۇيدۇ دېڭىزدا باي غوجا،
يا ئۇنى ساھىلغا ئاتقاي بىر كۈنى دولقۇن راسا.

مەن تاپا-تەنە بىلەن ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىپ، ئىچىنى ئېچىشتۇرۇشنى لايىق كورمىدىم-دە، مۇنۇ سوزلەر بىلەن چەكلەندىم:

بىلمەمتىڭ پۇتۇڭغا كىشەن چۈشۈشنى؟

قۇلاقتا ئالمىدىڭ قىلسام نەسىھەت،
قولۇڭنى سوزمىغىن ھەرگىز چايانغا،
گەر سەندە يوق بولسا نەشتەرگە تاقەت.

## ھېكايەت (17)

بىر نەچچە دەرۋىش بىلەن باردى- كەلدى مۇناسىۋىتىم بار ئىدى. ئۇلار كورۇنۇشتە سوپىلىق كىيىمى بىلەن ياسانغان ئىدى. ئەمەلدارلاردىن بىرى بۇ كىشىلەر ھەققىدە ناھايىتى ياخشى پىكىردە بولغاچقا، مەلۇم مىقداردا تۇرمۇش پۇلى بېرىپ تۇرۇشنى بېكىتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى دەرۋىشلەرنىڭ ئەخلاقىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويغانلىقتىن، ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ ياخشى پىكرى ئۆزگىرىپ، دەرۋىشلەرنىڭ بازىرى كاساتلاشتى.

مەن دوستلىرىمنىڭ تەمىناتىنى بىرەر يول بىلەن قۇتقۇزۇۋاللماقچى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا باردىم. دەرۋازىۋەن كىرگۈزمەستىن، مېنى ھاقارەتلىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئېغىر ئالمىدىم. چۈنكى شۇنداق گەپ بار:

ئەمىر، ۋەزىر، سۇلتاننىڭ بوسۇغىسىغا
تونۇشسىز ھەرگىزمۇ بارمىغىن يېقىن.
يات ئادەمنى كورسە ئىتى ئېتەكتىن،
ئىشىك باقارى ئالار دەرھال ياقىدىن.

شۇ ئەسنادا ئاشۇ ئەمەلدارنىڭ يېقىن كىشىلىرى بۇ ئەھۋالىنى



بىلىپ، مېنى ئىززەت- ئىكرام بىلەن ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىشتى ۋە تۆردىن جاي كورسەتتى. مەن تاۋازۇ بىلەن تۆۋەنرەك يەردە ئولتۇردۇم- دە، دېدىم:

”رۇخسەت ئەيلە، مەن كەمىنە بىر مالايمەن،
قۇللار بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرايمەن.“

ئۇ دېدى: ”ۋاي ئاللا، ۋاي خۇدا، نىمە دېگىنىڭ بۇ؟

كوتىرەي، باش- كوزۇمگە ئولتۇرساڭ،
چۈنكى سەن كېلىشكەن نازىنىن تۇرساڭ!“

سوزنىڭ قىسقىسى، ئولتۇردۇم ۋە ئۇ يەر- بۇ يەردىن پاراڭ سالدىم. ئاخىرى گەپ دوستلىرىمنىڭ خاتالىقلىرى ئۈستىگە كوچتى، مەن مۇنداق دېدىم:

نىمە گۇنا كورگەندۇ سابىق ئىنئام ئىگىسى،
قۇللىرىنى خار كورۇپ، قىلماي قويدى ئېھسانىنى.
ئۇلۇغۋارلىق ھەم قۇدرەت خۇداغىلا مەنسۇپتۇر،
بەندە گۇنا قىلسىمۇ ئۈزۈپ قويماس ئاش- نانىنى.

بۇ سوزۇم ھاكىمغا بەك ياراپ كەتتى- دە، دوستلىرىمنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى بۇرۇنقى قائىدە بويىچە بېرىپ تۇرۇشقا ۋە ئۈزۈپ قويۇلغان كۇنلەرنىڭمۇ تەمىناتىنى تولۇقلاپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى.

مەن ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، يەر تۆپۈپ تازىم قىلدىم، بۇ ئىشتىكى جاسارىتىمگە ئەپۇ سورىدىم ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدىم:

كەئبە ــ ھاجەت قىبلىسىدۇر، بەك يىراق دىيارلاردىن
كوپ مۇساپىلەرنى بېسىپ، خەلق بولۇر ئاڭا جەم.
سېنىڭ كوتەرمىگىڭ لازىم بىزدەكلەرنىڭ يۈكىنى،
مۇڭسىز دەرەخلەرگە تاش ئاتمايدۇ ھېچ ئادەم.

## ھېكايەت (18)

بىر شاھزادىگە ئاتىسىدىن نۇرغۇن غەزنە مىراس قالغان ئىدى. ئۇ مەرتلىك ئالقىنىنى ئېچىپ، سېخىلىق نەمۇنىسىنى كورسەتتى. لەشكەر بىلەن پۇقراغا پۇل-مالنى ئايىماستىن توكتى.

پۇراق چاچمايدۇ تەخسىدە ئارچا،
ئوتقا قوي ئۇنى، ئەنبەر بوي چاچقاي.
ئۇلۇغلۇق لازىم بولسا ئېھسان قىل،
ئۇرۇق چاچمىساڭ ھوسۇل بولمىغاي.

كالتە پەم مۇشاۋىرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، مۇنداق دېدى: "بۇ بايلىقلارنى بۇرۇنقى پادىشالار تەسلىكتە تاپقان ۋە مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن قويۇپ قويغان. بۇ ھەركەتتىن قولىڭىزنى تارتىڭ، چۈنكى نى ئىشلار بار ئالدىمىزدا، دۈشمەن ئارقىمىزدا.



ئېھتىياجلىق پەيتتە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماڭ.

غەزنەڭنى تارقاتساڭ بېرىپ ئاممىغا،
ھەر ئۆيگە بىر گۈرۈچ تېگىدۇ ئاران.
ھەر ئۆيدىن ئالساڭ سەن ئارپىچە كۈمۈش،
كۈندە بىر غەزنە پۈتەتتى ئوبدان."

پادىشا بۇ سوزدىن بوينىنى تولغىدى، چۈنكى دىتىغا توغرا كەلمىگەن ئىدى. ئۇنى جازالاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: "خۇدايى تائالا مېنى يەپ-ئىچسۇن، باشقىلارغىمۇ بەرسۇن دەپ بۇ مەملىكەتكە ئىگە قىلغان، مەن مال-دۇنياغا قارايدىغان قاراۋۇل ئەمەسمەن."

قىرىق غەزنە ساقلىغان قارۇنمۇ① ئولدى بىمۇرات،
نۇشىرۋان ئولمەس، ئۇنىڭكى ياخشى نامى بەرھايات.

## ھېكايەت (19)

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىركۈنى شىكار ئۈستىدە نۇشىرۋان ئادىل ئۈچۈن بىر ياۋا قۇشنى كاۋاپ قىلىشتى، تۇز يوق ئىدى. بىر غۇلام تۇز ئەپكېلىش ئۈچۈن يېزىغا ماڭغان ئىدى، نۇشىرۋان ئۇنىڭغا

---

① قارۇن ــ ئۆزىنىڭ بېخىللىقى ۋە ئاچكوزلۇگى بىلەن يەرگە كىرگەن ئەپسانىۋى بىر باي.

تاپىلاپ: "تۈزنى ئۇز باھاسى بويىچە سېتىۋال، كېيىن بۇ ئىش رەسمىيەتكە ئايلىنىپ، يېزنى خاراپ قىلمىسۇن!" دېدى. كىشىلەر: "بۇنىچىلىك نەرسىدىن قانچىلىك زىيان يېتەر؟" دەپ سورىغان ئىدى، نۇشىرۋان دېدىكى: "ئەڭ بۇرۇن جاھان يارالغاندا زۇلۇمنىڭ ئاساسى كىچىككىنە ئىدى. ئەمما كېيىن دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر كىشى ئاز-ئازدىن كوپەيتكەچ مانا مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى!"

يەي دىسە پۇقرا بېغىدىن پادىشا بىر ئالمىنى،
يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار دەرەخنى غالچىسى.
كورسە سۇلتان بەش تۇخۇمغا زورلۇق ئەيلەشنى راۋا،
مىڭ توخۇنى زىخقا تارتقاي لەشكەرىدىن قانچىسى.

## ھېكايەت (20)

ئاڭلىشىمچە، بىر غاپىل ۋەزىر سۇلتاننىڭ غەزنىلىرىنى پاراۋان قىلىمەن دەپ، پۇقرانىڭ ئۆي-مۈلكىنى خاراپ قىلىۋەتكەن. ئۇ دانىشمەنلەرنىڭ سوزىدىن بىخەۋەر ئىدى، دانىشمەنلەر ئېيتقانكى، "كىمكى بىرەر ئادەمنىڭ كوڭلىنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ، خۇدايى تائالانى رەنجىتسە، خۇدايى تائالا دەرھال خەلقنى ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندۇرۇپ، ئۇنى يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ."

مەزلۇملار ئاھىدىن چىققان دۇت بولەك،
چوغ، ئىسرىق ئۇنىڭدىن بېرەلمەس دېرەك.



كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بارلىق ھايۋانلارنىڭ پادىشاسى شىر، ئەڭ بىچارىسى ئېشەك، ئەمما يۈك كوتىرىدىغان ئېشەك ئادەم يەيدىغان شىردىن ياخشى.

بىچارە ئېشەك كالۋا سۈپەتلىك،
يۈك توشۇش بىلەن ھامان قىممەتلىك.
يۈك كوتەرگۈچى ئېشەك ۋە كالا
زالىم ئادەمدىن مىڭ مەرتە ئەلا.

يەنە غاپىل ۋەزىرنىڭ ھېكايىسىگە كېلەيلى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاغا ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى دەلىل-ئىسپات بىلەن مەلۇم بولغاچ، پادىشا ئۇنى قىيىن-قىستاققا ئېلىپ، تۈرلۈك ئازاپ-ئوقۇۋەت بىلەن ئولتۇرۇۋەتتى.

بەندىلەر كوڭلىنى ئالمىساڭ ئەگەر،
سۇلتاندىن كەلمەيدۇ ساڭا مەرھەمەت.
خۇدادىن ئىلتىپات كورمەكچى بولساڭ،
خەلققە ياخشىلىق ئەيلىگىن پەقەت.

ئېيتىلىشىچە، زۇلۇم كورگەن كىشىلەردىن بىرى جازا مەيدانى يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئولۇمى ئۈستىدە ئويلىنىپ مۇنداق دېگەن:

سەلتەنەتتە قولى ئۈستۈن، مەنسۇۋى بار ھەركىشى

قىلمىسۇن تاراج كىشىنىڭ مۈلكىنى ئۇ بىئامان.
يۇتمىغىڭ قاتتىق سۆڭەكنى ئۈنچىلىكمۇ تەس ئەمەس،
كەلسە كىندىككە، لېكىن قۇساقنى يىرتقاي بىگۇمان.

* * *

بۇ دۇنيادا زالىم قالالماس ئەبەت،
ئۇنىڭغا قالىدۇ مەڭگۈلۈك لەنەت.

## ھىكايەت (21)

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر زوراۋان بىر مومىن ئادەمنىڭ بېشىغا تاش بىلەن ئۇرغان ئىدى. دەرۋىشنىڭ ئىنتىقام ئېلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەچكە، ئاشۇ تاشنى ساقلاپ يۈردى. بىر چاغدا ھېلىقى زالىم چېرىككە پادىشانىڭ غەزىۋى كېلىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىدى. ھېلىقى دەرۋىش قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىپ ئاشۇ تاش بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇردى.

چېرىك ۋاقىراپ دېدى: "سەن كىم، نېمىشقا بۇ تاش بىلەن مېنى ئۇرىسەن؟"

دەرۋىش جاۋاپ بەردى: "مەن پالانى كىشى بولىمەن، سەن پالانى چاغدا مېنى ئۇرغان تاش مانا مۇشۇ."

"ئانداق بولسا شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان نەدە ئىدىڭ؟" دېدى چېرىك. دەرۋىش دېدى: "ئۇ چاغدا مەن مەنسىۋىڭدىن قورقاتتىم. ھازىر سېنى قۇدۇقتا كوردۇم-دە، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدىم."

بىنومۇسنى كورگىنىدە بەختىيار،



زېرەك ئادەملەر ۋاقىتلىق بوي سۇنار.
بولمىغاندا تىرنىغىڭ ئۆتكۈر قىلىچ،
ياخشىسى يىرتقۇچ بىلەن ئازراق ئېلىش.
كىم پولات قوللۇق كىشىگە مۇشت ئاتار،
ئۆزىنىڭ ئاجىز قولىنى ئاغرىتار.
كۈت، زامان بىركۈن قولىنى باغلىغاي،
ئەز بېشىنى، شۇندا دوستلار يايرىغاي.

## ھىكايەت (22)

بىر پادىشانىڭ تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان ئىنتايىن قورقۇنچلۇق كېسىلى بار ئىدى. بىرتوپ يۇنان تېۋىپلىرى: بۇ كېسەلگە ھېچقانداق داۋا يوق، پەقەت بىرقانچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئادەمنىڭ ئۆتى داۋا دېگەن پىكىرگە كېلىشتى. پادىشا شۇنداق ئادەمنى تېپىڭلار دەپ بۇيرۇدى. بىر دېھقاننىڭ ئوغلىنى تېپىپ كېلىشتى، تېۋىپلار ئېيتقان سۈپەت بۇ بالىدا بار ئىدى، پادىشا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى چاقىرتىپ، ھېساپسىز پۇل-مال بىلەن رازى قىلدى، قازى: "پادىشانىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرەر پۇقرانىڭ قېنىنى توكۇش راۋا" دەپ پەتىۋا بەردى. جاللات ئۆلتۈرۈشكە تەييارلاندى، بالا بېشىنى ئاسمانغا قىلىپ تەبەسسۇم قىلدى. پادىشا ئۇنىڭدىن سورىدى: بۇنداق ھالەتتە كۈلۈشكە نېمە ئورۇن بار؟"

يىگىت جاۋاپ بەردى: "بالىغا مېھرى قويۇش ئاتا-ئانىنىڭ قەرزى، كىشى قازىنىڭ ئالدىغا دەۋا بىلەن كېلىدۇ، پادىشادىن بولسا ھەق-ئادالەت ئىستەيدۇ، لېكىن ھازىر ئاتا-ئانىلىرىم چىرىك

دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلىنى دەپ خۇنۇمنى تۆكۈشكە رازى بولدى، قازى ئۆلتۈرۈشكە پەتۋا بەردى، سۇلتان ئۆزىنىڭ ئامان قېلىشىنى مېنىڭ ئۆلۈمۈمدىن ئىزلىمەكچى بولدى. (بۇ ئەھۋالدا) خۇدايى تائالادىن باشقا ھېچ پانا كۆرمىدىم.

سېنىڭ دەستىڭدىن كىمگە قىلاي پەريات؟
زۇلمىڭدىن ئېيتاي ئۆزەڭگىلا دات."

بۇ سۆزدىن سۇلتاننىڭ يۈرىكى ئېزىلدى..دە، كۆزىدىن ياش تامچىلىرى دومىلىدى ۋە شۇ ئاندا دېدى: "گۇناسىزنىڭ قېنىنى تۆككەندىن ئۆزەمنىڭ ئۆلگىنىم مىڭ ئەلا!"

ئۇ، بالىنىڭ يۈز-كۆزىدىن سۆيۈپ، قۇچاغلىدى، ئاندىن ھېساپسىز پۇل-مال بېرىپ ئۇنى ئازات قىلىۋەتتى. ئېيتىلىشىچە، پادىشا شۇ ھەپتە ئىچىدە ساقىيىپ كەتكەن.

نىل بويىدا پىل باقار ئېيتقان مۇنۇ
ئىككى مىسرا تۇردى يادىمدا ھامان:
"بىلسەڭ ئاستىڭدا چۈمۈلە ھالىنى،
پىل ئاياغىدا ئۆزۈڭ قالغانسىمان!"

## ھېكايەت (23)

ئەمرۇلەيسنىڭ① قۇللىرىدىن بىرى قېچىپ كەتكەن ئىدى. بىرقانچە

① ئەمرۇلەيس — مەشھۇر پارىس پادىشاسى (879 — 900).



ئادەم ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشتى. بىر ۋەزىرنىڭ ئۇنىڭغا ئۆچ-ئاداۋىتى بار ئىدى، ئۇ، باشقا قۇللار مۇنداق قىلغىنى قىلمىسۇن، دېگەن بانا بىلەن ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. قۇل ئەمرۇلەيسنىڭ ئالدىدا يەرگە باش قويۇپ مۇنداق دېدى:

"نېمە قىلساڭ قىل ماڭا، سەن خالىساڭ ھەر ئىش راۋا،
قۇل نېمە دەۋا قىلار، گەر غوجىسى بەرسە جازا؟

ئەمما مەن مۇشۇ خانىداننىڭ ئاش-تۇزىنى يەپ پەرۋىرىش تاپقانلىقىمدىن قىيامەت كۈنى مېنىڭ خۇنۇمغا جاۋاپكار بولۇپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن. شۇڭا ئىجازەت بەرسەڭ، ۋەزىرنى ئۆلتۈرەي. ئاندىن ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن مېنىڭ قېنىمنى تۆكۈشكە بۇيرۇق قىل، ئۇ چاغدا مېنى ھەققانى ئۆلتۈرگەن بولىسەن!"①

پادىشا كۈلۈپ كەتتى-دە، ۋەزىرگە دېدى: "بۇ پىكىرگە قانداق قارايسەن؟"

ۋەزىر دېدى: "ئەي پادىشاھى ئالەم، ئاتىڭىزنىڭ گۆرىنىڭ سەدىقىسى بولار، خۇدا ھەققى بۇ قىزىل كوزنى ئازات قىلىۋېتىڭ. ئۇ مېنى بالاغا قويمىسۇن، گۇنا مەندىن ئۆتتى. دانىشمەنلەرنىڭ سۆزى ھەق، ئۇلار مۇنداق دېگەن:

"پالاخمانچى② بىلەن جەڭدە ئېلىشساڭ،

① شەرىئەتتە قاچقان قۇلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ.
② پالاخمانچى — قەدىمقى زاماندا راگاتكىغا ئوخشاش قورال بىلەن تاش ئاتىدىغان ئەسكەر.

بويايسەن ئۆز بېشىڭنى، بىلمەي قانغا.
ئەگەر ياۋغا ئوق ئاتساڭ سەن ھەزەر قىل،
چۈشۈپ قالما يەنە ئۆزەڭ نىشانغا."

## ھېكايەت (24)

زەۋزەن① پادىشاسىنىڭ قول ئاستىدا بىر خوجا② بار بولۇپ، ئالىجاناپ، ھىممەتلىك كىشى ئىدى. كىشىلەر كۆرۈشكىلى كەلسە خىزمىتىنى قىلاتتى، يوق چېغىدا كىشىلەرنىڭ ياخشى گېپىنى قىلاتتى. كۈتۈلمىگەندە بۇ خوجىنىڭ بىر ئىشى سۇلتانغا ياقماي قالدى-دە، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى جازاغا ھۆكۈم قىلدى.

پادىشانىڭ ھەربى باشلىقلىرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ياخشىلىقلىرىنىڭ قەدرىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىشقا قەرزدار ئىدى، شۇڭا قاماقتا بولغان جەرياندا دوستانە ۋە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولۇشتى. قىيناش ۋە جازالاشقا يول قويمىدى.

تىنچ ئۆتۈشنى خالىساڭ دۈشمەن بىلەن، ھەر چاغ سېنى
يوق چېغىڭدا سۆكسە مەيلى، سەن ئۇنى ماختا راسا.
سۆز دېگەن چىققاي ئېغىزدىن، شۇڭا سەن ئازارچىدىن
ئاڭلىماي دېسەڭ يامان تىل، ئاغزىنى ياغلا راسا.

---

① زەۋزەن — خۇراساندىكى بىر شەھەر.
② خوجا — بۇ يەردە مالىيە ۋەزىرى ياكى دەپتەردار مەنىسىدە.



پادىشا ئوتتۇرىغا قويغان ئەيىپلەرنىڭ بىر قىسمىنى خوجا بويىنغا ئالمىدى، قالغان بىر قىسمى ئۈچۈن زىنداندا قالدى. شۇ ئەتراپتىكى پادىشالاردىن بىرى خوجىغا مەخپى مەكتۇپ ئەۋەتىپ، مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن ئىدى: "سىز تەرەپنىڭ پادىشالىرى سىزدەك چوڭ بىر ئەمەلدارنىڭ قەدرىنى بىلمىدى ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى. ئەگەر سىزدەك يۈكسەك پىكىرلىك بىر كىشى (خۇدا تېزرەك خالاس تاپقۇزسۇن) بىز تەرەپكە ئىلتىپات قىلىدىغان بولسا، كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بار تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ، بۇ مەملىكەتنىڭ كاتتىلىرى ئۇ كىشىنى كۆرۈشكە بەكمۇ ئىنتىزار ۋە بۇ خەتنىڭ جاۋابىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ."

خوجا خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىرئاز ئويلىدى-دە، دەرھال مەكتۇپنىڭ ئارقا تەرىپىگە قىسقىچە جاۋاپ يېزىشنى لازىم تېپىپ، ئۇنى ئەۋەتتى.

پادىشانىڭ بىر ئادىمى بۇ ئىشتىن ۋاقىپ بولۇپ، پادىشاغا مەلۇم قىلدى: "سىز قاماققا ئالغان پالان ئادەم خوشنا مەملىكەت پادىشالىرى بىلەن خەت-ئالاقىدا بولۇپتۇ."

پادىشانىڭ بەك ئاچچىغى كەلدى-دە، بۇ خەۋەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى بۇيرۇدى. چاپارمەننى تۇتۇپ كېلىشتى، خەتنى ئوقۇشتى، خەت مۇنداق يېزىلغان ئىكەن:

"ھەزرەتلىرىنىڭ ياخشى پىكرى بىزنىڭ پەزىلىتىمىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇيرۇلغان تەكلىپنى قوبۇل قىلىش شەرىپىگە ئىگە بولۇشقا پەقىر بەندىدە ئىمكان يوق، چۈنكى مەن بۇ خانىداننىڭ نېمەتلىرى بىلەن پەرۋىرىش تاپقانمەن، شۇڭا ئىلتىپاتنىڭ ئازراق ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆز شەپقەتچىمگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس!"

ئاقىللار مۇنداق دەيدۇ:

ساڭا ھەردەم ياخشىلىق قىلغان كىشى — شەپقەتچىڭنى
ئەپۇ ئەيلە ئۆمرىدە بىر مەرتە رەنجىتسە سېنى.

پادىشاھقا ئۇنىڭ ھەققانىيەتچىلىكى ياراپ كەتتى-دە، ئۇنىڭغا ئالاھىدە تون كىيگۈزۈپ، مالۇ-نېمەت ئىنئام قىلدى ۋە: "مەن ساڭا ناھەق ئازار بېرىپ خاتا قىلدىم!" دەپ ئۆزرىخالىق ئېيتتى. خوجا دېدى: "ئەي ئالىيلىرى، مەن قۇللىرىڭىز بۇ ھالەتتە سىزدىن ھېچقانداق خاتالىق كۆرگىنىم يوق، بەلكى خۇدايى تائالانىڭ تەقدىرى شۇنداق بولۇپ، پەقىرنىڭ بېشىغا قاملاشمىغان ئىش كېلىپ قالغاندۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇنداق ئىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلگەن بولسا مەيلى، چۈنكى ئىلگىرى ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭىز، نېمەتلىرىڭىزنى ئايىمىدىڭىز، دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ:

'گەر پالاكەت كەلسە خەلقتىن رەنجىمە،
جەۋر-راھەتنى پەقەت خەلقتىن دىمە.
دوستۇ-دۈشمەن زىددىنى ھەقتىن دىگىن،
ئىككى ياقنىڭ كۆڭلى چىقماس ھۆكمىدىن.
چىقسىمۇ ئوق گەر كامانچە ئېتىلىدىن،
ئەقلى بار ئادەم بىلۇر ئوقياچىدىن.'"



## ھېكايەت (25)

ئەرەپ پادىشاھلىرىدىن بىرى دىۋان① خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈردى: پالانچىنىڭ مائاشىنى ئىككى ھەسسە ئۇستۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئوردىدا! ئىزچىل خىزمەت قىلىپ كەلدى ۋە بۇيرۇقنى ئوبدان ئورۇنلىدى. باشقا خىزمەتچىلەر بولسا ئويۇن-تاماشاغا بېرىلىپ، ئۆز خىزمىتىگە سۇس قارىشىدۇ!"

بىر تەقۋادار كىشى بۇنى ئاڭلاپ دېدى: "ھەق تائالانىڭ دەرگاھىدا بەندىلەرنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش خۇددى شۇنداق بولىدۇ!"

كىمكى شاھنىڭ خىزمىتىگە ئىككى بار كەلسە سەھەر،
شاھ ئۈچىنچىدە ئاڭا لۇتپى بىلەن سالغاي نەزەر.
بارچە مۇخلىس بەندىلەردە ھەرقاچان باردۇر ئۈمىت،
تەڭرىنىڭ دەرگاھىدىن ئۇ نائۈمىت قايتماس مەگەر.

* * *

پەرمانغا بوي سۇنۇش بولۇر ئۇلۇغلۇق،
پەرماندىن قاچقاننى باسىدۇ خورلۇق.
كىمكى كۆرسەتەي دىسە ساداقەت،
خىزمىتى ئورنىدا بولسۇن داۋامەت.

---

① دىۋان — قەدىمقى زاماندا ھۆكۈمەت كاتىۋات ئىشخانىسى.

## ھېكايەت (26)

ھېكايە قىلىنىشچە، بىر زالىم كەمبەغەللەرنىڭ ئۆتۈنىنى ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، بايلارغا يۇقىرى باھادا ساتاتتى. بىر پاكدىل كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دېدى:

"سەن يىلانمۇ، كىمنى كۆرسەڭ چاقىسەن ئەيلەپ ئازاپ،
يا ھۇقۇشمۇ، نەگە قونساڭ، ئۇشبۇ جاي بولغاي خاراپ؟

* * *

زورلۇغۇڭ ئۆتسىمۇ گەرچە سىزگىلا،
خۇدانىڭ ئالدىدا سەن ئاجىز مەخلۇق.
خەلقلەرنىڭ دۇئاسى يەتمىسۇن كوككە،
يەر يۈزى ئەھلىگە قىلمىغىن زورلۇق."

زالىم بۇ سۆزدىن خاپا بولۇپ، نەسىھەتچىدىن بويىنىنى تولغاپ، پەرۋا قىلمىدى. "ئۆز غۇرۇرى ئۆز بېشىغا چىقتى" دېگەن مانا شۇ: بىر كېچە ئاشخانىدىن بىر پارچە ئوت چاچراپ چىقىپ، ئوتۇن ئامبىرىغا چۈشتى-دە، ئۇنىڭ پۈتۈن مۈلكىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، زالىمنى يۇمشاق توشەكتىن ئىسسىق كۈلنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. تاسادىپى ھېلىقى پاكدىل كىشى ئۇنىڭ قېشىدىن يەنە ئۆتۈپ قالدى. قۇلاق سالسا، ئۇ ئۆز دوستلىرىغا مۇنداق دەۋاتاتتى: "بىلمىدىم، بۇ ئوت سارىيىمغا نەدىن چۈشكەندۇ؟"

ئۇ كىشى دېدى: «كەمبەغەللەرنىڭ يۈرىكىدىن چىققان ئاھتىن!»



ھەزەر قىل يارىلىق كۆڭۈل ئاھىدىن،
يۈرەكتىن تېشىغا چىقار ئاقىۋەت.
ئىمكان بار، رەنجىتمە بىراۋ دىلىنى،
ئاھ ئۇرسا جاھاننى تۇتار ئاقىۋەت.

كەيخۇسراۋنىڭ تاجىغا مۇنۇلار پۈتۈلگەن ئىدى:

يىللار چەكسىز، پايانى يوق، ھايات ئۇزۇن!
جاھاندا خەلق بېشىمىزدىن ئۆتمەك ئىستەر.
قولدىن قولغا ئۆتۈپ شاھلىق بىزگە يەتتى،
بىزدىن يەنە باشقا قولغا شۇنداق ئۆتەر.

## ھېكايەت (27)

بىرسى چېلىش سەنئىتىدە كامالەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۈچ يۈز ئاتمىش ھىلە-پەن ئىشلىتىشنى بىلەتتى ۋە ھەركۈنى بولەك بىر ئۇسۇل بىلەن چېلىشاتتى، شاگىرتلىرىنىڭ ئىچىدە كېلىشكەن بىر يىگىت بار ئىدى، ئۇنىڭغا كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە مۇھەببەت ساقلايتتى. ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز ئەللىك توققۇز چېلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ بولۇپ، پەقەت بىر ئۇسۇلنى ئۆگەتمەستىن كېچىكتۈرۈپ كېلەتتى. قىسقىسى، شاگىرت بالا كۈچ-قۇۋۋەت ۋە سەنئەت جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئۇز زامانىسىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بىر كۈنى ئۇ پادىشا ئالدىدا مۇنداق دەپ قويدى: "ئۇستازىمنىڭ مەندىن ئارتۇقچىلىغى

پەقەت شۇنىڭدىكى، ئۇ مەندىن چوڭ ۋە مېنى تەربىيىلىگەن ھەققى بار. ئۇنداق بولمىغاندا، كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۇنىڭدىن كەم ئەمەسمەن، سەنئەتتە بولسا ئۇنىڭ بىلەن باپ-باراۋەرمەن!“

بۇ سۆز پادىشاغا قوپال تۇيۇلدى-دە، ئۇلار چېلىشىپ باقسۇن دەپ بۇيرۇق قىلدى. چوڭ سورۇن تۈزۈلدى. دۆلەت ئەرباپلىرى، ھەزرەتنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە بۇ ئەلنىڭ پەھلىۋانلىرى ھازىر بولۇشتى. يىگىت مەست پىلدەك مەيدانغا كىرىپ كەلدى، ئۇ گويا بىر زەربە بىلەن تۆمۈر تاغنى جايىدىن يۆتكىۋەتكۈدەك ئەلپازدا ئىدى. ئۇستازى يىگىتنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇپ كەلگەن ئاجايىپ بىر ئۇسۇل بىلەن چېلىشىشقا باشلىدى. يىگىت ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئۇستازى ئىككى قولى بىلەن ئۇنى دەس كۆتىرىپ، باش ئۈستىگە ئالدى-دە، يەرگە ئۇردى. خەلق چۇقان كۆتىرىشتى. پادىشا ئۇستازغا تون كىيگۈزۈشكە ۋە پۇل-مال بېرىشكە بۇيرۇدى، شاگىرت بالىنى قاتتىق سۆز بىلەن يەرگە قاراتتى:

“ئۆز تەربىيەتچىڭ بىلەن تەڭ كېلەلەيمەن، دەپ دەۋا قىلغان ئىدىڭ، ھېچنېمە قىلالمىدىڭغۇ؟“

شاگىرت دېدى: “ئەي پادىشاھىم، ئۇ مېنى كۈچ بىلەن يەڭگىنى يوق، بەلكى چېلىش سەنئىتىدە بىر ھىلىنى مەندىن سىر تۇتۇپ، ئۆگەتمەي كەلگەن ئىكەن. بۈگۈن ئاشۇ ھىلە بىلەن مېنى يەڭدى“.

ئۇستاز دېدى: “بۇ ھىلىنى مەن مۇشۇنداق كۈنلەر ئۈچۈن ساقلىغان ئىدىم. چۈنكى دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: ‘دوستۇڭغا ئۇنچىلىك كۈچ-قۇۋۋەت بەرمە، ئەگەر ئۇ دۈشمەنگە ئايلانسا سېنى يېڭىۋالىدۇ.’ ئۆز شاگىرتىدىن جاپا كۆرگەن بىرسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى



ئاڭلىماپمىدىڭ:

‘بۇ دۇنيادا ياكى ھېچ ۋاپا يوق،
يا ۋاپا قىلماس كىشى بۇ زامان.
ھېچكىم مەندىن ئوق ئېتىشنى ئۆگەنمىدى،
ئاخىر مېنى قىلمىسىدى ئاڭا نىشان.’“

## ھېكايەت (28)

بىر دەرۋىش قاقاس بىر يەردە تەنھا ئولتۇراتتى. بىر پادىشا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. دەرۋىش ئۆزەمگە ئۆزەم پادىشا، ھېچكىمگە بېقىنمايمەن، دېگەن قانائەت بىلەن بېشىنى كۆتەرمىدى ۋە نەزەرمۇ سالمىدى. سۇلتان بولسا سەلتەنەت-ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى كىشىمەن دېگەن نۇقتىدىن خاپا بولۇپ مۇنداق دېدى: “جەندە كىيگەن بۇ بىرنىمىلەر خۇددى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ئۇلاردا ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتى يوق!“

ۋەزىر دەرۋىشنىڭ قېشىغا كېلىپ دېدى: “ئەي مەرت كىشى، يەر يۈزىنىڭ سۇلتانى يېنىڭدىن ئۆتسە، نىمىشقا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ تازىم قىلمايسەن ۋە ئەدەپ قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرمەيسەن؟“

دەرۋىش دېدى: “پادىشاغا ئېيت، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن كىم بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىت قىلسا، شۇ كىشىدىن خۇشامەت قىلىشنى كۈتسۇن، يەنە شۇنى بىلسۇنكى، پادىشا دېگەن پۇقرانى ساقلاش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، پۇقرالار ھەرگىز پادىشاغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس!“

پادىشا كەمبەغەللەر پاسىۋانى،
گەرچە شاھلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن دولەت.
قوي دىگەن چۇپان ئۈچۈن ياشىماس،
بەلكى چۇپان ئاڭا قىلۇر خىزمەت.

* *

بۇگۈن كورسەڭ بىر ئاۋنى بەختلىك، شات،
كورەرسەن بىرسىنى كوڭلى جاراھەت.
كۇتۇپ تۇر نەچچە كۈن، تۇپراق بىر ئاۋنىڭ
خىيالچان بېشىنى يەيدۇ كارامەت.
تۇگەر شاھلار بىلەن قۇللارنىڭ پەرقى،
ئۇلارغا كەلسە بىر كۈن يازمىش قىسمەت.
ئۇلۇكلەر قەۋرىسىنى ئاچساكى بىر كىشىم،
كورەلمەس باي-گادايلىقتىن ئالامەت!

دەرۋىشنىڭ سوزى پادىشاغا قاتتىق تەسىر قىلدى-دە: "مەندىن نىمىنى خالىساڭ سورا!" دىدى.

دەرۋىش دىدى: "مەن سەندىن شۇنى سورايمەنكى، مىنى ئىككىنچى بىئارام قىلمىساڭ!"

پادىشا دىدى: "ماڭا بىرەر پەندى-نەسىھەت قىلساڭچۇ!"

دەرۋىش دىدى:

"بۇگۇنلا بار قولدا بايلىق، بىل غەنىمەت،
قولدىن قولغا ئوتۇپ تۇرار مۇلك-دولەت."



## ھېكايەت (29)

ۋەزىرلەردىن بىرى زۇننۇن مىسرىنىڭ① ئالدىغا كېلىپ، دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى: "مەن كېچە-كۈندۈز سۇلتاننىڭ خىزمىتى بىلەن مەشغۇلمەن، شۇڭا ئۇنىڭ ياخشىلىغىدىن ئۇمىتۋار بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن غەزىۋىگە يولۇقۇپ، ئازاپ چېكىشتىن قورقىمەن!" زۇننۇن يىغلاپ مۇنداق دىدى: "سەن سۇلتاندىن قورققانچىلىك خۇدايى تائالادىن قورققان بولسام، ئۇ چاغدا مەن سادىق بەندىلەردىن بولاتتىم!"

دەرۋىشنىڭ ئايىغى كوكتە بولاتتى،
ئۈمىدى يوق بولسا راھەت-جاپادىن.
ئەڭ ئەزىز پەرىشتە بولاتتى ۋەزىر،
شاھىدىن قورققاندەك قورقسا خۇدادىن.

## ھېكايەت (30)

بىر پادىشا، بىر گۇناسىز ئادەمنى ئولتۇرۇشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئادەم مۇنداق دىدى: "ئەي پادىشا، ماڭا بولغان غەزىۋىڭ تۇپەيلىدىن ئوزەڭنى كۇلپەتكە سالما، چۇنكى مېنىڭ چېكىدىغان ئازاۋىم بىر دەمچىلىك، ئەمما بۇنىڭ ئۇۋالى سەندە مەڭگۇ قالىدۇ".

---

① زۇننۇن مىسرى — مىسىرلىق مەشھۇر بىر سوپى ھەم دەرۋىش.

چول شامالى ئوخشاش ئۇرمۇش، دەۋران ئوتەر،
قايغۇ-شادلىق. ياخشى بىلەن يامان ئوتەر.
جاپا سالسا زالىم بىزگە ئوز بويىندا،
سالغان جاپا بىزدە قالماس هامان ئوتەر.

پادىشاغا ئۇنىڭ نەسىھىتىنىڭ پايدىسى بولدى-دە، ئۇنىڭ خۇشىدىن ئوتتى.

## هىكايەت (31)

نۇشىرۋاننىڭ ۋەزىرلىرى مەملىكەتنىڭ مۇھىم بىر ئىشى ئۇستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان ئىدى، هەرقايسىسى ئوز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. پادىشامۇ بىر تەدبىرنى ئويلىغان بولدى. بۇزۇرجمېھر پادىشانىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ئىدى، ۋەزىرلەر ئۇنىڭدىن ئاستا سوراشتى: "شۇنچە دانىشمەنلەرنىڭ پىكرى ئالدىدا پادىشانىڭ رايىدا نىمە ئارتۇقچىلىق كوردۇڭ؟"

ئۇ دىدى: "بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى تېخى مەلۇم ئەمەس، باشقىلارنىڭ پىكرى توغرىمۇ، خاتامۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. شۇنداق ئىكەن، پادىشانىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ياخشىراق، چۇنكى ئەگەر توغرا بولۇپ چىقمىسا، ئۇنىڭغا قوشۇلغانلىقىم ئۇچۇن ماڭا گەپ كەلمەيدۇ."

سۇلتاننىڭ پىكرىگە زىت سوزنى ئېيتماق،
بولۇر ئوز قانى بىرلە قولىنى يۇماق.



"كېچە بۇ!" دىسە گەر كۇندۇزنى سۇلتان،
"ئەنە ئاي بىرلە يۇلتۇز!" دىگىن شۇ ئان.

## هىكايەت (32)

بىر ئالدامچى ئۇزۇن ئورۇمە چاچ قويۇپ، ئوزىنى ئەلى ئەۋلادى① قىلىپ كورسەتتى. ئۇ هەجدىن هازىر قايتىپ كېلىشىم دەپ هىجاز كارۋىنى بىلەن شەهەرگە كىردى. پادىشاغا بىر قەسىدە ئېلىپ كىرىپ، بۇنى مەن ئوزەم يازدىم دىدى! پادىشا ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل-مال بەردى، ئىززىتىنى قىلدى ۋە تولىمۇ مېھرىۋانلىق كورسەتتى. پادىشانىڭ قېشىدا شۇ يىلى دېڭىز سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى بار ئىدى، ئۇ: "مەن ئۇنى قۇربان هېيتتا بەسرە شەهىرىدە كورگەن تۇرسام، قانداق قىلىپ هاجى بولسۇن؟" دىدى. يەنە بىر كىشى: "هە، توغرا، ئۇنىڭ ئاتىسى مەلەتيەدە② پاشايدىغان خىرىستىيان تۇرسا، قانداقسىگە ئۇلۇغ ئەۋلات بولۇپ قالدۇ؟" دىدى.

ئۇنىڭ شېئىرىنى ئەنۋەرىنىڭ دىۋانىدىن③ تېپىشتى. پادىشا شۇ ئان: "ئۇ نىمىشقا شۇنچە يالغان گەپلەرنى قىلدۇ؟ ئۇرۇپ قوغلىۋېتىڭلار!" دەپ بۇيرۇق قىلدى.

---

① ئەلى ئەۋلاتلىرى ئۇزۇن ئورۇمە چاچ قويىدىكەن.

② مەلەتيە — كىچىك ئاسىيادىكى بىر شەهەر بولۇپ، سەئىدى زامانىدا خىرىستىيان دىنىدىكى يۇنان خەلقى ياشىغان.

③ ئەنۋەرى — مەشھۇر پارىس شائىرى ئەلى ئىسهاق ئەنۋەرى. دىۋان — شېئىرلار توپلىمى.

كەززاپ مۇنداق دېدى: "ئەي يەر يۈزىنىڭ ھۆكۈمدارى، يەنە بىر سۆزۈم قالدى. بۇنى ئېيتىۋالاي، ئەگەر راست بولمىسا، ھەر-قانداق جازاغا بۇيرۇساڭ لايىقمەن." پادىشا دېدى: "ئېيت قېنى، نېمە گەپ؟" ئۇ دېدى:

مۇساپىر ئېلىپ كەلسە ئالدىڭغا دوغ،
سۈيى ئىككى ئاپقۇر، قېتىق بىر قوشۇق.
مېنىڭ يالغىنىمدىن پەقەت رەنجىمە،
جاھان كورگەن يالغاندا مەندىن ئۇشۇق.

پادىشا كۈلۈپ كەتتى-دە، دېدى: "سەن ئۆز ئۆمرۈڭدە مۇنچىلىك راست سۆزنى دېمىگەن بولغىيدىڭ!" شۇندىن كېيىن بۇيرۇق قىلدى: "ئۇنىڭ سورىغان نەرسىلىرىنى بېرىڭلار، كوڭلى خوش بولۇپ قايتسۇن!"

## ھېكايەت (33)

ۋەزىرلەردىن بىرى قول ئاستىدىكىلەرگە كويۈمچان ئىدى، ھەممەيلەننىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن بىۋاستە ئارىلىشىپ ياردەم كورسىتەتتى. كۈتۈلمىگەندە ئۇ كىشى پادىشانىڭ بۇيرۇغى بىلەن قولغا ئېلىندى. ھەممەيلەن ئۇنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشتى، نازارەتچىلەر جازا جەريانىدا ئۇنىڭغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلدى، ئەمەلدارلار ئۇنىڭ ياخشى خۇلۇقلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سوزلەشتى، نەتىجىدە پادىشا ئۇنىڭ گۇنايىدىن ئۆتتى.



بىر پاكدىل كىشى بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ دېدى:

"تېپىش ئۈچۈن دوستلىرىڭنىڭ كوڭلىنى سەن،
ئاتا مىراس باغ-ھويلاڭنى ساتقىنىڭ خوپ.
ياخشىلارنىڭ قازىنىنى قاينىتىشچۈن،
بىساتىڭنى ئوچاقتا سەن ياققىنىڭ خوپ.
يامان نىيەت كىشىگە ھەم ياخشىلىق قىل،
ئىت ئاغزىغا ھەردەم لوقما ئاتقىنىڭ خوپ."

## ھېكايەت (34)

ھارۇن رەشىدنىڭ① ئوغۇللىرىدىن بىرى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا غەزەپلەنگەن ھالدا كىرىپ كەلدى-دە، دېدى: "پالان لەشكەر بېشىنىڭ بالىسى مېنى قاتتىق تىللىدى!"

ھارۇن دولەت ئەرباپلىرىدىن سورىدى: "بۇنداق ئادەمگە قانداق جازا بېرىمىز؟" بىرى ئۆلتۈرۈشنى، يەنە بىرى تىلىنى كېسىپ تاشلاشنى، يەنە بىرى مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، سۈرگۈن قىلىشنى تەكلىپ قىلدى...

ھارۇن دېدى: "ئوغلۇم، مەرتلىك قىلاي دېسەڭ، ئۇنى ئەپۇ قىل، ئەگەر بۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ، سەنمۇ ئۇنى تىللىۋال، ئەمما ئىنتىقام چەكتىن ئېشىپ كەتمىسۇن، چۈنكى ئۇ چاغدا زورلۇق سەن تەرەپتىن بولۇپ قېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ دەۋاسىغا قالىسەن!"

---

① ھارۇن رەشىد — ئابباسلار سۇلالىسىنىڭ ئالتىنچى خەلىپىسى.

كىم كۈچلۈك پىل بىلەن ئېلىشاي دىسە،
ئاقىللار ئالدىدا ھەرگىز مەرت ئەمەس.
ئەسلىنى ئالغاندا مەرت ئادەم شۇكى،
ئاچچىغى كەلگەندە ناچار سوز دىمەس.

* * *

بىراۋنى خۇيى سەت قىلغانتى دەشنام،
چىداپ ئېيتتى ئاڭا: "ئەي ياخشى ئاشنام،
دىسەڭ سەن ھەر نىمە، ئۇندىن بەتەرمەن،
ئۇزەمنىڭ ئەيۋىنى ياخشى بىلەرمەن."

## ھىكايەت (35)

بىرقانچىلىغان چوڭ ئەمەلدارلار بىلەن بىر كېمىگە چۈشكەن ئىدىم. ئارقىمىزدا بىر قېيىق چوكۈپ كېتىپ، ئىككى بۇرادەر سۇنىڭ قاينىمىغا چۈشۈپ قالدى. ئەمەلدارلاردىن بىرى دېڭىزچىغا دىدى: "ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋال، ھەر بىرى ئۈچۈن 50 دىناردىن پۇل بېرىمەن!"

دېڭىزچى سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، بىرسىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى، يەنە بىرى سۇدا ھالاك بولدى. شۇندا مەن دىدىم: "ئۇنىڭ ئومرى شۇنچىلىك ئىكەن-دە، شۇڭا سەن ئۇنى قويۇپ تۇرۇپ، يەنە بىرىنى ئېلىپ چىقىشقا ئالدىرىدىڭ!"

دېڭىزچى كۈلۈپ دىدى: "سىنىڭ دىگىنىڭمۇ توغرا، لېكىن يەنە بىر تەرىپى بار، مېنىڭ كوڭلۇم مۇشۇ بىرسىنى قۇتقۇزۇشقا كوپرەك مايىل ئىدى، چۈنكى بىر زاماندا مەن باياۋاندا قالغاندا، بۇ



بۇرادەر مېنى توگىسىگە مىندۇرۇۋالغان، ئاۋۇ بىرىدىن بالا ۋاقتىمدا تاياق يىگەن ئىدىم."

مەن دىدىم: "خۇدا راست ئېيتقان ئىكەن: 'كىمكى ياخشى ئىش قىلسا (ساۋابى) ئوزىگە، كىمكى يامان ئىش قىلسا (جازاسى يەنىلا) ئوزىگە'".①

كىشى كوڭلىنى ھەرگىز ئاغرىتما،
ئېھتىمال، بۇ يولدا تىكەن ياتقاي.
چىقارغىن كەمبەغەلنى ھاجەتتىن،
بىر كۈنى ئۇمۇ ساڭا ئەسقاتقاي.

## ھىكايەت (36)

ئىككى ئاكا-ئۇكا بار ئىدى. بىرسى سۇلتاننىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، يەنە بىرى ئىككى بىلىگىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتى. بىر قېتىم باي بۇرادىرى كەمبەغەل بۇرادىرىگە دىدى: "نىمىشقا سۇلتاننىڭ خىزمىتىنى قىلمايسەن، ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتىڭ؟"

كەمبەغەل بۇرادىرى دىدى: "سەن نىمىشقا ئەمگەك قىلمايسەن، خىزمەتنىڭ خورلۇغىدىن خالاس تاپاتتىڭ؟ چۈنكى ئاقىللار ئېيتىدۇ: 'ئوز نېنىڭنى يەپ ئولتۇرغىنىڭ خىزمەتتە ئالتۇن كەمەر باغلىغاندىن ياخشى!'"

---

① قۇرئان، 41-سۇرە، 46-ئايەت.

ھاك لېيىنى قىلساڭ خىمىر قولدا مۇجۇپ،
شاھ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغاندىن خوپ.

* * *

يازدا قوساق، قىشتا كىيىم-كېچەكنىڭ غېمى،
ئەڭ قىممەتلىك ئۆمۈر ئۆتتى ئاشۇ مەقسەتتە.
بىر نانغا سەن قانائەت قىل، قوساقنىڭ قۇلى،
ئاسرا بەلنى، قامىتىڭنى پۈكمە خىزمەتتە.

## ھىكايەت (37)

بىر ئادەم نۇشىرۋان ئادىلغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى: "ئاڭلىشىمچە، خۇدايى تائالا پالانى دۈشمىنىڭنى دۇنيادىن تازىلاپتۇ."

نۇشىرۋان دېدى: "سەن مېنى قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟"

ئۆلسە دۈشمەن خوش بولۇشقا ھېچبىر ئورۇن يوق،
چۈنكى بىزنىڭ ئۆمرىمىزمۇ ئەمەس تۈرغۇنلۇق!

## ھىكايەت (38)

بىر گۇرۇھ ھەكىملەر كىسرانىڭ① ھوزۇرىدا بىر مۇھىم ئىش

---

① كىسرا — سasانىلار سۇلالىسى پادىشالىرىنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، "خۇسراۋ" سۆزىنىڭ ئەرەبچە تەلەپپۇز قىلىنىشى. بۇ يەردە نۇشىرۋان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇزۇر جىمھىر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم كىشى بولسىمۇ، جىم ئولتۇردى. بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭدىن سورىدى: "نېمىشقا بۇ مۇنازىرىگە بىز بىلەن تەڭ قاتناشمايسەن؟"

بۇزۇر جىمھىر دېدى: "ھەكىم دېگەن تېۋىپقا ئوخشاش خەلق، تېۋىپ بولسا پەقەت كېسەللىكلا دورا بېرىدۇ. مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى توغرا تاپقانلىقىم ئۈچۈن، بۇ توغرىلىق يەنە سۆز قىلىشىمنىڭ ئەھمىيىتى يوق."

مەن كىرىشمەي، ئىش يۈرۈشسە ئۆتۈغلۇق،
بۇ توغرىلىق سۆزلىشىمگە ئورۇن يوق.
ئەمما كۆرسەم كورنى قۇدۇق ئالدىدا،
لام-مىم دېمەي جىم ئولتۇرسام زور گۇنا.

## ھىكايەت (39)

مىسىر پادىشالىغى ھارون رەشىدنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەندە، ئۇ شۇنداق دېدى: "مەن بۇ يۇرتنى مىسىر پادىشالىغى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، خۇدالىق دەۋاسى قىلغان ئاشۇ ئاسى (فىرئەۋن)①گە خىلاپ ھالدا، باشقا بىرسىگە بەرمەستىن، ئەڭ تۆۋەن قۇللىرىمدىن بىرىگە بېرىمەن."

ئۇنىڭ خۇسەيب ئىسىملىك بىر ھەبەش قۇلى بار ئىدى. ئۇ

---

① فىرئەۋن — ئاسىلىق قىلىپ، خۇدالىق دەۋاسى قىلغان بىر پادىشا.

بۇ قۇلنىڭ ئېيتىلىشىچە، مىسىر پادىشالىقىنى شۇنىڭغا بېرىدۇەتتى. بىر كۈنى بىر ئەقلى-ھۇشى ۋە پەم-پاراستى شۇنچىلىك ئىدىكى، بىمەزگىل توپ مىسىر دېخانلىرى: "بىز كېۋەز تېرىغان ئىدۇق، يامغۇر يېغىپ نابۇت قىلىۋەتتى" دەپ شىكايەت قىلىپ كەلگەنىدە، ئۇ: "يۇڭ تېرىش كېرەك ئىدى!" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

بىلىمدىن بولسا گەر تۇرمۇش پاراۋان،
قالاتتى ئەڭ قىيىن كۈنلەرگە نادان.
نادانلار ئۆتىدۇ شۇنچە پاراۋان،
ئەقىللىقلار ئۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران.

*   *   *

بەختۇ-دولەت ئەمەس كامالەتتە،
بەلگىلەنگەن ئۇ كوكتە-قىسمەتتە.
كورۇلەر مۇنداق ئىش جاھاندا بىسيار:
بىئەقىل ھورمەتتە، ئەقىللىق خار.
كىمياگەر ئۆلۈپ كېتەر غەمدە،
دوت تاپار خارابىدىن غەزنە.

## ھىكايەت (40)

پادىشالاردىن بىرىگە بىر جۇڭگو كېنىزىكى ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. پادىشا مەست ھالەتتە ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشماقچى بولدى. كېنىزەك قارشىلىق كورسىتىپ ئۇنىمىدى. پادىشانىڭ غەزىۋى كېلىپ، ئۇنى بىر ھەبەش قۇلغا بېرىۋەتتى. ھەبەشنىڭ توپە كالپۇگى بۇرنى-



نىڭ ئۇستىگە يېپىشىپ قالغان، تۆۋەنكى كالپۇگى ياقىسىغىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن ئىدى. بۇ شۇنداق سەت ھەيكەل ئىدىكى، ئۇنىڭ تەلەتىنى كورگەندە سەخرەجىنمۇ[1] قورقۇپ قېچىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ قولتۇغىدىن سېسىق بىر سۇيۇقلۇق تاماتتى.

دەيسەن: كەلمەس تا قىيامەت ئۇنىڭدىن سەت،
يوق بولغاندەك يۇسۇپ كەبى يۈز-قىيابەت.

*   *   *

بۇ شۇنداق مەخلۇقكى، بەدچىراي، خۇنۇك،
بۇنىڭدىن باشقىنى بولماس سەت ئاتاپ،
خۇدا كورسەتمىسۇن ئۇنىڭ قولتۇغى
تومۇز ئاپتۇۋىدا سېسىغان بىر تاپ.

ئېيتىلىشىچە، شۇ چاغدا ھەبەشنىڭ نەپسى تاقىلداپ، شەھۋانىلىغى ئۇستۇن كەلدى-دە، بىردىنلا تۇيغۇسى قوزغىلىپ، كېنىزەكنىڭ قىزلىغىنى كەتكۇزۇۋەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن پادىشا كېنىزەكنى ئىزلەپ تاپالمىدى. ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىشكەن ئىدى، پادىشانىڭ غەزىۋى كېلىپ، ھەبەش بىلەن كېنىزەكنى مەھكەم باغلاپ، قەلئەنىڭ ئۇستىدىن خەندەكنىڭ ئاستىغا تاشلاشقا بۇيرۇق قىلدى. بىر ئالىجاناپ ۋەزىر شاپائەت يۈزىنى يەرگە قويۇپ، دېدى:
"ھەبەش بىچارىنىڭ بۇ ئىشتا خاتالىغى يوق، چۈنكى بارچە

[1] سەخرەجىن — رىۋايەت بويىچە ئىنتايىن سەت بىر دىۋىنىڭ ئىسمى. ئۇ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۇزۇكىنى ئوغرىلىغان ئىكەن.

قول-خىزمەتكارلار پادىشاھىمىزنىڭ مېھرى-شەپقىتىگە ئۈگىنىپ قالغان."

پادىشا دېدى: "بىر كېچە يېقىنلاشماي، تەخىر قىلغان بولسا نىمە بولاتتى! مەن ئۇنى كېنىزەكنىڭ باھاسىدىنمۇ كۆپرەك نەرسە بىلەن رازى قىلغان بولاتتىم!"

ۋەزىر دېدى: "ئەي پادىشاھىم، بۇنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز:

چاڭقىغان ئۇسسۇز يەتسە سۈزۈك بۇلاققا،
قورقار دەپ ئويلىما تۇرسا غالجىر پىل.
ئاچ پاسىق خىلۋەتتە داسقان ئۈستىدە،
روزىنى ئويلىسا، ئىشەنمەس ئەقىل."

بۇ لەتىپە پادىشاغا ماقۇل كەلدى-دە، دېدى: "ئەمدى بۇ ھەبەشنى ساڭا بىرەي، كېنىزەكنى قانداق قىلىمىز؟"

ۋەزىر دېدى: "كېنىزەكنى ھەبەشكە بىرىۋېتەيلى، چۈنكى ئۇنىڭدىن ئاشقان نەرسە ئۇنىڭغىلا لايىق!"

لايىق كورمە دوستلۇقتا ئۇنى سەن ھەرگىز،
نالايىق جايلاردا يۈرگەن بولسا.
سۈزۈك سۇنى خالىماس يۈرىگى تەشنا،
بەد ئېغىزدىن ئاشقىنىنى كورگەن بولسا.



# ھىكايەت (41)

ئىسكەندەر رۇمىدىن سوراشتى: "مەغرىپ بىلەن مەشرىق دىيارىنى قانداق قىلىپ ئالدىڭ؟ چۈنكى ئىلگىرىكى پادىشالارنىڭ غەزنە ۋە لەشكەرلىرى سېنىڭكىدىن كوپ بولسىمۇ، مۇنچىلىك غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدىغۇ؟"

ئۇ جاۋاپ بەردى: "خۇدايى تائالانىڭ ياردىمى بىلەن ھەر مەملىكەتنى ئالغاندا، شۇ مەملىكەتنىڭ پۇقرالىرىنى رەنجىتمىدىم، پادىشالىرىنىڭ نامىنى پەقەت ياخشى دەپلا تىلغا ئالدىم، باشقا ھىچنىمە دېمىدىم."

كىمكى ئۇلۇغلارنىڭ سوكسە نامىنى،
ئۇلۇغ دىمەس ئاقىل ھەرگىزمۇ ئۇنى.

* * *

بۇ ھەممە ئەرزىمەس، ئۆتكۈنچى نەرسە:
تەختۇ-بەخت، باشقۇرۇش، ھوقۇق، ھوكۇمەت.
ئۆتكەنلەر نامىنى قىلما ھاقارەت،
ياخشى نامىڭ قالسۇن دۇنيادا ئەبەت.

## ئىككىنچى باب

# دەرۋىشلەرنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا

### ھېكايەت (1)

بىر ئەمەلدار بىر تەقۋاداردىن سورىدى: "پالان سوپى ھەققىدە قانداق پىكىردە سەن، باشقىلار ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىشىۋاتىدىغۇ؟"

تەقۋادار دېدى: "ئۇنىڭ تاشقى كورۇنۇشىدە بىرەر كەمچىلىك كورگىنىم يوق، ئىچىدىكىسى پىنھان، شۇڭا بىلمەيمەن!"

كىمنى كورسەڭ جەندە تون ئىچىدە،
ئۇنى بىل، خۇش پېئىل، تەقۋادار.
دىلىدا نىمە بار، بىلمىسەڭ مەيلى،
چۈنكى مۇھتەسىپ① ئۇيىدە نىم قىلار؟

### ھېكايەت (2)

بىر دەرۋىشنى كوردۇمكى، ئۇ كەئبىنىڭ بوسۇغىسىغا يۈز-كوزىنى

① مۇھتەسىپ — بازار باشقۇرىدىغان ئادەم. ئۇيدىكى ئىشلار بىلەن كارى يوق.



سۈرتۈپ مۇنداق دەيتتى: "ئەي مېھرىۋان، شەپقەتلىك ئاللا! مەن قارا نادانىدىن نىمە ئىش كېلىدىغانلىغىنى ئوزەڭ بىلىسەن.

خىزمەتتە ناچار دەپ ئۇزرە كەلتۇردۇم،
تائىتىم لۇتپىغا ئەمەس سازاۋار.
تۇۋا قىلار ئاسىلار گۇناھى ئۇچۈن،
ئارىپ تائىتىگە ئېيتار ئىستىغپار.①

سوپىلار تائەتنىڭ ئەجرىنى سورىشىدۇ، خۇددى سودىگەرلەر مال باھاسىنى تالاشقاندەك. مەن بەندەڭ دەرگاھىڭغا تائەت بىلەن ئەمەس، ئۇمىت بىلەن كەلدىم، تىجارەت ئۇچۈن ئەمەس، خەير-ئېھسان ئۇچۈن كەلدىم. سەن ماڭا ئوز شەنىڭگە مۇناسىپ نىمىنى قىلساڭ قىل".

خاھى ئۇلتۇر، خاھى كەچۈر، باشىم بوسۇغاڭدا سېنىڭ،
ئەركى بولماس بەندىنىڭ، ھەر بۇيرۇغۇڭ بۇرچۇم مېنىڭ.

* * *

كەئبە ئىشىگىدە بىر سائىل② كوردۇم،
ئاچچىق ياش توكۇپ دەيتتى ھەر دەمدە:
تائىتىم قوبۇل بولسۇن دىمەيمەن،

① بۇ مىسرا: تەقۋادار كىشىلەر لايىقىدا ئىبادەت قىلالمىدىم دەپ كەچۈرۈم سورايدۇ، دىگەن مەزمۇندا.

② سائىل — تىلەمچى؛ بۇ يەردە ئەپۇ سورىغۇچى مەنىسىدە.

گۇناھىمنى سەن ئۆچۈر قەلەمدە!①

## ھېكايەت (3)

(كىشلەر) ئابدۇلقادىر گىلانىنى② (خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كەئبە ھەرەمدە كۆرۈشكەن ئىدى، ئۇ يۈزىنى يەرگە سۈرتۈپ مۇنداق دېگەن:
"ئەي ئىگەم، مېنى كەچۈرگىل! مەن قانداقلىكى ئازابقا لايىق بولسام، قىيامەت كۈنى مېنى قارىغۇ قىلىپ تىرىلدۈرگىن، مەن ياخشىلارنىڭ ئالدىدا خىجالەتتە قالماي".

ئەجزىمنى③ ئېيتىمەن يەرگە يۈز قويۇپ،
ھەر سەھەر سىپىلاپ ئۆتكەندە سابا:
"ئۇنۇتماسمەن ھەرگىز، ئەي ئىگەم سېنى،
كېلەمدۇ بىرەر چاغ بەندەڭ يادىڭغا؟"

## ھېكايەت (4)

بىر تەقۋادارنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىردى، ئۇ شۇنچە ئاختۇرۇپ، ھېچنىمە تاپالماي، ئىچى تىت-تىت بولدى. تەقۋادار بۇنى كور-

① بۇ مىسرانىڭ ئەسلى: "ئەپۇ قەلىمى بىلەن گۇناھىمنى ئۆچۈرگىن."
② ئابدۇلقادىر گىلانى — مەشھۇر شەيخ. "قەدرىيە" سوپىلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسچىسى. سەئدى باغداتتا ئابدۇلقادىر گىلانىنىڭ شاگىرتلىرىدا ئوقۇغان.
③ ئەجزىمنى — ئاجىزلىقىمنى.



گەچ، قۇرۇق قول قايتمىسۇن دەپ، ئۆزى ئۇخلىغان پالاسنى ئۇنىڭ يولىغا تاشلاپ قويدى.

ئاڭلىدىم، ھەق يولىدىكى كىشلەر
ھەتتاكى دۈشمىنىنى قىلماس مالال.
بۇ ماقام ساڭا قاچان مۇيەسسەردۇر،
چىقارساڭ دوست بىلەن ئۇرۇش-جاڭجال؟

پاكدىل كىشىلەرنىڭ ئادەملەرگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتى، ئالدىدا بولسۇن، كەينىدە بولسۇن، بىر خىلدۇر. ئۇلار سېنى ئارقاڭدا تىللىمايدۇ، ئالدىڭدا سەن ئۈچۈن ئۆلۈپ بېرەيدۇ.

ئالدىڭدا گوياكى ياۋاش بىر قوي،
ئارقاڭدا خۇددى ئادەمخور بۆرە.

* * *

كىم بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئالدىڭدا بىر-بىرلەپ سانار،
باشقىلار ئالدىدا، شەكسىز، سېنى ھەم تىنماي غاچار.

## ھېكايەت (5)

بىرنەچچە دەرۋىش بىرلىكتە ساياھەتكە چىقىشتى، ئۇلار قىيىنچىلىق بىلەن راھەتنى تەڭ كۆرۈشتى. مەن ئۇلارغا قېتىلىۋېلىشنى خالىغان ئىدىم، ئۇناشمىدى. مەن دېدىم: "مىسكىنلەرنىڭ ئۇلپەتچىلىكىدىن باش تارتىپ، ئۇلارنى پايدا-بەركەتتىن مەھرۇم قىلىش

ئالى ھىممەت كىشىلەرنىڭ سېخىيلىقىغا مۇناسىپ ئىش ئەمەس. مەن ئۆزەمدە يارانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇدەك كۈچ-قۇۋۋەت ۋە چاققانلىق بارلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمەن، ھەرگىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كېلىدىغان يۈك بولۇپ قالمايمەن.

مىننەتسىمۇ گەرچە ئات-ئۇلاغقا،
تىرىشىمەن يۈكۈم كۆتۈرۈپ ماڭماققا".

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى دېدى: "سەن مۇنۇ گەپنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ كەتمىگىن، مۇشۇ كۈنلەردە بىر ئوغرى دەرۋىش قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلۇۋالدى.

نە بىلسۇن كىشىلەر كىيىمدە كىم بار؟
خەت يازغانلار بىلگەي خېتىدە نىم بار.

دەرۋىشلەرنىڭ روھىي دۇنياسى پاك بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدى-دە، دوستلۇققا قوبۇل قىلدى.

سوپىلار سىماسى قۇراق تون-جەندە،
مۇشۇلا كىپايە خەلقلەر كۆرگەندە.
نىمە كىيسەڭ كىيگىن، تىرىش ئىشتا ھەم،
باشقا تاج قويساڭمۇ، يەلكەڭگە ئەلەم.①

---

① بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ياكى پادىشادەك بېشىڭغا تاج كەي، ياكى قەلەندەردەك يەلكەڭگە توغ قادا.



سوپىلىق يالغۇزلا كىيىمدە ئەمەس،
دۇنيانى، ئارزۇنى، ھەۋەسنى دېمەس.
ياراغلار مەرتلەرنىڭ قولىدا بولسۇن،
قورقاقتىكى قورالدىن نىمە نەپ كەلسۇن؟

شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى كەچكىچە يول يۈرۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر قەلئە سېپىلىنىڭ تۈۋىدە يېتىپ ئۇخلىغان ئىدۇق. نائىنساپ ئوغرى بىر يولدىشىمىزنىڭ ئۆرىغىنى ئېلىپ، تاھارەتكە بارىمەن، دېدى-دە، ئوغرىلىققا كەتتى.

سوپىنى كۆرگىنىكى، جەندە يېپىنغان،
كەئبە لىباسىنى ئېشەككە جۇل قىلغان.

ئۇ دەرۋىشلەرنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولۇپ، قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ يەردىن بىر ساندۇقچىنى ئوغرىلاپتۇ-دە، تاڭ يورۇغىچە بۇ قارا يۈز بىز تۇرغان يەردىن خېلى يەرگىچە ئۇزاپ كېتىپتۇ. گۇناسىز يولداشلار بولسا جايىدا ئۇخلاۋەرگەن. ئەتىسى ئەتىگەن ھەممىمىزنى قەلئەنىڭ ئىچىگە ھەيدەپ كىرىپ، زىندانغا تاشلىدى... شۇ چاغدىن باشلاپ بىز ئارىمىزغا ناتونۇش ئادەمنى ئالماسلىققا قارار قىلىپ، يەككە يول يۈرىدىغان بولدۇق، چۈنكى 'تىنچلىق يالغۇزلۇقتا'.

بىر قەۋمدىن بىر ئادەم يامان ئىش قىلسا،
چوڭ-كىچىك ھەممىنىڭ قويماس قەدرىنى.

كورمىدىڭمۇ بىر كالا ئىكىنگە كىرسە،
يېزىدىكى كالىنىڭ بۇلغار بەرىنى".

مەن دېدىم: "خۇداغا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق بولسۇنكى، مەن دەرۋىشلەرنىڭ دۇئاسىدىن مەھرۇم قالمىدىم، گەرچە كورۈنۈشتە ئۇلارنىڭ ئۇلپەتچىلىكىدىن سىرتتا قالغان بولساممۇ، بۇ ھىكايەڭدىن كوپ پايدا تاپتىم. بۇ نەسىھەت ماڭا ۋە ماڭا ئوخشاشلارغا ئۇمۇر بويى ئەسقاتىدۇ."

بىر قوپال مەنمەنچى مەجلىستە بولۇر،
نۇرغۇن ئاقىل كوڭلى ئەشلىككە تولۇر.
تولدۇرۇلسا بىر كول گۇلاپ-شەرۋەتكە،
ئىت چۈشسە ئايلىنار شۇ دەم ئەۋرەزگە!

## ھىكايەت (6)

بىر زاھىد پادىشانىڭ مېھماندارچىلىقىدا بولغان ئىدى. تاماقتا ئولتۇرغاندا، يىگۈسى بار بولسىمۇ، ئازلا يېدى. نامازغا تۇرغاندا، ئۆزىنى قالتىس سوپى ئىكەن دېسۇن دەپ، ئورۇنقى ئادىتىدىن ئەتەي ئۇزۇن ئوقۇدى.

ئەي ئەئرابى،① قورقىمەنكى، يېتەلمەيسەن كەئبىگە،

① ئەئرابى—تاغلىق كوچمەنچى ئەرەپ.



يۇرگەن يولۇڭ ئېلىپ بارار چۈنكى تۈركىستان سېرى.

ئۇ ئويىگە قايتىپ كەلگەندە، تاماق يېيىش ئۈچۈن داستىخان سېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ بىر زېرەك ئوغلى بار ئىدى، دادىسىغا دېدى: "ئاتا، سۇلتاننىڭ زىياپىتىدە تاماق يېمىدىڭمۇ؟" ئاتىسى دېدى: "كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۈزۈك بىر نەرسە يېيەلمىدىم!" "ئانداق بولسا،—دېدى ئوغلى،—نامازىڭمۇ قازاسىنى ئوتە، چۈنكى ئۇنىمۇ تۈزۈك ئوقۇمىغان ئوخشايسەن!"

سەنكى ھۇنىرىڭنى ئالقاندا تۇتۇپ،
ئەيىۋىڭنى تىقارسەن قولتۇق تەھتىگە.
ئەي غاپىل، نىمىنى سېتىپ ئالسەن،
ئېغىر كۈن كەلگەندە ساختا تەڭگە؟!

## ھىكايەت (7)

يادىمدىكى، بالىلىق چېغىمدا بەك سوپى ئىدىم، كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئوتكۈزەتتىم، زوھدو-پەرھىزكارلىقتا ھېرىس ئىدىم. بىر كېچىسى ئاتام (خۇدا رەھمەت قىلسۇن!) بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئىدىم، كېچىچە كوز يۇمماستىن كالام شەرىفنى قۇچىغىمدا تۇتۇپ چىقتىم. ئەتراپىمىزدا بىر توپ ئادەم ئۇخلاۋاتاتتى. مەن دادامغا دېدىم:

"ئۇلاردىن بىرەرسى بېشىنى كوتىرىپ، ئىككى رەكئەت نامازمۇ ئوقۇپ قويۇشمىدى، شۇنداق غەپلەت ئۇيقۇسىغا چومگەنكى،

ئولۇكتەكلا يېتىشىدۇ!"

ئاتام دېدى: "جىنىم بالام، سەنمۇ ئۇخلىساڭ ياخشى بولاتتى، كىشىلەرنىڭ سىبىق كېپىگە قالغىچە".

مۇددەئى① ئۇزىدىن باشقىنى كورمەس،
مەنمەنلىك پەردىسى توسقان كوزىنى.
بەخش ئەتسە خۇدايىم ھەقنى كورەر كوز،
كورەتتى ھەممىدىن ئاجىز ئۇزىنى.

## ھېكايەت (8)

بىر ئولتۇرۇشتا چوڭلاردىن بىرىنى ماختاپ كوككە كوتىرىشتى، ياخشى سۈپەتلىرىنى تازا كوپتۇرۇشتى. ئۇ كىشى بېشىنى كوتىرىپ دېدى: "مەن ئۇزەمنىڭ قانداقلىغىنى ئۇزەملا بىلىمەن!"

ساندىڭ خىسلەتلىرىمنى، شۇ ئىزا-كۇلپەتمۇ بەس.
بۇ پەقەت سىرتىم، ساڭا ئىچكى سىرىم مەلۇم ئەمەس.

* * *

خوپ كورۇنگەي كىشىلەرگە تۇرۇقۇم-شەخسىيىتىم،
ئۇيۇلۇپ باشىم ئېگىلگەن ئىچكى نۇقسانىدىن ھامان.
كىشىلەر ماختار گۇزەللىكتە تاۋۇسنى توختىماي،
ئۇ نومۇس ئەيلەر پۇتىنىڭ سەتلىگىدىن ھەر زامان.

① مۇددەئى—دەۋاگەر مەنىسىدە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇزىگە تەمەننا قويىدىغان مەنمەنچى مەنىسىدە.



## ھېكايەت (9)

ئەرەپ دىيارىدا ئۇزىنىڭ ئەۋلىيالىغى بىلەن تونۇلغان ۋە كارامەتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان لىۋانلىق بىر زاھىد دەمەشق جامەسىگە كىرىپ كولنىڭ لېۋىدە تاھارەت ئېلىشقا باشلىغان ئىدى، تۇيۇقسىز تېيىلىپ كېتىپ، كولگە چۈشۈپ كەتتى-دە، ئۇنىڭدىن ملىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ چىقتى. نامازدىن كېيىن يارانلىرىدىن بىرى دېدى: "مېنىڭ بىر شۇبھەم بار، ئەگەر سوراشقا ئىجازەت بولسا!" شەيخ دېدى: "قانداق شۇبھە؟" ئۇ كىشى دېدى: "يادىمدا تۇرۇپتىكى، شەيخ مەغرىب دېڭىزى① يۈزىدىن بېسىپ ئوتكەندە ئايىغىنى ھول قىلمىغان ئىدى. بۇگۇن نىمىشقىدۇ، كىچىككىنە كولچەكتە ھالاك بولۇشقا تاس قالدى؟"

شەيخ بېشىنى ياقىسىغا چوكۇرۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى ۋە ئۇزاق ئويلىغاندىن كېيىن بېشىنى كوتىرىپ دېدى: "ئاڭلىمىغانمىدىڭ، ئالەمنىڭ خوجىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن ئىدى: 'مېنىڭ ئاللا بىلەن بولغان بىر ۋاقتىم باركى، بۇ چاغدا قېشىمىزغا ئۇنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى ۋە ئەلچى قىلىنغان پەيغەمبەرلىرىمۇ كېلىشكە قادىر بولالمايدۇ'. ئەمما ئۇ: 'دائىم شۇنداق بولىدۇ' دېمىدى. ئۇنىڭ مەرھەمەت قىلىپ ئېيتىشىچە، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ جەبرائىل ۋە مىكائىل بىلەنمۇ ئىشى بولمايدىكەن. باشقا چاغدا

① مەغرىپ دېڭىزى — ئوتتۇرا دېڭىز.

بولسا ھەفسە ۋە زەينەپ① بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىكەن".

ئەۋلىيالارنىڭ (خۇدانى) كۆزىتىشى بىر نۇرلۇق جامالنىڭ كۆرۈنۈشى، بىر يوشۇرۇنۇشى ئارىسىدا بولىدۇ؛ كۆرۈنىدۇ ھەم بىكىنىدۇ.

يۈز ئاچار سەن، ھەم يوشۇرۇنارسەن،
ئىشق ئوتىمىزنى يالقۇنجىتارسەن.

* * *

گاھ كۆرەرمەن سۆيگىنىمنى مەن ئۇدۇللا،
گاھ يولۇمنى يوقىتارمەن بىر ھال بىلەن.
يالقۇنجىتىپ ئوتنى، سوڭرە سۇ چاچارسەن،
شۇڭا كۆرسەڭ، بىر ئۆتىمەن، بىر سۇدىمەن.

## ھىكايەت (10)

بىرى بەردى سوئال ئوغلى يوقالغان — ②
كىشىگە: "ئەي ئۇلۇغ دانىشمەن ئىنسان!
مىسىردىن سەزدىڭمۇ كۆينەك ھىدىنى،
نېمىشقا كۆرمىدىڭ چاھدا ئۇنى؟"③

---

① ھەفسە ۋە زەينەپ — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنلىرى.

② ئوغلى يوقالغان كىشى — ياقۇپ پەيغەمبەر.

③ قۇرئان ۋە تەۋراتتا زىكرى قىلىنىشىچە، يۈسۈپ پەيغەمبەرنى ئاكىلىرى تۇتۇپ كەنئاندىكى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن، ئاتىسى ياقۇپ مىسىردا تۇرۇپ، ئوغلى يۈسۈپنىڭ كۆينىكىنىڭ ھىدىنى سەزگەن. بىراق ئۇنىڭ قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى بىلمىگەن.



دىدى ئۇ: "ھالىمىز گويا كى چاقماق،
گاھى پەيدا بولۇش، گاھى يوقالماق.
گاھى ئولتۇرىمەن كۆكتە-راۋاقتا،
پۇتۇم ئۈستىنى گاھ كۆرمەيمەن ھەتتا.
ئەگەر بۇ ھالدا دەرۋىش قالسا بىردەم،
كېرەك بولماس ئىدى ھەر ئىككى ئالەم."

## ھىكايەت (11)

مەن بىر چاغدا بەئلەبەك جامەسىدە① ئىزلەڭگۈ، كۆڭلى ئولگەن، شەكىلدىكى دۇنيادىن مەنىۋى دۇنياغا يول سالالمىغان بىر توپ جامائەتكە ۋەز تەرىقىسىدە سۆز قىلغان ئىدىم. قارىسام، نەپىسىم ئۆتلۇق بولمايۋاتىدۇ، ئوتۇم ئۇلارنىڭ ھۆل ئوتۇنىغا تەسىر قىلمايۋاتىدۇ. ھايۋانلارغا تەربىيە بېرىش ۋە قارىغۇلار مەھەللىسىدە ئەينەك كۆتۈرۈپ يۈرۈش ماڭا پايدىسىز كۆرۈندى، لېكىن پىكىرلەر ئىشىگى ئوچۇق، سۆز زەنجىرى ئۇزۇن ئىدى. مەن ئۇلارغا: "بىز ئۇنىڭغا قىزىل قان تومۇرىدىنمۇ يېقىنراقمىز"② دىگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈردۈم. ئاندىن سۆزۈمنى بىر جايغا يەتكۈزدۈم-دە، (ئادىتىمچە شېئىر بىلەن) مۇنۇ سۆزنى ئېيتتىم:

ئۇز ئۆزەمگە مەن يېقىن، دوستۇم ئۆزەمدىنمۇ يېقىن،

---

① بەئلەبەك — لىۋاندىكى بىر شەھەر؛ جامە — چوڭ مەچىت.

② قۇرئان، 50-سۈرە، 16-ئايەت.

مەن ئۇنىڭدىن بەك يىراق.
شۇنىسى قىزىق ۋە لېكىن مەن ئۇنىڭدىن بەك يىراق.
ئەقلاي، كىملەرگە ئېيتاي ئۇشبۇ ھالىمنى كورۇڭ:
يار قۇچاغىمدا تۇرۇپ، ھىجراندا يۇرگەيمەن يىراق!

مەن بۇ سوزنىڭ شارابىدىن مەس ئىدىم، گويا قولۇمدا تېخى ئېچىلىپ بولمىغان قەدەھ بار ئىدى، شۇ ئەسنادا بىر يولۇچى بىز يىغىلغان جايدىن ئۆتۈپ قالدى؛ ئۇنىڭغا سوزۇمنىڭ ئاخىرى تەسىر قىلغاچقا، ئۇ شۇنداق ۋاقىرىدىكى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چۇقان كوتىرىشتى. جىمىپ قالغان مەجلىس قايناشقا باشلىدى. مەن دىدىم: "سۇبھانالللا! قېشىمىزدىكى قەلبى كورلار يىراقتا قېلىپ، ئۆزى يىراقتا بولسىمۇ خۇدادىن خەۋىرى بارلار بۇ يەردىن چىقىپ قالدى!"

ئاڭلىغۇچى يەتمىسە سوزنىڭ پەھمىگە،
ناتىقتىن ئىزدىمە ئىلھام زىيادە!
ئىرادە-خاھىشقا بولسا كەڭ مەيدان،
سوز توپىنى سوزمەن ئۇرار ئازادە!

## ھىكايەت (12)

بىر كېچە مەككىنىڭ باياۋىنىدا ئۇيىقۇسىزلىقتىن، ماڭغۇچىلىكىم قالمىغان ئىدى. يەرگە بېشىمنى قويىدۇم-دە، تۆگىچىگە: "مېنى قالدۇرۇپ، ئۆزەڭ كېتىۋەر!" دىدىم.



قانچىلىك يول يۇرەر مىسكىن پىيادە،
ھەتتاكى نار تۆگە كەتسە دەرماندىن؟
سېمىزنىڭ بەدىنى ئورۇقلىغىچە،
ئورۇق ھېرىپ-چارچاپ ئايرىلار جاندىن.

تۆگىچى دىدى: "بۇرادەر! ھەرەم ئالدىمىزدا، قاراقچىلار ئارقىمىزدا. يۇرسەڭ قۇتۇلدۇڭ، ئۇخلىساڭ ئولدۇڭ!

ئۇخلىماق راھەت مۇغىلان① سايىسىدا چول ئارا،
كوچسە ئەل شۇ كېچە، لازىم جان بىلەن قىلماق ۋىدا.

## ھىكايەت (13)

دەريا بويىدا يولۋاس ياردار قىلىپ قويغان بىر تەقۋادارنى كورگەن ئىدىم، ئۇنىڭ يارىسىغا ھېچقانداق دورا ئۇنۇم بەرمەپتۇ. ئۇ بىرقانچە ۋاقىت يارا ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تارتقان بولسىمۇ، خۇدايى تائالاغا داۋاملىق شۇكرى ئېيتىپ، شۇنداق دەيتتى: "خۇداغا شۇكۇر، پالاكەتكە يولۇققان بولسامۇ، بىرەر گۇناغا گىرىپتار بولغىنىم يوق!"

گەر ئولۇمگە شۇ ئەزىز يار يوللىسا مەن زارنى،
دىمىگەيسەنكى، بېشىدا جان غېمى بار دەپ شۇ دەم.

---

① مۇغىلان ــ ئاكاتسىيە دەرىخى.

ئېيتمەن: مەن بەندە ئۆتكەزگەندىمەن قانداق گۇنا،
رەنجىتىپ قويدۇممۇ ئۇنى؟ — مەندە بار شۇ بىرلا غەم!

## ھكايەت (14)

بىر دەرۋىش بەك مۇھتاجلىقتىن بىر دوستىنىڭ ئۆيىدىن بىر دانە پالاسنى ئوغرىلىغان ئىدى، ھاكىم ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇدى.① پالاسنىڭ ئىگىسى بولسا: "مەن ئۇنى ئەپۇ قىلدىم!" دەپ شاپائەت قىلدى.

ھاكىم دېدى: "مەن سېنىڭ شاپائىتىڭ سەۋەبى بىلەن شەرىئەتنىڭ ھۆكمىدىن چىقمايمەن!"

پالاسنىڭ ئىگىسى دېدى: "بۇ دېگىنىڭ توغرا، لېكىن ۋەقفە مالدىن نەرسە ئوغرىلىسا، قولىنى كېسىش لازىم كەلمەيدۇ؛ چۈنكى 'پەقىرنىڭ مال-مۈلكى بولمايدۇ'، دەرۋىشلەرنىڭ قولىدىكى بارلىق نەرسە مۇھتاجلارنىڭ ۋەقفىسى!"

ھاكىم پالاسنىڭ ئىگىسىنى قايرىپ قويۇپ، دەرۋىشنى تىللاشقا باشلىدى: "ساڭا جاھان تار كەلدىمۇ، ئاشۇنداق بىر دوستۇڭنىڭ ئۆيىدىن باشقا ئوغرىلىق قىلىدىغان جاي تاپالمىدىڭمۇ؟"

ئۇ ئادەم دېدى: "ئەي ئىگەم، 'دوستۇڭنىڭ ئۆيىنى سۈپۈرۈپ قوي، دۈشمىنىڭنىڭ ئىشىكىنى قاقما!' دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟"

---

① شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە، ئوغرىلىق قىلغان كىشىنىڭ قولى كېسىلىدۇ-



چۈشسە گەر قاتتىقچىلىق باشىڭغا سەن تەن بەرمىگىن،
دۈشمىنىڭنىڭ پوستىنى شىل، دوستلىرىڭدىن ئال جۇۋا.

## ھكايەت (15)

بىر پادىشا بىر تەقۋادارىدىن سورىدى: "مېنى يادىڭغا ئالىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولامدۇ؟" تەقۋادار دېدى: "ھەئە، خۇدانى ئۇنۇتقان چاغدا!"

ھەر تەرەپكە قاتىرىغاي دەرگاھىدىن ھەيدەلگەن كىشى،
باشقىلار ئىشىكىگە چاپماس يانغا چىرلانغان كىشى.

## ھكايەت (16)

دىيانەتلىك كىشىلەردىن بىرى چۈشىدە بىر پادىشانى جەننەتتە، بىر تەقۋادارنى دوزاختا كوردى. ئۇ سورىدى: "ئۇ بىرسىنىڭ مۇنچەلىك دەرىجىگە يېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمشقا بۇ بىرسى تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى؟ ھالبۇكى، كىشىلەر بۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئويلىشاتتىغۇ؟" نىدا كەلدى: "بۇ پادىشا دەرۋىشلەرگە كۆڭۈل بولگەنلىكتىن جەننەتكە كىردى، بۇ تەقۋادار پادىشالارغا يېقىن بولغانلىقتىن، دوزاخقا كىردى!"

نېمە كارغا كېلەر ساڭا جەندە ۋە تەسۋى؟
سەن ئۆزەڭنى يامان ئىشتىن ساقلىغىن ھەر چاغ.

سوپى تۇماق كىيمەكلىك نە ھاجەت ساڭا؟
چىن دەرۋىش بول، مەيلى كىي تاتارچە تۇماق.①

## ھىكايەت (17)

يالاڭۋاش، يالاڭئاياق بىر پىيادە ئادەم ھىجاز كارۋىنىنى بىلەن كۇفە تەرەپتىن چىقىپ كەلدى-دە، بىزگە ھەمرا بولدى. ئۇنىڭ ھېچنىمىسى يوق ئىدى، ئەمما ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، مۇنداق دەيتتى:

نە مىنەرگە خېچىرىم بار، نە تۆگىدەك يۈكۈم بار،
نە پۇقراغا پادىشامەن، نە شاھقا غۇلام-خىزمەتكار.
بار نەرسىدىن غېمىم يوق، يوق نەرسىگە ئەمەس زار،
نەپەس ئالىمەن ئەركىن، ئۆمرۈم ئۆتەر بىغۇبار.

تۆگە مىنگەن بىر ئادەم ئۇنىڭغا دېدى: ”ئەي دەرۋىش، نەگە بارىسەن؟ ئارقاڭغا قايت، بولمىسا جاپا-مۇشەققەتتىن ئۆلۈپ قالىسەن!“ ئەمما ئۇ قۇلاق سالماستىن باياۋان تەرەپكە قەدەم تاشلاپ كېتىۋەردى.
بىر نەخلەئى مەھمۇد② دېگەن مەنزىلگە يەتكەندە، ھېلىقى تۆگە

---

① تاتارچە تۇماق — بۇ تۇماقنى ئۆز ۋاقتىدا ئىسلام دىنىدا بولمىغان موڭغۇل ئىستىلاچىلىرى كىيەتتى.
② نەخلەئى مەھمۇد — مەككىنىڭ شەرقىدىكى ۋادىدا كارۋان چۈشىدىغان بىر مەنزىلنىڭ ئىسمى.



مىنگەن بايغا ئەجەل يەتتى. دەرۋىش ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ دېدى: ”بىز يوقسۇزلۇقتىن ئۆلمىدۇق، سەن تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆلدۈڭ!“

بىراۋ بىمار بېشىدا چىقتى تۈن بويى يىغلاپ،
ئۇ ئۆلدى سەھەر، قوپتى بىمار ئورنىدىن چاچراپ.

* * *

كوپ چاغدا يۈگرۈك ئات ئارقىدا قېلىپ،
ئاقساق ئېشەك مەنزىلگە يېتىدۇ ئامان.
كوپىنچە ساقلارنى يەرگە كومەرمىز،
زەخملەنگەن ئادەم ساقىيار ئوبدان.

## ھىكايەت (18)

بىر سوپىنى پادىشا ھوزۇرىغا چاقىرتقان ئىدى. سوپى ئويلىنىپ، مۇنداق قارارغا كەلدى: ”بىر دورا ئىچىپ ئورۇقلىۋالاي، بەلكى ماڭا بولغان ئېتىقادى ئاشسا ئەجەپ ئەمەس“.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان دورا ئىچكەن ئىكەن، دەرھال ئۆلدى.

مېغىزى پىستىدەك پۈتۈن دىسەم مەن،
ئەسلىدە قات-قاتكەن، گويا كى پىياز.
سوپىلار يۈزىنى ئاۋامغا قىلىپ،
قىبلىگە كەينىچە ئوقۇيدۇ ناماز.

* * *

خۇدانى ياد قىلماق بولسا گەر قۆلى،
خۇدادىن ئۆزگىدە بولمىسۇن دىلى.

## ھىكايەت (19)

يۇنان تۇپرىقىدا بىر كارۋانغا قاراقچىلار ھۇجۇم قىلىپ، ھەددى-ھېساپسىز بايلىقنى بۇلاپ كەتتى. سودىگەرلەر يىغا-زارى قىلىشىپ، خۇدا ۋە رەسۇلنى شەپى كەلتۈردى،① ئەمما پايدىسى بولمىدى.

شەپقەتسىز قاراقچى زەپەر تاپقاندا،
كارۋان زارىغا قىلامدۇ پەرۋا؟

لۇقمان ھەكىم شۇ كارۋاننىڭ ئىچىدە ئىدى. كارۋانچىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى:
"سىز ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، بىر نىمە دەپ باقسىڭىز، بەلكىم، مېلىمىزنىڭ بىر قىسمىنى تاشلاپ كېتەرمىكىن، چۈنكى شۇنچە بايلىق زايا بولسا، ئۇۋال كېتىدۇ!"
لۇقمان دېدى: "ئۇلارغا ھېكمەت سۆزلىسەڭ ئۇۋال كېتىدۇ!"

تۆمۈرنى قاتمۇ-قات داتْ باسقان بولسا،

---

① شەپى كەلتۈرمەك — خۇدا ۋە رەسۇلنى تىلغا ئېلىپ، ھىمايىچىلىققا تارتماق.



سەيقەل① بىلەن ھەرگىز كەتكۈزۈپ بولماس.
ئىچقاراغا ۋەزنىڭ پايدىسى نىمە؟
تۆمۈر مىخنى تاشقا كىرگۈزۈپ بولماس.

ھەر ھالدا خاتالىق بىزدىن ئۆتتى.

تېچ كۈندە دەرتمەنىنىڭ بېشىنى سىلا،
مىسكىننى خوش قىلىش قايتۇرغاي بالا.
تىلەمچى سورىغان نەرسىنى بەرگىن،
بەرمىسەڭ، زومگەر كۈچ بىلەن ئالار.

## ھىكايەت (20)

ئۇلۇغ شەيخ ئوبۇل فەرەج ئىبنى جۇزى② (ئۇنىڭغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن) ماڭا نەغمە-ناۋا ئاڭلىماسلىقنى ۋە خىلۋەتتە يەككە ئولتۇشنى بۇيرۇغان بولسىمۇ، ياشلىق باھارىم ئۈستۈن كېلىپ، ھاۋايى-ھەۋەس مېنى قىزىقتۇراتتى-دە، بەزىدە ئىختىيارسىز ئۇستازىمنىڭ رايىغا خىلاپ ھالدا قەدەم تاشلاپ، ناخشا-ساز ئاڭلاشتىن ۋە دوستلىرىمنىڭ ئولپەتچىلىكىدىن بەھرىمەن بولاتتىم. شەيخىمنىڭ نەسىھىتى يادىمغا كەلگەندە مۇنداق دەيتتىم:

---

① سەيقەل — پەرداز.
② جامالىددىن ئوبۇل فەرەج ئابدۇراخمان ئىبنى مۇھەممەدىن يۇسۇف ئىبنى جامالىددىن ئوبۇل فەرەج ئىبنى جۇزى — سەئدىنىڭ ئۇستازى.

بىز بىلەن ئولتۇرسا قازى زوقلىنار چاۋاك چېلىپ،
مەسنى كورسە كارى بولماس، ئىچسە گەر مەي مۇھتەسىپ.

مانا بىر كېچىسى مەن بىر توپ ئۇلپەتلەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا كىرىپ قالدىم-دە، بىر ناخشىچىنى كوردۇم.

قان تومۇر گويا ئۈزۈلگەي غىچ-غىچىلداق سازىدىن،
كۈيى ھەم شۇمراق "ئاتاك ئولدى" دىگەن ئاۋازدىن.

ئاڭلىغۇچىلار بىر دەم قولى بىلەن قۇلىغىنى ئېتىۋالسا، بىر دەم "شۈك!" دەپ بارمىغىنى لېۋىگە تەككۈزەتتى.

قەلبىمىزنى تەۋرىتەر خۇش كۈي غەزەلخانىنىڭ ئۈنى،
جانغا راھەت لېكىن سەندەك كۈيچىنىڭ جىم بولغىنى.

* * *

كۈيۈگدە سېنىڭ خۇشلۇق كورمەس كىشى،
كېتەر چاغ جىمىقساڭ بولۇر دىل خۇشى.

* * *

بۇ چالغۇچى① ناخشىسىنى ئېيتقان چېغى،
ئېيتار ئىدىم ساھىپخانىغا: "خۇدا ھەققى،
سىماپ قۇيغىن② قۇلىغىمغا، مەن ئاڭلىماي،
يا ئىشىكنى ئاچقىن ماڭا، سىرتقا چىقاي!"

① چالغۇچى — تېكىستتە چىلتار چالغۇچى.
② سىماپ قۇيغىن — بەزى نۇسخىدا "پاختا تىققىن" دەپ يېزىلغان.



سۆزنىڭ قىسقىسى، دوستلىرىمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۇلارغا بويسۇندۇم-دە، كېچىنى مىڭ مۇشەققەتتە تاڭ ئاتقۇزدۇم.

مانا مەزىن ئېيتتى ئەزان بىمەھەل چاغ،
ئۇ بىلمەسكى، بۇ كېچىدىن ئۆتتى قانچە.
سورا تۈنىنىڭ ئۇزۇنلۇغىن كىرپىگىمدىن،
چۈنكى كوزنى يۇمىدىم مەن بىر دەققە.

ئەتىسى ئەتىگەن دۇئا ئېلىش مەقسىدىدە بېشىمدىن سەللىنى ئالدىم ۋە بېلىمدىن بىر دانە دىنارنى يەشتىم-دە، غەزەلخانىنىڭ ئالدىدا قويدۇم ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ بىرمۇنچە تەشەككۈر ئېيتتىم. دوستلىرىم ئۇنىڭغا مۇنچىلىك ئېتىۋار قىلغانلىغىمنى ئادەتتىن تاشقىرى بولۇپ كەتتى دەپ بىلىپ، مېنى ئەخمەققە چىقىرىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى تىلىنى قويۇۋېتىپ، ھە دەپ تاپا-تەنە قىلىشقا باشلىدى: "بۇ قىلىغىڭ ئاقىللارنىڭ رايىغا مۇناسىپ ئەمەس. سەن شەيخلەرنىڭ خىرقىسىنى① ئومۇر بويى قولى بىر تىيىن پۇل كورمىگەن ۋە دېپىغا بىرتال ئالتۇن زەررىسى چۈشمىگەن بىر غەزەلچىگە بېرىۋەتتىڭ!"

بۇ ئۈيدىن نەغمىچى يوقالغان ھامان،
ئىككىنچى بىر جايدا كورمىدى ھېچ جان.
شەكسىزكى، چىقىراپ كوتەرسە چۇقان،

① خىرقە — سوپىلارنىڭ پەرىجىسى ياكى جەندىسى، بۇ يەردە باش كىيىمى ياكى سەللە مەنىسىدە ئېلىنغان.

بەدەندىن مويىمىز تىك تۇرار شۇئان.
قۇش ئۇچار ئاڭلىسا قورقۇپ، ئەندىكىپ،
مىڭمىزنى يەيدۇ، گېلىنى يىرتىپ.

مەن دېدىم: "مەسلىھىتىم شۇكى، تاپا-تەنە تىلىنى قىسقارتقىن، چۈنكى ماڭا بۇ ئادەمدىن بىر كارامەت نامايەن بولدى!"
ئۇ دېدى: "بۇ كارامەتنىڭ ماھىيىتىدىن مېنىمۇ خەۋەردار قىلغىن، مەنمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، بايىقى چاخچىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغان بولاتتىم!"
مەن دېدىم: "خوپ، بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، ئۇلۇغ شەيخىم نەچچە قېتىم ماڭا نەغمە ئاڭلاشنى قويغىن، دەپ چىرايلىق نەسىھەت-لەرنى قىلغان بولسىمۇ، مەن قۇلىقىمغا ئالمىغان ئىدىم. مانا بۈگۈن كېچە مۇبارەك بەختۇ-تالىيىم مېنى بۇ جايغا ئېلىپ كەلدى، مەن بۇ نەغمىچىنىڭ ياردىمى بىلەن تەۋبە قىلدىم، قالغان ئۆمرۈمدە نەغمە ساز بار يەرگە ھەرگىز يولىمايمەن."

ھەر شېرىن ئېغىز لەۋلىرىدىن چىقسا خۇش ئاۋاز،
دىللارغا ھوزۇر، قىلسا ۋە ياقىلمىسا ھەم ساز.
ئول كۈيكى "ئۇشاق" ياكى "ھىجاز" ياكى "خۇراسان"،①
ئاۋازى خۇنۇك ناخشىچىغا زادى ياراشماس.

---

① "ئۇشاق"، "ھىجاز"، "خۇراسان" — مۇقامىنىڭ ئىسىملىرى. بەزى نۇسخىدا "خۇراسان" ئورنىدا "سىفاھان" دەپ ئېلىنغان.



## ھىكايەت (21)

لۇقماندىن سوراشتى: "ئەدەپ-قائىدىلەرنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟"
ئۇ جاۋاپ بەردى: "بىئەدەپلەردىن ئۆگەندىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىكى نەزىرىمگە پەسەنت كەلمىگەن نالايىق ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلاندىم!"

ئويۇن-چاخچاق بىلەن ئېيتىلسا بىر سۆز،
ئالار زېرەك كىشى ئايرىمچە مەنپەت.
ھەزىلنىڭ ئورنىدا ئاڭلايدۇ نادان،
ئوقۇلسا ئالدىدا يۈز باپچە ھىكمەت.

## ھىكايەت (22)

ھىكايە قىلىنىشىچە، بىر سوپى ھەر كېچىسى ئون پاتمان تاماق يەپ، سەھەرگىچە ناماز ئوقەپ، قۇرئاننى بىر ئوقۇپ تۈگىتىدىكەن. بىر پاكدىل كىشى بۇنى ئاڭلاپ دېدى: "ئەگەر ئۇ يېرىم نان يەپ ئۇخلىغان بولسا، ئۇنىڭدىن كۆپرەك ساۋاپ تاپقان بولاتتى!"

ئىچىڭنى تائامدىن بوشراق تۇت،
ئۇندا مەرىپەت نۇرىنى كورىسەن.
سەندە ھىكمەت يوق، شۇ سەۋەپتىنكى،
ئاش ۋە ناننى بۇرنۇڭغىچە ئۇرىسەن.

## ھېكايەت (23)

ئاللانىڭ مەرھەمىتى گۇناغا پاتقان بىر ئازغۇننى ھەقىقەت ئىز-دىگۈچىلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇۋالسۇن دەپ ئۇنىڭ يولىغا تەۋپىق چىرىغىنى يېقىپ بەردى. دەرۋىشلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە پاك نەپەسلىرى تەسىرىدە ئۇنىڭ ناچار ئەخلاقى گۈزەل ئەخلاققا ئۆزگەردى. ئۇ ھاۋايى-ھەۋەستىن قولىنى تارتتى، ئەمما ئۇنىڭ ھەققىدە غەيۋەتچىلەرنىڭ تىلى ھامان داۋام قىلىۋەردىكى، گويا ئۇ ئاۋالقى پېتى تۇرىۋەرگەنمىش، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىغىغا ۋە تائەت-ئىبادىتىگە ئىشەنگىلى بولماسمىش!

خۇدا ئازاۋىدىن قۇتۇلۇش تەۋبە بىلەن مۇمكىندۇر،
ۋەلېكىن مۇمكىن ئەمەس خەلق تىلىدىن قۇتۇلماغلىق.

ئۇ ئادەم يامان تىللارنىڭ ئەلىمىگە چىدىيالماي بىر پىرى ئۇستاز-نىڭ ئالدىغا شىكايەت قىلىپ كىردى. ئۇستاز ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى: "سەن بۇ نىئمەتنىڭ شۈكرىسىنى قانداقمۇ ئادا قىلالارسەن؟ چۈنكى سەن كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىن ياخشىراقسەن!

قاچانغىچە دېيسەن: 'ھەسەتچى، كىنچى①
قىلماقتا مەن مىسكىن يامان گېپىنى.

① كىنچى — ئاداۋەتچى، ئەيىپ تاپقۇچى.



قېنىمنى توكمەككە قەست قىلسا بىر دەم،
گاھىدا ئولتۇرۇپ سوكىدۇ مېنى!'
ياخشى بول، خەلق يامان دېسىمۇ، مەيلى،
شۇ ياخشى يامانغا چىقارسا سېنى.

لېكىن كىشىلەرنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ياخشى ئوي-پىكىرلىرى مېنى كامالەتكە ئېرىشتۈردى. ھالبۇكى مەن نەق كەمچىلىك-نۇقسان ئىچىدە مەن، بۇ نەرسە مېنى ئويلاشقا ۋە ئۆكۈنۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

ئەگەر ئېيتقىنىمنى كەلتۈرسەم بەجا،
بولاتتىم خۇش پېئىل، پەرھىزكار دانا."

* * *

خوشنىلار كوزىدىن گەرچە پىنھانمەن،
بار-يوقۇم ئاللاغا روشەن ئىنسانمەن.

* * *

ئەتتۇق كىشىلەرگە ئىشىگىمىزنى،
يايمىسۇن دەپ ئەلگە نۇقسانىمىزنى.
نە پايدا ئىشىكنى ئېتىپ، بىكىنمەك،
ھەق بىلگۈچى ئوچۇق-نىھانىمىزنى.

## ھېكايەت (24)

مەن شەيخلەردىن بىرىنىڭ ئالدىدا: "پالانچى مېنى بۇزۇق ئادەم دەپ گۇۋالىق بېرىپتۇ!" دەپ شىكايەت قىلغان ئىدىم. شەيخ

دىدى: "سەن ئۇنى ئۆزەڭنىڭ ياخشىلىقى بىلەن خىجىل قىل!"

ئۆزەڭ توغـرا بول، بەدنىيەت پىتنىچى
تاپالماس قۇسۇر سەندىن، يەتمەس كۈچى.
راۋاپنىڭ ئۇنى پەدىگە بولسا ماس،
قۇلاقنى بىكار تولغىماس چالغۇچى!"

## ھېكايەت (25)

شام① شەيخلىرىنىڭ بىرسىدىن (كىشلەر) سوراشتى:
"تەسەۋۋۇپـنىڭ② ھەقىقى ماھىيىتى نـېمە؟" ئۇ جاۋاپ بەردى:
"بۇرۇن بىر توپ كىشلەر بولغان، ئۇلار تاشقى كورۇنۇشتە پەرىشان
كورۇنـىـمۇ، ئىچكى دۇنـياسى خاتىرجەم ئىدى، ھازىر بىر توپ
كىشـلەر باركى، كورۇنۇشـتە خاتىرجەمـدەك تۇرسـىمۇ، ئىچـكى
دۇنياسى پەرىشان!"

ئۇچۇپ يۈرسە كوڭلۇڭ ھەر دەم ھەر يەردە،
يەككە-يىگانىلىكتە پاكلىق كورمەيسەن.
بولسا گەر مال، زىمىن، مەنسەپ، تىجارەت،
دىلىڭ ھەقتە بولسا چىندىن دەرۋىشسەن.

---

① شام — سۇرىيە.
② تەسەۋۋۇپ — سوپىزىم.



## ھېكايەت (26)

ئېسىمدىكى، بىر چاغدا بىز كارۋان بىلەن كېچىچە يول يۈرۈپ، سەھەردە بىر ئورماننىڭ چېتىدە ئۇخلىغان ئىدۇق. بۇ سەپىرىمىزدە بىز بىلەن ھەمرا بولغان بىر سەۋدايى ئادەم هاي-هايلاپ باياۋانـغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە بىر دەممۇ ئارام تاپمىدى. كۈندۈزى مەن ئۇنىڭدىن: "بۇ كېچە ساڭا نىمە بولدى؟" دەپ سورىغان ئىدىم.

ئۇ جاۋاپ بەردى: "قارىسام، بۇلبۇلـلار دەرەخنىڭ ئۈستىدە، كەكلىكلەر تاغدا سايرىشـىۋاتىدۇ، پاقـلار سۇدا كۈكـراۋاتـىدۇ، هايۋانلار ئورماندا نالە-پىغان قىلىشىۋاتىدۇ، شۇڭا ھەمـمە خۇداغا ئىبادەت قىلىۋاتسا، مەن غەپلەتتە ئۇخلىسام ئادەمگەرچىلىك ئەمەس، دىگەننى ئويلىدىم."

ئۈتكەن سەھەر بىر قۇش ئەجەپ سايرىغانتى،
ئەقلۇ-ھۇشۇم، تاقىتىمنى تامام ئالدى.
ئەڭ سەمىمى دوستلىرىمدىن بىرسى شۇ چاغ
پەقەت مېنىڭ پەريادىمغا قۇلاق سالدى.
ئېيتتى ئاندىن: "ئىشەنمەيمەن، قانداق قۇش ئۇ؟
بىر سايراشتا شۇنچە ئاسان ھۇشۇڭ ئالدى."
مەن دىدىمكى، "قۇشلار سايراپ تەسبىھ ئېيتسا،①
مەن جىم بولسام، ئادەملىگىم نەدە قالدى!"

---

① تەسبىھ ئېيتماق — "خۇداغا مەدھىيە ئوقۇماق" مەنىسىدە.

## ھېكايەت (27)

بىر چاغدا ھىجاز سەپىرىدە بىر توپ پاكدىل يىگىت مەن بىلەن ھەمدەم-ھەمسەپەر بولغان ئىدى. ئۇلار پات-پات غەزەل ئېيتاتتى ۋە زوق بىلەن شېئىر ئوقۇشاتتى. يولدا بىر سوپى يىگىتلەرنىڭ بۇ ئىشىنى ياراتمىدى، چۈنكى بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ دەردىدىن بىخەۋەر ئىدى. بىز بەنى ھىلال ئۆتىڭگە يېتىپ بارغاندا، ئەرەپلەرنىڭ چەللە-بارگىدىن قاراقۇمچاق بىر بالا چىقىپ، شۇنداق غەزەل ئوقۇغىلى تۇردىكى، ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلار پەسكە چۈشۈپ، قېشىغا ئولاشتى. قارىسام، ھېلىقى سوپىنىڭ توگىسى راسا ئۇسسۇلغا چۈشتى-دە، سوپىنى يەرگە ئېتىپ ئۇرۇپ، باياۋان تەرەپكە چېپىپ كىرىپ كەتتى. مەن دېدىم: "ھەي شەيخ، بالىنىڭ غەزىلى ھايۋاندىمۇ تەسىر قىلدى، ئەمما ساڭا بۇنىڭ ھېچ پەرقى يوق ئىكەن!"

بىلەمسەنكى، بۇلبۇل ماڭا نىم دېدى سەھەر؟
"ھەي... سەن ئۆزەڭ قانداق ئادەم، ئىشقتىن بىخەۋەر؟
ھەتتا توگە ئەرەپلەرنىڭ شېئىرىدىن زوقمەن،
دوت مەخلۇقسەن، سەندە زوق-شوق بولمىسا ئەگەر.

* * *

قاتتىق شامال چىقسا باغدا تاپماستىن تىنىم،
تال شاخلىرى ئېگىلىدۇ، ئەمما تاشلار جىم.

* * *



كورۇنگەن ھەممە جان زىكرىدە① سايرار،
لېكىن بىلگەي بۇنى دىل بولسا ھوشيار.
نە بۇلبۇل گۈل شېخىدا بىر غەزەلخان،
تىكەنمۇ گۈل بولۇپ ئوقۇيدۇ سۇبھان.

## ھېكايەت (28)

بىر پادىشانىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالغان بولۇپ، تەختىدە ئولتۇرىدىغان ۋارىسى يوق ئىدى. ئۇ مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى: "كىمكى ئەتە ئەتىگەن شەھەر دەرۋازىسىدىن بىرىنچى بولۇپ كىرسە، شاھلىق تاجىنى شۇ كىشىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنى شۇ كىشىگە تاپشۇرۇڭلار."

كۈتۈلمىگەندە بىرىنچى بولۇپ كىرگەن كىشى ئۆمۈر بويى تىلەمچىلىك قىلغان ۋە جۇل-جۇل كىيىمنى ياماپ كىيگەن بىر گاداي بولۇپ چىقتى. دۆلەت ئەرباپلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى پادىشانىڭ ۋەسىيىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قەلئە ۋە غەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. (گاداي) بىر مۇددەت شاھلىق قىلغان بولسىمۇ، كوپ ئۆتمەي مەملىكەتنىڭ بەزى ئەمىرلىرى ئىتائەت قىلىشتىن بويۇن تولغىدى، ئەتراپتىكى مەملىكەتلەرنىڭ پادىشالىرى جاڭجال كوتىرىپ، گادايىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر توپلىدى. قىسقىسى، قوشۇن بىلەن پۇقرالار ئۇپۇر-توپۇر بولۇشتى ۋە مەملىكەتنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىن چىقىپ كەتتى.

---

① زىكرىدە — خۇدانىڭ يادىدا.

بۇ ۋەقە سەۋەبى بىلەن گاداي پادىشانىڭ كۆڭلى پەرىشان بولدى. دەل شۇ پەيتتە كەمبەغەلچىلىك كۈنلىرىدە يېقىن ئۆتكەن قەدىناس دوستلىرىدىن بىرى سەپەردىن قايتىپ كەلدى-دە، ئۇنى بۇ قەدەر يۇقۇرى مەرتىۋىدە كۆرۈپ، مۇنداق دېدى: "ئەي ئەزىز ۋە ئۇلۇغ ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن گۈلۈڭ تىكەندىن، تىكەن ئايىغىڭدىن چىقىپتۇ، تەلىيىڭ ئوڭدىن كەپتۇ، بەختۇ-ئىقبال يار بوپتۇ. مۇشۇ دەرىجىگە ئېرىشىپسەن: 'تەھقىق قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئوڭۇشلۇق بار'."①

گۈل-چېچەكلەر گاھ ئېچىلغاي، گاھ توكۇلگەي،
دەرەخ-ئورمان گاھ يالىڭاچ، گاھ تون كىيگەي.

گاداي پادىشا دېدى: "ھەي بۇرادەر ئەزىز، ماڭا قايغۇداش بولۇپ، تەسەللى-خاتىر بەرگىنىڭ، تەبرىكلەشكە ھېچ ئورۇن يوق! ئۆزەڭ بىلىسەن، بۇرۇنقى چاغلاردا بىر ناننىڭ غېمىنى قىلاتتىم، ئەمدىلىكتە پۈتۈن جاھاننىڭ تەشۋىشى ئۈستۈمدە!"

ئەگەر يوق بولسا پۇل-مال دەرت چېكەرمىز،
ئۇ بولسا، باغلىنىپ ئىشقىغا كۆيەرمىز.

* * *

جاھاندىن② تىنچسىزراق بىر بالا يوق،
ئۇ بولسۇن، بولمىسۇن دىل غەمگە تولۇق.

① قۇرئان، 94-سۈرە، 6-ئايەت.

② جاھاندىن — جاھاننىڭ مال-دۇنياسىدىن مەنىسىدە.



* * *

تىلىسەڭ بايلىقنى، تۇت قانائەتنى،
چۈنكى بىل، قانائەت تۈگىمەس دۆلەت.
ئېتەكنى زەرگە تولدۇرسا غەنى،
ئۇنىڭ ئېھسانىغا كۆز سالما پەقەت.
ئاڭلايتتىم چوڭلاردىن: دەرۋىشنىڭ سەۋرى
باينىڭ ھەدىيىسىدىن ياخشى مىڭ نۆۋەت!

* * *

كاۋاپ قىلىپ بىر قۇلاننى بەھرام① ئەيلىسە تارتۇق،
چۈمۈلىنىڭ سوغاتى-چېكەتكە پۇتى ئارتۇق.②

## ھېكايەت (29)

بىر ئادەمنىڭ دىۋاندا③ خىزمەت قىلىدىغان بىر دوستى بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت بىر بىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن ئىدى. بىر كىشى سوراپ قالدى: "پالان دوستۇڭ بىلەن ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىدىڭغۇ؟" ئۇ جاۋاپ بەردى: "ئۇنى كۆرگۈم كەلمەيدۇ!"

① بەھرام — ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىكلىكى ۋە سېخىيلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ مەخسۇس قۇلاننى ئوۋ قىلغانلىقى ئۈچۈن "بەھرام گور" دەپ ئاتالغان. "گور" پارسچە قۇلان دېمەكتۇر.

② رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، چۈمۈلە سۇلايمان پەيغەمبەرگە چېكەتكىنىڭ بىر پۇتىنى سوغات قىلىپ ئەپكەلگەن ئىكەن.

③ دىۋان — ئوتتۇرا ئەسىردە شەرقتىكى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىنىڭ ۋەزىرلەر ئىشخانىسى، دۆلەت مەھكىمىسى.

دەل شۇ چاغدا ئاشۇ دوستىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەردىن بىرى كېلىپ قالدى-دە، سورىدى: "ئۇنىڭدىن نېمە خاتالىق ئۆتكەندۇ، ئۇنى كورسەڭ ساڭا نېمە مالاللىق يېتىدۇ؟" "ھېچقانداق مالاللىق يوق، — دېدى ئۇ، — ئەمما دېۋاندا خىزمەت قىلىدىغان دوستنى پەقەت خىزمەتتىن چېكىنگەن چاغدىلا كورسە بولىدۇ، لېكىن مەن ئۆزەمنىڭ راھىتىنى دەپ ئۇنىڭ خاپىلىق تارتىشىنى خالىمايمەن!"

مەنسۈپ بار چاغدا، ئەمەل تۇتقاندا،
ئۇلار دوستلىرىدىن نېرى قاچىدۇ.
ئورنىدىن ئايرىلىپ، ھالى تەڭ بولسا،
دىلىدىكى ھەسرەتنى دوستقا ئاچىدۇ.

## ھېكايەت (30)

ئەبۇ ھۇرەيرە① (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ھەر كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوقلاپ كېلەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دېدى: "ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە، كۈن ئارىلاپ كەلگىن، مۇھەببىتىڭ زىيادە بولىدۇ، يەنى ھەر كۈنى كېلىۋالما، مۇھەببىتىڭ ئاشسۇن!"

* * *

① ئەبۇ ھۇرەيرە — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ياخشى كورگەن مۈشۈكىدىن ئايرىلمىغانلىقى ئۈچۈن "ئەبۇ ھۇرەيرە" (مۈشۈكنىڭ ئاتىسى) دەپ ئاتالغان.



بىر دانىشمەنگە (كىشىلەر) دېدى: "قۇياش گۈزەل بولسىمۇ، بىرەر كىشىنىڭ ئۇنى ياخشى كورۇپ ئاشىق بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق!"

دانىشمەن دېدى: "بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنى ھەر كۈنى كورگىلى بولىدۇ. پەقەت زىمىستاندا بۇلۇتقا پۈركۈنۈۋالغاندا سۈيۈملۈك بولىدۇ!"

كىشىنى كورۇشكە بېرىش ئەيىپ ئەمەس،
لېكىن بولمىسۇن كوپ "يېتەر!" دېگىچە.
ئۆزەڭگە پەقەتلا ئۆزەڭ كايىغىن،
كىشىدىن ئورۇنسىز كايىش كۈتكىچە.

## ھېكايەت (31)

ئۇلۇغلاردىن بىرىنىڭ قوسىقىدا تەتۈر يەل تولغاشقا باشلاپ، ئۇنى يېگىشكە ھېچ ئىلاج قىلالمىدى-دە، ئىختىيارسىز قويۇۋەتتى. ئۇ كىشى دېدى: "دوستلىرىم، بۇ ئىش مەندىن ئىختىيارسىز ئوتۇلۇپ قالدى، شۇڭا ماڭا گۇنا بولۇپ يېزىلماس، ۋۇجۇدۇم راھەت تاپتى، سىلەرمۇ ئالىجاناپلىق بىلەن كەچۈرۈڭلار!"

قوساق يەل زىندانى ئەي ئاقىل ئىنسان!
لېكىن يەلنى سولاشقا يوقتۇر ئىمكان.
قوساقتا چاپسا يەل دەرھال قويۇپ بەر،
ئېغىرلىق كەلتۈرۈر جانىڭغا بەتتەر.

* * *

خۇنۇك چىراي، قىلىغى سەت، ناباپ مېھمان،
كېتەي دىسە، تۇتما ھەرگىز، بولسۇن راۋان!

## ھېكايەت (32)

(بىر چاغدا) دەمەشقتىكى يارانلىرىمنىڭ ئۇلپەتچىلىگىدىن زېرىكىپ، قۇددۇس چۆلىگە① باش ئېلىپ كەتكەن ئىدىم. بۇ يەردە ھايۋانلار بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىشقا كىرىشتىم. بىر ۋاقىت كېلىپ فەرەڭلەرنىڭ② قولىغا ئەسىر چۈشتۇم. ئۇلار تەرابۇلىس③ خەندەكلىرىدە مېنى جوھۇتلار بىلەن بىللە توپا قېزىش ئىشلىرىغا سالدى. شۇ ئارىدا ئىلگىرى تونۇشلۇغىمىز بولغان ھەلەب شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىرسى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مېنى تونۇپ قالدى-دە، تۇۋلىدى: "ساڭا نىمە ئەھۋال بولدى؟"

مەن دىدىم: "نىمىسىنى ئېيتاي؟

كىشىلەردىن قېچىپ كەلدىم تاغ-باياۋانغا،
ھەقتىن باشقا ھېچكىم بىلەن يوق ئىدى ئىشىم.
قىياس قىلغىن، ھالىم نىچۇك ئۇشبۇ سائەتتە؟
بىر ئېغىلدا ھايۋان بىلەن ئۆتەر تۇرمۇشۇم.

① قۇددۇس چۆلى — ئېرۇسالىم قېشىدىكى بىر چۆل.

② فەرەڭلەر — "ئەھلى سەلىپ" يۈرۈشى قىلغان فەرەڭلەر. بۇ ۋەقە ئېھتىمال، 13-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا يۈز بەرگەن.

③ تەرابۇلىس — تىرىپولى شەھىرى.



* * *

دوستلار بولسا ياخشى، بولسام كىشەندە،
يات بىلەن بولغاندىن بوستان-چىمەندە."

بۇ ھالىمغا ئەمەلدارنىڭ رەھمى كېلىپ، ئون دىنار بىلەن مېنى فەرەڭلەرنىڭ زەنجىر-كىشەندىن قۇتقۇزۇۋالدى-دە، ئۆزى بىلەن بىللە ھەلەب شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى ماڭا نىكا قىلىپ بەردى، تېخى قىزنىڭ ھەققى-مېھرىدىن يۈز دىنار پۇلنىمۇ قوشۇپ بەردى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ خۇيى يامانلىشىپ، ھە دىسە جېدەل قىلىدىغان، گەپكە كىرمەيدىغان بولۇۋالدى. تىلى بارغانسېرى ئۇزىرىپ، تۇرمۇش ھالاۋىتىمنى بۇزۇۋەتتى.

ياخشى ئەر ئۆيىدە بىر يامان خوتۇن،
بىل، دۇنيادا دوزاخ ئەر ئۈچۈن.
ھەزەر قىل، يامان خوتۇن باشقا بالا،
بىزنى ئوت ئازاۋىدىن ساقلا ئاللا.

بىر قېتىم ئۇ ھاقارەت تىلىنى قويۇۋېتىپ: "ئاتام سېنى فەرەڭلەرنىڭ كىشىندىن ئون دىنارغا سېتىۋالغان ئەمەسمۇ؟" دىگەن ئىدى. مەن: "توغرا، مېنى فەرەڭلەردىن ئون دىنارغا سېتىۋېلىپ، يۈز دىنارغا ساڭا ئەسىر قىلىپ قويدى!" دەپ جاۋاپ بەردىم.

بىر قوينى بىر چاغدا ئەمەلدار ئادەم

بورىنىڭ ئاغزىدىن قۇتقازغان بەردەم.
كەچقۇرۇن بوغمىغا پىچاق سۇرگەنتى،
قوينىڭ جېنى قاخشاپ، شۇنداق دىگەنتى:
"تارتىۋالدىڭ بورىدىن مېنى سالامەت،
ئۆزەڭ بىزرە ئىكەنسەن، بىلدىم ئاقىۋەت!"

## ھىكايەت (33)

بىر پادىشا بىر سوپىدىن سورىدى: "قىممەتلىك ۋاقتىڭىز قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟" سوپى دىدى: "پۈتۈن كېچىنى مۇناجاتتا ئۆتكۈزىمەن، سەھەردە ھاجىتىمنى تىلەپ دۇئا قىلىمەن، كۈندۈزى بالا-چاقىلىرىمنى بېقىش كويىدىمەن!"

پادىشا سوپىنىڭ كىنايە سوزىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندى-دە، ئۇنىڭغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەلگىلەپ، ئۇنى ئائىلە غېمىنىڭ يۈكىدىن ئازات قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

ئەي ئائىلە غېمىگە پاتقان چال،
ئەمدى سەن تېچلىقنى قىلما خىيال.
سەن پەرزەنت، نان، كىيىم ئۈچۈن غەمدە،
سەير ئېتەلمەيسەن يۇقارقى ئالەمدە.①

* * *

ئويلايمەن پۈتۈن كۈن سەھەردىن تا شام:

① يۇقارقى ئالەم — پەرىشتىلەر دۇنياسى.



"كېچىچە پەقەتلا ھەق بىلەن بولسام".
لېكىن كەچ نامازغا كىرىشسەم ئەگەر،
يەنە غەم: "پەرزەنتىم ئەتە نىمە يەر؟"

## ھىكايەت (34)

شام زاھىتلىرىدىن بىرى جاڭگالدا كۆن ئۆتكۈزۈپ دەرەخ ياپراقلىرىنى يەيتتى. بىر پادىشا ئۇنىڭ قېشىغا زىيارەتكە بېرىپ، مۇنداق دىدى:

"ئەگەر ماقۇل كورسىڭىز، شەھەردە سىز ئۈچۈن بىر جاي راسلاپ بەرسەم، خاتىرجەم ئىبادەت قىلغان بولاتتىڭىز، باشقىلارمۇ نەپەسلىرىڭىز بەركاتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ياخشى ئىشلىرىڭىزغا ئەگەشكەن بولاتتى."

زاھىت ئۇنىمىدى. ۋەزىرلەردىن بىرى ئۇنىڭغا دىدى:

"پادىشانىڭ كوڭلى ئۈچۈن شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، بۇ جاينىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ باقسىڭىز بولمامدۇ. ئەگەر كېيىن ئەزىزلەر ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقتىنىڭ ساپلىقى بىگانە كىشىلەرنىڭ باردى-كەلدىسىدىن بۇلغىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىختىيار ئۆزىڭىزدە!"

زاھىت شەھەرگە كەلدى، ئۇنى پادىشانىڭ خاس باغچە سارىيىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ جاي شۇنداق دىلنى تارتىدىغان ۋە جانغا ھوزۇر بېغىشلايدىغان بىر جاي ئىدى.

گۈزەللەر مەڭزىدەك مۇندا قىزىل گۈل،
مەھبۇبلار چېچىدەك خۇش پۇراق سۇنبۇل.

سوغاقتىن ئەندىككەن مۇندا ھەر چېچەك،
دايىنىڭ① سۈتىگە تەشنا بوۋاقتەك.

* * *

شاخ-شاختا قىزارغان ھەر ئانار گۈلى،
يېشىل دەرەخلەرنىڭ بىزەك مەشئىلى.

پادىشا دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىرايلىق بىر كېنىزەكنى ئەۋەتتى.

بۇ شۇنداق ئايجامالكى، جانغا ئاپەت،
سىياقى بىر مەلەك②، تاۋۇس قىياپەت.
سۈپلار تۇرقىنى بىر كۆرسە قالماس
تېنىدە زەررىچە ئارامۇ-تاقەت.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئاجايىپ ساھىپجامال ۋە تولىمۇ كېلىشكەن بىر غۇلامنى ئەۋەتتى.

ئەتراپىدا تەشنالىقتىن كىشىلەر ئۆلگەي،
ئۇ بىرساقى، كۆرۈپ تۇرۇپ سۇ ئىچۈرمىگەي.
كوزلەر ئاڭا قاراپ-قاراپ پەقەت تويماستى،
ئىستىسقانىڭ③ تەشناسىدەك زادى قانماستى.

① دايە — ئىنكئانا.
② مەلەك — پەرىشتە.
③ ئىستىسقا — سۇ كېسىلى. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم سۇنى قانچە ئىچسىمۇ قانمايدۇ.



زاھىت لەززەتلىك تائاملارنى يېيىشكە، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكە باشلىدى. شېرىن مۇزىلەر ۋە خۇش بۇي ئەتىرلەردىن ھوزۇرلىنىشقا ھەمدە غۇلام-كېنىزەكلەرنىڭ جامالىدىن زوق ئېلىشقا كىرىشتى. دانالار ئېيتقانكى: "گۈزەللەرنىڭ جىڭگىلەك چاچلىرى ئەقلىنىڭ ئايىغىغا زەنجىردۇر ۋە ھوشىيارلىق قۇشى ئۈچۈن تۇزاقتۇر!"

بىلىمىنى، دىل ۋە دىنىمنى ساڭا بەردىم تامام،
دەر ھەقىقەت ئۇشبۇ كۈندە مەن زىرەك قۇش، سەنكى دام.

قىسقىسى، زاھىتنىڭ خاتىرجەم كېتىۋاتقان دەرۋىشلىك ھاياتى ئاخىرلاشتى. چۈنكى شۇنداق گەپ بار:

مەيلى ئالىم، مەيلى بوۋاي، مەيلى مۇرىت،
قەلبى تازا، تىلى ئۆتكۈر بۈيۈك دانا،
پەس دۇنياغا چۈشۈپ قالسا، ھالى شۇكى،
پۇتى ھەسەل ئىچرە پاتقان ھەرە گويا.

بىر كۈنى پادىشا ئۇنى كۆرۈشكە قىزىقىپ قالدى. قارىغۇدەك بولسا، زاھىتنىڭ ئاۋالقى تۇرقى ئۆزگەرگەن: مەڭزى قىزىرىپ، ئاپپاق سەمرىپ كېتىپتۇ، پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، پەرى سۈپەت غۇلام بېشى ئۈستىدە تاۋۇس قانىتىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈپ تۇرۇپتۇ. پادىشا ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە خوشال بولۇپ، ھەر توغرىلىق پاراڭلاشتى. گەپ ئاياغلىشاي دېگەندە پادىشا مۇنداق

دېدى: «مەن دۇنيادا مۇنۇ ئىككى خىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنى دوست تۇتىمەن، بىرى ئالىملار، يەنە بىرى زاھىتلار!» بۇ يەردە جاھان كۆرگەن بىر پەيلاسوپمۇ بار ئىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەي پادىشاھىم، دوستلۇقنىڭ شەرتى شۇكى، ھەر ئىككى تەبىقىگە ياخشىلىق قىلغايسەن: ئالىملارغا پۇل بەر، ئۇلار ئىلىم بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك شۇغۇللانسۇن، زاھىتلارغا ھېچنەرسە بەرمە، ئۇلار زاھىت بولۇپ قېلىۋەرسۇن.»

نە ھاجەت چىرايلىق، خۇشرۇي ئايالغا
ئۈپا-ئەڭلىك، پەرداز، پىرۇزە ئۈزۈك.
تەقۋادار، نومۇسچان، ساپدىل دەرۋىشلەر
خەيرى-ئېھسان نېنىنى ئالمىغان تۈزۈك.

* * *

نەرسەم بار تۇرۇپ، بولەكنى دېسەم،
زاھىت دېمىسۇن مېنى ھېچ ئادەم.

## ھېكايەت (35)

مۇشۇ سوزلەرگە تازا باپ كېلىدىغان يەنە بىر ھېكايە بار. بىر پادىشا مۇھىم بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ مەقسىدىمدىكىدەك بېجىرىلىدىغان بولسا، زاھىتلارغا مۇنچىلىك پۇل سەدىقە بېرىمەن!» ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولغاندىن كېيىن كوڭلىدىكى تەشۋىش تۈگىدى. ئەمدى ۋەدىسى بويىچە ئاتىغان نەزرىسىنى بېرىشكە توغرا كەلدى. پادىشا ئۆزىنىڭ خاس



قۇللىرىدىن بىرىگە بىر خالتا تەڭگە بېرىپ، زاھىتلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى. بۇ قۇل ئەقىللىق ھەم ھوشيار ئىكەن. ئۇ پۈتۈن كۈن كوچا ئايلىنىپ، كەچقۇرۇن قايتىپ كەلدى-دە، تەڭگىنى بىر سويۇپ، پادىشانىڭ ئالدىغا قويدى ۋە دېدى: «مەن زاھىتلارنى شۇنچە ئىزدىسەممۇ، تاپالمىدىم!»

پادىشا دېدى: «نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ بۇ مەملىكەتتە توت يۈز زاھىت بارلىقى ماڭا مەلۇمغۇ!»

قۇل دېدى: «ئەي جاھاننىڭ شاھى! ھەقىقى زاھىت پۇلنى ئالمايدۇ، كىمكى پۇلنى ئالىدىكەن، ئۇ زاھىت ئەمەس!»

پادىشا كۈلۈپ كەتتى-دە، ئۆز يېقىنلىرىغا دېدى: «مېنىڭ تەقۋادار سوپىلارغا قانچىلىك مۇھەببەت-ھورمىتىم بولمىسۇن ۋە مۇنۇ قىزىل كوزنى قانچىلىك يامان كورمەي، لېكىن ھەقىقەت مۇشۇنىڭ تەرىپىدە!»

زاھىتكى، ئالسا تەڭگە-تىللا،
باشقا چىڭراق زاھىتنى قوللا.

## ھېكايەت (36)

ئىخلاسى چىڭ بىر ئالىمدىن (كىشىلەر) سوراشتى: «ۋەقپىدىن كىرگەن ئاش توغرىسىدا پىكرىڭىز قانداق؟»

ئالىم جاۋاپ بەردى: «ئەگەر بۇنداق ئاش كوڭۇلنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولسا ھالال، ئەگەر مۇشۇ ناننى دەپلا مەلۇم ئورۇندا ئولتۇرسا ھارام.»

نانىنى تەقۋادار پەقەت ئالغاي ئىبادەت قىلسىلا،
نان ئۈچۈن ئولتۇرمىغاي ھەرگىز ئىبادەتكە ئۇلار.

## ھىكايەت (37)

بىر دەرۋىش بىر جايغا كېلىپ قالدى، ئۇ جاينىڭ ئىگىسى سېخى ۋە ئەقىللىق ئىدى. بىر توپ ئوقۇمۇشلۇق ۋە سوزمەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇلپەتچىلىگىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى شۇ زاماندا نازۇك پىكىرلىك چاخچاقچىلار ئارىسىدا ئادەت بولغىنىدەك بىرەردىن چاخچاق قىلىشتى، لەتىپە ئېيتىشتى. دەرۋىش باياۋاندا ئۇزۇن يول ماڭغاچقا ھېرىپ، ھالى قالمىغان ۋە قوسىقىمۇ ئاچ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى چاخچاق تەرىقىسىدە مۇنداق دىدى. "سەنمۇ بىرەر نەرسە ئېيتىپ بىرەرسەن!" دەرۋىش دىدى: "مەندە باشقىلاردەك ئارتۇقچىلىق، چېچەنلىك يوق، مەن ھېچ نەرسە ئوقۇمىغان ئادەممەن، شۇڭا بىر بېيىت شېئىر ئوقۇپ بەرسەم، قانائەت قىلساڭلار!" ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن: "قېنى ئېيت!" دېيىشتى. دەرۋىش دىدى:

"ئاچ قوساقمەن نان تىزىلغان چوڭ بىر داستان ئالدىدا،
خۇددى بويتاق قىز-جۇۋانغا خاس بىر ھاممام ئالدىدا!"

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى-دە، ئۇنىڭ چاخچىقىنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ، داستاننى ئۇنىڭ ئالدىغا تارتتى. ساھىپخان مۇنداق دىدى: "دوستۇم، بىر دەم تەخىر قىل، خىزمەتكارلىرىم قىيما كاۋاپ



نەييارلاۋاتىدۇ."
دەرۋىش تائامدىن بېشىنى كوتىرىپ دىدى:

"ئالدىمدا قىيما بولمىسا مەيلى،
ئاچ قوساققا قۇرۇق نان ئوزى قىيما."

## ھىكايەت (38)

بىر مۇرىت ئوزىنىڭ پىرىگە دىدى: "قانداق قىلارمەن؟ خالايىقتىن ماڭا ھېچ ئارامىلىق يوق، ئۇلار قېشىمغا تولا كېلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ كېلىپ-كېتىشىدىن مېنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان ۋاقتىم زايا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!"

ئۇستازى دىدى: "ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەللىرىگە پۇل قەرز بەر، بايلىرى بولسا، ئۇلاردىن نەرسە سورا، ئۇلار ئىككىنچى ئەتراپىڭدا ئايلانمايدۇ."

ئەگەر ئىسلام لەشكىرىگە بولسا باشلامچى گاداي،
خەۋپسىرەپ نەرسە سوراشتىن چىنىچە كاپىر قاچار.

## ھىكايەت (39)

بىر قانۇنشۇناس ئالىم ئاتىسىغا دىدى: "ماڭا نەسىھەتچىلەرنىڭ بۇ ھەشەمەتلىك، يېقىملىق سوزلىرى ھېچقانداق تەسىر كورسەتمەيدۇ، چۈنكى مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلارنىڭ ئىش-ئەمەلىيىتى گەپ-

سوزلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

ئۇگىنىپ ئەلگە تەركى دۇنيانى،
ئۆزلىرى يىغار مالۇ-دۇنيانى.
ئەمەلسىز ئالىم نە دېسە دېسۇن،
سوزىگە ھېچكىشى ئەمەس مەپتۇن.
يامان ئىش قىلمىسا، شۇ دۇر ئالىم،
خەلققە دەپ، ئۆزى قىلمىسا زالىم.

'كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇپ، ئۆزەڭلارنى ئۇنتامسىلەر؟'①

ئالىمكى، بولسا بەخت، قوساقپەرۋەر،
ئۆزى بىر ئازغۇندۇر، بولالماس رەھبەر."

ئاتىسى دېدى: "ئوغلۇم، بۇنداق قۇرۇق خىيال ئارقىسىدا نەسىھەتچىلەرنىڭ تەربىيىسىدىن باش تولىغاپ، ھەممە ئالىملارنى ئازغۇن دېيىش كېرەك ئەمەس، پاك ئالىمنى تاپىمەن دەپ، ئىلىمنىڭ پايدىسىدىن قۇرۇق قېلىش شۇنداق بىر قارىغۇغا ئوخشاشكى، بىر كېچىسى ئۇ پاتقاققا يىقىلىپ چۇشۇپ: 'ئەي مۇسۇلمانلار، يولۇمغا چىراق تۇتۇپ بېرىڭلار!' دەپتۇ. بىر مازاقچى ئايال: 'سەن چىراقنى كورمىسەڭ، چىراقنىڭ يورۇغىدا نىمىنى كورەلەيسەن؟' دەپتۇ.

① قۇرئان، 2-سۈرە، 44-ئايەت.



شۇنىڭدەك، ۋەز ئېيتىلىدىغان جاي گەزمالچىلار دۇكىنىغا ئوخشايدۇ، نەق پۇل تولىمەي، بۇ يەردىن رەخ ئالالمىغىنىڭدەك، بۇ يەرگىمۇ ھەققى مەيلى-مۇھەببىتىڭ بولمىسا، مەنىۋى لەززەتكە ئىگە بولالمايسەن."

قۇلاق سال جان بىلەن ئالىم سوزىگە،
قىلسىمۇ سوزىگە ماس ئەمەس ئىش-كار.
ۋالاقتەككۇرلەرنىڭ سوزى بىھۇدە،
ئۇخلىغاننى ئۇخلىغان قىلالماس بىدار.
ھەركىم قۇلىغىدا تۇتسۇن نەسىھەت،
ھەتتاكى بولسۇن ئۇ تامدىكى شوئار.

* * *

خانىقادىن مەدرىسەگە كەلدى بىر دانا،
ئۈزۈپ ئەھلى تەرىقەتتىن مۇناسىۋەتنى.
سورىدىم: "قانداق ئالىم بىلەن سوپىنىڭ پەرقى،
ئۇنى تاشلاپ، خالاپ قاپسەن بۇنداق ئۇلپەتنى؟"
دېدى: "سوپى قۇتقۇزىدۇ ئۆز پالاسىنى
بۇ قۇتقۇزار سۇ مەۋجىدىن ئىنسانىيەتنى."

## ھىكايەت (40)

بىرسى يول ئۈستىدە مەس پېتى ئۇخلاپ قالغان ۋە ئىختىيار تىزگىنىنى قولىدىن بېرىپ قويغان ئىدى. يېنىدىن بىر سوپى ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قەبىھ ھالەتتە ئۇخلاپ ياتقانلىقىغا يامان نەزەر

بىلەن قارىدى. ئەس يىگىت بېشىنى كوتىرىپ دېدى:
"ئەھمىيەتسىز نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئالىجاناپلىق (ئۇلار)
بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ."①

يىرگىنىمگىن، ئەي تەقۋادار، گۇناھكاردىن،
ئىللىق نەزەر سالغىن ئاڭا شەپقەت بىلەن.
نالايىق ئىش قىلغان بولسام ئەگەردە مەن،
ئۆت يېنىمدىن مەرتلەر كەبى ھىممەت بىلەن.

## ھىكايەت (41)

بىر توپ هاراقكەش بىر دەرۋىشكە قارشى چىقىپ، ئۇنى ئاغزىغا كەلگەنچە تىللىدى، ئۇردى ۋە رەنجىتتى. دەرۋىش تاقەت قىلالماي تەرىقەت پىرىنىڭ② ئالدىغا كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى شىكايەت قىلدى.

پىر دېدى: "ئوغلۇم، دەرۋىشلەرنىڭ جەندىسى — چىداش، رازى بولۇشنىڭ تونىدۇر. كىمكى بۇ تونىنى كىيىپ تۇرۇپ، بەختسىز-لىككە بەرداشلىق كورسىتەلمىسە، يالغان دەرۋىش بولىدۇ، جەندە كىيىش ئۇنىڭغا هارام."

لايىلانماس چوڭ دەريا بىر تال تاش بىلەن،

---

① قۇرئان، 25 - سۈرە، 72 - ئايەت.
② تەرىقەت پىرى — سوپىلارنىڭ پىرى، ئىشان.



رەنجىگەن سوپىدۇر بىر تىيىز ئېرىق.

* * *

سەۋرە قىل، يەتسە زىيانكەشلىك ساڭا،
ئەپۇ قىلساڭ يۇيۇلار بارچە گۇنا.
ئەي بۇرادەر، توپا بولغۇڭ ئاقىۋەت،
توپا بولماقتىن بۇرۇن سەن بول توپا.

## ھىكايەت (42)

بىر قىسسە ئاڭلىغىن باغدات شەھرىدە،
تالىشىپ قاپتۇ سوز بايراق ھەم پەردە.
جەڭلەردە كونارغان، چاڭ باسقان بايراق
ئۆپكىلەپ پەردىگە دەر ئىدى مۇنداق:
"سەن بىلەن ئىككىمىز خىزمەتتە ئورتاق،
سۇلتانىنىڭ قۇلىمىز ئوردىدا ھەر چاغ.
خىزمەتتىن بىر دەممۇ يوق مەندە ئارام،
كۈن-تۈنۈم ئوتىدۇ سەپەردە① تامام.
سەن بولساڭ چەكمەيسەن جاپا ھېچقاچان،
كورمەيسەن نە قەلئە، نە چول، چاڭ-توزان.
قەدىمىم ئىلگىرى سەندىن غەيرەتتە،
خوش، نەچۈن سەن ئارتۇق ئىززەت-ھورمەتتە؟
ئاي يۈزلۈك غۇلاملار قۇچار بىلىكىدىن،

---

① سەپەردە — ھەربى سەپەردە، جەڭ مەيدانلىرىدا.

ئەتره بوي كېنىزەك نۇتار قولۇڭدىن.
مەن بولسام ھەر دائىم ئەسكەر قولدا،
ئەركىم يوق، سەرگەردان جەڭلەر يولىدا"
دىدى پەردە: "مېنىڭ بېشىم ئاستاندا،①
گىدەيمەس سېنىڭدەك ئىگىز ئاسماندا.
كىمنىكى بويىنىنى قىلسا بىر خادا،
ئۆزىنى بويىندىن قىلىدۇ جۇدا!"

## ھىكايەت (43)

بىر پاكدىل كىشى بىر پەھلىۋاننى راسا غەزەپلەنگەن ۋە ئاغزىدىن كوپۈك ئاققان ھالەتتە كوردى. ئۇ كىشى سوردى: "ئۇنىڭغا نىمە بولغاندۇ؟" (كىشىلەر) جاۋاپ بېرىشتى: "ئۇنى پالانچى تىللاپتۇ."

پاكدىل كىشى دىدى: "بۇ پەسكەش يۈز پاتمان تاشنى كوتىرىدۇ، بىرەر ئېغىز گەپنى كوتىرەلمەيدىكەن!"

ماختىنىپ مۇشتۇك بىلەن مەرتلىكنى دەۋا قىلمىغىن،
بىر يۈرەكسىز زاتى پەسسەن، مەيلى ئەرسەن، يا ئايال.
گەر قولۇڭدىن كەلسە بىر ئېغىزنى شىرىن ئەيلىگىن.
ئەر ئەمەسسەن بىر ئېغىزنى مۇشت بىلەن قىلساڭ ئۇۋال.

* * *

① ئاستان — بوسۇغا.



ئەگەر يىرتسا بىراۋ پىل ماڭلىينى،
ئەر ئەمەس، ئۇندا يوق قىلچە ئادىمىيەت.
يارالغاندۇر توپا ـ تۇپراقتىن ئادەم،
ئادەممەس، بولمىسا كەمتەرلىك ئادەت.

## ھىكايەت (44)

بىر تەقۋادادىن "ساپا ئەھلى"① نىڭ ئەخلاقى توغرىسىدىكى گەپ سورىغان ئىدىم. ئۇ كىشى مۇنداق دىدى: "ئۇلار ئەڭ ئاز دىگەندە دوستلىرىنىڭ كوڭلىدىكى مۇرات ـ خاھىشىنى ئوز مەنپەئەتلىرىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. دانالار ئېيتقانكى، 'ئوزى بىلەنلا باغلىنىپ قالغان بۇرادەر بۇرادەر ئەمەس، ئوزمۇ ئەمەس.' "

يولدا ئالدىرىغان ساڭا ھەمرا ئەمەس،
ساڭا دىلنى بەرمىگەن ئاشنا ئەمەس.

* * *

تۇققىنىڭدا بولمىسا ئىنساپ ـ دىيانەتتىن پۇراق،
سەن يېقىنلىق رىشتىسىنى ئۈزگىنىڭ مىڭ ياخشىراق.

ئېسىمدىكى، مۇشۇ بېيىتتىكى سوزۇمگە بىر مۇنازىرىچى ئېتىراز بىلدۇرۇپ مۇنداق دىدى: "ھەق تائالا ئوزىنىڭ مۇقەددەس كىتاۋىدا تۇققانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈشنى مەنئى قىلغان ۋە ئوز تۇققانلىرىغا مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن قاراشنى بۇيرۇغان. ئەمما سېنىڭ

① "ساپا ئەھلى" ـــ سوپىلار كوزدە تۇتۇلىدۇ.

ئېيتقانلىرىڭ بۇنىڭغا خىلاپ!"

مەن دېدىم: "گېپىڭ خاتا، (مېنىڭ سوزلىرىم) قۇرئانغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: 'ئەگەر ئاتا-ئاناڭ قانداقتۇ سەن بىلمىگەن بىر نەرسىنى ماڭا شېرىك قىلىشقا سېنى مەجبۇر قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇلارغا ئىتائەت قىلما!'"①

بولسا گەر مىڭ تۇققىنىڭ ئاللاغا يات، كوڭلى چىگىش،
بىر خۇداغا ئاشنا يات تەن بىلەن دەرھال تېگىش.

## ھېكايەت (45)

باغداتتا خۇش خۇي بىر چال بار ئىدى،
ئۇماق قىزنى موزدوزغا بەردى.
قىزنىڭ لېۋىنى باغرى تاش تەنتەك،
چىشلىدى قاتتىق، ئاقتى قان ئۇقتەك.
بۇ ھالنى كورۇپ ئەتىسى ئاتا،
كۇياۋگە بېرىپ كايىدى راسا:
"ئەي پەسكەش چىشلىڭ نىمانچە يامان،
چەممۇ قىز لېۋى؟ چايناپسەن ھايۋان!"
بۇ سوزۇم چىندۇر، قىلمىدىم مازاق،
راست ئىش دەپ بىلگىن، بولمىسۇن چاخچاق:
سىڭسە بىراۋغا بىر يامان ئادەت،
چىقماس تېنىدىن ئولگىچە پەقەت.

① قۇرئان، 29-سورە، 8-ئايەت.



## ھېكايەت (46)

بىر ئالىمنىڭ ئىنتايىن سەت بىر قىزى بار ئىدى، ياتلىق قىلىدىغان ۋاقتى كېلىپ قالدى، ئەمما قىزنىڭ مەھرىگە نۇرغۇن مال-دۇنيا قوشۇپ بېرەي دېسىمۇ، ھېچكىم ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى خالىمىدى.

بەتچىراي قىزنىڭ ئىشى ئىكەن بەك تەس،
كەلمىگەي كارغا كىمخاپ بىلەن ئەتلەس.

ئاخىر قىزنى بىر ئەئماغا چىقىرىشقا توغرا كەلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ ئارىدا سەرەندىپتىن① بىر تېۋىپ كېلىپ قالغان، ئۇ قارىغۇلارنىڭ كوزىنى ساقايتىشنى بىلىدىكەن. (كىشىلەر) ئالىمدىن سوراشقان: "نىمىشقا كۇيوغلىڭىزنىڭ كوزىنى داۋالاتمايسەن؟"

ئالىم مۇنداق دېگەن: "ئەگەر كوزى كورىدىغان بولسا، قىزىمنى قويۇۋېتەرمىكىن، دەپ قورقىمەن!"

ياخشىكەن سەت ئايالغا بىر كور ئەر.

## ھېكايەت (47)

بىر پادىشا بىر توپ دەرۋىشكە ھاقارەت كوزى بىلەن قارىغان ئىدى. ئۇلاردىن بىرى پاراسەت بىلەن بايقاپ قېلىپ، مۇنداق

① سەرەندىپ — سەيلون ئارىلى.

دېدى: "ئەي پادىشا، بۇ دۇنيادا ساڭا قارىغاندا تەشۋىشسىز ئازراق، تۇرمۇشىمىز خۇشراق، ئۆلگەندە باراۋەر، قىيامەتتە سەندىن ياخشىراقمىز!"

بولسىمۇ پادىشا ئەلگە ھۆكۈمران،
دەرۋىشكە لازىمى قوساقتا بىر نان.
ئۇ ھەم بۇ — ئىككىسى ئۆلۈم يەتكەندە،
كېتىدۇ جاھاندىن يالاڭ كېپەندە.
خالىساڭ دۇنيادىن يۈكۈڭنى تاشلاق،
شاھلىقتىن گادايلىق، شەكسىز، ياخشىراق.

دەرۋىشنىڭ تاشقى ئالامىتى — جەندە چاپان بىلەن چېچىنىڭ قىرىلغانلىقى: ھەقىقى ماھىيىتى — كۆڭلى تىرىك، نەپسى ئۆلگەنلىگى.

لېكىن دەرۋىش ئەمەس خەلقتىن نېرى دەۋادا ئولتۇرسا،
ئۇنىڭغا قارشى چىقسا كىم، شۇ ئانلا جەڭ ئۈچۈن تۇرسا.
ئەگەر تۈگمەن تېشى تاغدىن بېشىغا دومۇلاپ چۈشسە،
ئەمەس ئۇ جىڭ سوپى، شۇ تاش يولىدىن نېرىغا قاچسا.

دەرۋىشلەرنىڭ تۇرمۇش يولى — خۇدانى ياد ئېتىش ۋە شۈكۈر قىلىش، خىزمەت، تائەت-ئىبادەت، ئۆزىنى پىدا قىلىش، ئازغا قانائەت قىلىش. خۇدانىڭ بىرلىگىگە پۈتۈش، ئۈمىت باغلاش، بوي سۇنۇش ۋە سەۋرە قىلىش. كىمكى مۇشۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولسا ھەقىقى دەرۋىشتۇر، گەرچە ئىسىل تون كىيگەن بولسىمۇ. ئەمما



بىكارچى، سالپا-ساياق، بىناماز، شەھۋەتپەرەس، ھەۋەسكە بېرىلگەن ئادەملەر باركى، ئۇلار كۈندۈزنى شەھۋەتپەرەسلىك بىلەن كېچىدەك ئۆتكۈزىدۇ، كېچىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدا كۈندۈزگە ئۇلايدۇ، ئۇچرىغان نەرسىلەرنى يەيدۇ، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ، مانا بۇلار سوپىلىق پەردىسىگە ئورۇلۇۋالسىمۇ، بۇزۇقلاردۇر.

ئەي ئىچى قۇرۇق تەقۋا-دىيانەتتىن،
تېشىڭغا كىيگەن تون تامام رىيا.
ئاسما ئىشىگىگە يەتتە رەڭ پەردە،
ئۆيۈڭگە سالغىنىڭ قومۇش بورا.

## ھېكايەت (48)

نەچچە دەستە گۈل كوردۇم، ياشنىغان راسا،
بىر قۇچاق ئوت بىلەن باغلانغان ئەمما.
مەن دېدىم: "نېمە ئىش، ئەرزىمەس گىيا
گۈل بىلەن تۇرۇپتۇ ئەجەپ بىر جايدا؟"
"توختاپ تۇر، — دېدى-دە، يىغلىدى گىيا:
دوستلۇقنى ئۇنۇتماس سېخىلار ئەسلا!
رەڭ، جامال، خۇش پۇراق گەرچە مەندە يوق،
ئاخىر مەن ئالغانغۇ شۇ باغدىن ئوزۇق؟"

كەرەملىك خۇدانىڭ بىر بەندىسىمەن،
قەدىمى نېمەتنىڭ ئەرزەندىسىمەن.

قولۇمدىن ئىش كەلسۇن، مەيلى كەلمىسۇن،
ئۇمىدىم: ئىگەمنىڭ لۇتپى يار ئولسۇن.
مەنكى بىر قۇرۇق قول، ئاز ئىبادىتىم،
سەرمايە قىلغۇدەك يوقتۇر تائىتىم.
ھەق قىلار بەندىنىڭ ئىشىغا چارە،
ئىلاجىسىز قالغاندا قۇلى بىچارە.
ئادەتتۇر: غوجىسى بولسا ئەركىنى شات،
قېرىغان قۇلىنى قىلىدۇ ئازات.
ئالەمنى بىزىگەن ئۇلۇغ خۇدايىم،
قېرىغان بەندەڭمەن، كەچۈر گۇناھىم.
رىزا كەئبىسگە سەئدى سەن يول تۇت،
ھەق يولىدا ماڭغىن ئەي بەندە مەزمۇت!
كىم بۇ ئىشكىنى باش تارتسا بەختىدۇر قارا،
چۈنكى باشقا ئىشكنى تاپالماس ئەسلا.

## ھىكايەت (49)

(كىشىلەر) بىر ھەكىمدىن سوراشتى: "ساخاۋەت ياخشىمۇ، شىجائەت؟" ھەكىم دىدى: "ساخاۋەتلىك كىشى شىجائەتكە مۇھتاج ئەمەس!"

بەھرام گور① قەۋرىدە باردۇر بىر پۈتۈك:

① بەھرام گور — ئىراننىڭ ساسانىلار سۇلالىسىدىن بىر پادىشانىڭ ئىسمى.



"تومۇر پەنجىلەردىن ئوچۇق قول تۈزۈك!"

* * *

ھاتەم تائى① بۇ جاھاندىن كەتتى، لېكىن
يۈكسەك نامى، پەزىلىتى مەڭگۈ ياشار.
مېلىنىڭ ئاشسا، بەرگىن زاكات، چۈنكى باغۋەن
قىرقىپ تۇرسا تەكنى، ئۈزۈم شۇنچە ئوخشار.

① ھاتەم تائى — سېخىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان بىر كىشى.

## ئۈچىنچى باپ

# قانائەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

### ھېكايەت (1)

مەغرىپلىك بىر تىلەمچى ھەلەبنىڭ گەزمال رەستىسىدىكى دۇكاندارلارغا مۇنداق دېگەن: "ئەي بايلار! ئەگەر سىلەردە ئىنساپ بولۇپ، بىزدە قانائەت بولغان بولسا، ئۇ چاغدا تىلەمچىلىك ئادىتى دۇنيادىن يوقالغان بولاتتى!"

ئەي قانائەت، مېنى ئۆزەڭ باي قىل،
سەندىن ئارتۇق جاھاندا نېمەت يوق.
سەۋر بۇلۇڭى لۇقمانغا بولدى نېسىپ،
كىمدە سەۋر يوق بولسا، ھېكمەت يوق.

### ھېكايەت (2)

مىسىردا ئىككى ئەمىرزادە بار ئىدى، بىرى ئىلىم ئۆگەندى، يەنە بىرى مال-دۇنيا توپلىدى. ئاخىرغا بېرىپ، بىرى ئۆز زامانى-



سىنىڭ ئەللامىسى① بولدى، يەنە بىرى مىسىرنىڭ ئەزىزى② بولدى. بۇ باي بولغىنى ئالىمغا ھاقارەت كۆزى بىلەن قاراپ مۇنداق دېدى: "مەن سەلتەنەتكە يېتىشتىم، سەن يەنىلا مىسكىنلىكتە قالدىڭ!"

ئالىم دېدى: "ئەي بۇرادەر، مەن ئاللاتائالانىڭ نېمىتىگە سەندىن كۆپرەك شۈكۈر قىلسام بولىدۇ، چۈنكى مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسىغا يەنى ئىلىمگە ئىگە بولدۇم، سەن بولساڭ فىرئەۋن بىلەن ھامانىنىڭ مىراسىغا يەنى مىسىرنىڭ شاھلىقىغا ئىگە بولدۇڭ!"

مەن گويا چۈمۈلە، دائىم دەپسەندە،
بىراق ئەمەس ھەرە — چاققاق گىزەندە.
بۇ نېمەت شۈكرىنى تۆگەتەي قاچان؟
بولمىدىم ئەزگۈچى ياۋۇز زوراۋان.

### ھېكايەت (3)

ئاڭلىشىمچە، بىر دەرۋىش نامراتلىق ئوتىدا كۆيگەن ۋە قۇراق چاپىنىنى ياماپ كۈن ئۆتكۈزگەن، شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ غېرىپ كۆڭلىگە ئارام بېرىش ئۈچۈن مۇنداق دەيتتى:

كۆپايە بىزگە قۇرۇق نان، جەندە چاپان،
خەقنىڭ مىننىتىدىن ئۆز جاپايىمىز ئوبدان.

---

① ئەللامە — ئاكادېمىك، داڭلىق ئالىم.
② ئەزىز — ئوتتۇرا ئەسىردىكى مىسىردا مالىيە ۋەزىرى.

بىر كىشى ئۇنىڭغا دېدى: "نېمە ئولتۇرىسەن؟ بۇ شەھەردىكى پالان ئادەم بەك مەرت ۋە تولىمۇ سېخى ئادەم. ئۇ ئازات ئەرلەرنىڭ خىزمىتىگە بەل باغلىغان ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قاچان تاپارمەن دەپلا ئولتۇرۇپتۇ؛ ئەگەر سېنىڭ بۇ ھالەتتە ئىكەنلىكىڭنى بىلسە، ئەزىز كۆڭلۈڭنى تەسكىن تاپتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن مىننەتدار بولىدۇ!"

دەرۋىش دېدى: "بۇ گېپىڭنى قوي، ئۆز ھاجىتىنى سوراپ، كىشىنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كۆرە خىلۋەت بىر جايدا ئۆلگەن ياخشى!"

ياخشىدۇر ياماق تىكمەك، سەۋىر بۇلۇڭىدا ئۈتمەك،
چاپان تىلەپ بايلارغا ئەرز نامە يازغاندىن.
دوزاخ ئوتىنىڭ، شەكسىز، پەرقى يوقتۇر ھېچقانداق
خوشنىدىن مەدەت ئېلىپ جەننەتسېرى بارغاندىن.

## ھېكايەت (4)

ئەجەم[1] پادىشالىرىدىن بىرى بىر ئۇستا تېۋىپنى مۇھەممەد مۇستەفا — سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم — نىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتكەن ئىدى.

(تېۋىپ) ئەرەپ دىيارىدا ساق بىر يىل تۇرغان بولسىمۇ، ھېچكىم

[1] ئەجەم — ئىران ۋە تۈرك مەملىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئىران كۆزدە تۇتۇلغان.



ئۇنىڭ ئالدىغا كېسەل كۆرسىتىشكە كەلمىدى ياكى داۋالىنىش چارىلىرىنى سورىمىدى. شۇڭا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ شىكايەت قىلدى: "مېنى بۇ يەرگە ساھابىلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى، ئەمما شۇ كەمگىچە ھېچكىم قېشىمغا كېلىپ كۆرۈنۈشنى خالىمىدى، مەن بەندە تاپشۇرۇلغان خىزمەتنى بەجا كەلتۈرسەم بولمامتى؟"

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: "بۇ كىشىلەرنىڭ ئادىتى شۇكى، ئىشتىھاسى غالىپ بولمىغىچە ھېچنېمە يېمەيدۇ ۋە ئىشتىھاسىنى پەسەيتۈرگەنگە قەدەر، تائامدىن قولىنى تارتىپ تۇرىدۇ!"

تېۋىپ: "تېنى ساق تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ!" دېدى-دە، يەر ئۆپۈپ كېتىپ قالدى.

دانىشمەن شۇ چاغدا سۆز ئاچقاي پەقەت،
يا قىلغاي نائىلاج يېمەككە ھەرىكەت —
سۆكۈتتىن ئۆزگە يەتكەندە زىيان،
ياكى يېمەسلىكتىن چىقار بولسا جان.
شۇ چاغدا گەپ-سۆزى بولۇر ھېكمەت،
يېگىنى تېنىگە بېرەر قۇۋۋەت.

## ھېكايەت (5)

ئەردەشىر بابكاننىڭ[1] تەرجىمىھالىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇ بىر ئەرەپ

[1] ئەردەشىر بابكان — ساسانىلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى.

ھەكىمدىن: "بىر كۈندە قانچىلىك تائام يېسە بولار؟" دەپ سوراپتۇ. "يۈز دەرەم ئېغىرلىقىدا يېسە كۇپايە قىلىدۇ" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھەكىم. ئەردەشىر سوراپتۇ: "مۇنچىلىك تائام قانچىلىك قۇۋۋەت بېرەر؟" ھەكىم ئېيتىپتۇ: "مۇشۇ مىقداردا بولسا سېنى كوتىرىدۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇغىنى سەن كوتىرىسەن، يەنى شۇنچىلىك تائام سېنى ئۆرە تۇرغۇزىدۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇغى ساڭا يۈك بولۇپ قالىدۇ."

تائام دېگەن ياشماق، ئىبادەت ئۈچۈن،
سېنىڭچە، ياشماق ھالاۋەت ئۈچۈن.

## ھىكايەت (6)

خۇراسانلىق ئىككى دەرۋىش ھەمسەپەر بولۇپ بىرلىكتە ساياھەتكە چىقىپتى. بىرى ئاجىز ئىدى، چۈنكى ئىككى كۈندە بىر قېتىم كەچتە ئىپتار قىلاتتى، يەنە بىرى كۈچلۈك بولۇپ، ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق تاماق يەيتتى. كۈتۈلمىگەندە، بىر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا ئۇلار جاسۇس دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇتۇلۇپ، ھەر ئىككىسى بىر ئۆيگە سولاندى، ئىشىك لاي بىلەن چاپلىۋېتىلدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇلار گۇناسىز ئىكەن. ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، كۈچلۈكى ئۆلۈپ، ئاجىزى تىرىك قاپتۇ. ھەممە ھەيران قېلىشتى. بىر دانىشمەن دېدى: "ئەگەر بۇنىڭ تەتۈرسىچە بولغاندا، ئەجەپلىنەرلىك ئىش بولاتتى. چۈنكى ئاۋۇ بىرسى كوپ يېيىشكە ئادەتلەنگەچكە، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، قىينىلىپ ئۆلگەن، مۇنۇ بىرسى نەپسىنى تىزگىنلەپ كەلگەنلىكتىن،



تەبىئىكى، ئۆز ئادىتى بويىچە سەۋر قىلىپ سالامەت قالغان!"

كىمكى ئاز يېيىشنى قىلسا ئادەت،
بېشىغا چۈشسە كۈن ئاسانلا يەڭگەي.
ئەگەر سەمرىتسە تەننى مولچىلىقتا،
ئېغىر كۈن كەلسىلا تەڭلىكتە ئۆلگەي.

## ھىكايەت (7)

ھەكىملەردىن بىرى ئوغلىنى كوپ تاماق يېيىشتىن توستى، چۈنكى بەك تويۇنۇپ كېتىش ئادەمنى كېسەل قىلىدۇ. ئوغلى مۇنداق دېدى: "ئاتا! ئاچلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدۇغۇ. ئاڭلىمىغانمىدىڭ، ئاقىللار ئېيتىدۇ: ئاچلىققا چىداپ يۈرگەندىن توقلۇق بىلەن ئۆلگەن ياخشى!" ئاتىسى دېدى: "ئۆلچەمنى ساقلا، 'يەڭلار، ئىچىڭلار، ئەمما ئىسراپ قىلماڭلار'."①

تاماق يە ۋە لېكىن يېمە قۇسقىچە،
ھەم ئازمۇ يېمىگىن جېنىڭ چىققىچە.

* * *

تائام دېگەن گەرچە ھەر ئان جانغا راھەت،
چەكتىن ئاشسا كېسەل قىلار تائام بەزەن.

① قۇرئان، 7 ـ سۈرە، 31 ـ ئايەت.

گۈلقەن تەنگە زىيان قىلار يىسەڭ زورلاپ،
لايىغىدا يىسەڭ قۇرۇق نانمۇ گۈلقەن.

## ھكايەت (8)

بىر كىسەل ئادەمدىن (كىشىلەر) سوراشتى: "كوڭلۇڭ نىمىنى خالايدۇ؟" ئۇ دىدى: "كوڭلۇم ھىچنىمىنى خالىماسلىقنى خالايدۇ!"

ئاشقازان لىق بولۇپ، ئاغرىسا قوساق،
كار قىلماس ئۇنىڭغا چارە ھىچقانداق.

## ھكايەت (9)

ۋاست① شەھىرىدە بىر باققالنىڭ سوپىلار گەردىنىدە بىرنەچچە تەڭگە پۇلى يىغىلىپ قالغان ئىدى. باققال ھەركۈنى پۇلىنى تەلەپ قىلىپ، قوپال سوزلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭ قاتتىق قىستىشىدىن سوپىلارنىڭ يۈرىگى زىدە بولسىمۇ، سەۋىر قىلىشتىن بولەك چارىسى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاكدىل بىر ئادەم مۇنداق دىدى: "باققالغا پۇل توغرىلىق ۋەدە بىرىشتىن نەپسىنى پالان تاماقنى يەيسەن دەپ گوللاش ئاسانراق!"

باينىڭ ئىھسانىنى ئالمىغان تۈزۈك،
غالچىدىن گەپ ئاڭلاپ جاپا تارتقاندىن.

① ۋاست — ئىراقتىكى بىر شەھەر.



بىر ئومۇر گوش يىمەي ئۆلگەن مىڭ ياخشى،
قاسساپتىن گەپ ئاڭلاپ ئىزا تارتقاندىن.

## ھكايەت (10)

بىر مەرت يىگىت تاتارلار① بىلەن بولغان جەڭدە قاتتىق يارىدار بولغان ئىدى. بىر كىشى ئۇنىڭغا دىدى: "پالان سودىگەردە چاپىدىغان دورا بار، سورىساڭ، بەلكىم، ئايىماس!"

ئېيتىلىشىچە، بۇ سودىگەرنىڭ بېخىللىق بىلەن نامى چىققان ئىكەن.

بۇ بېخىلنىڭ داستىخىنىدا بولسا كۈن نان ئورنىدا،
تا قىيامەت ھىچكىشى كورمەس ئىدى كۈن نۇرىنى.

مەرت يىگىت دىدى: "ئەگەر مەلھەم دورىنى سورىسام، يا بىرىدۇ، ياكى بەرمەيدۇ، ئەگەر بەرسە، يا پايدا قىلىدۇ ياكى پايدا قىلمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدىن سورىغان نەرسە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان زەھەر بولىدۇ."

پەسلەردىن يالۋۇرىپ سورىساڭ نانىنى،
تېنىڭگە سىڭسىمۇ خورىتار جاننى.

① تاتارلار — مۇئەللىپ بۇ يەردە ۋە باشقا ئورۇنلاردا موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىنى تاتار دەپ ئاتايدۇ.

ھەكىملەر ئېيتىدۇ: مەسىلەن، ئابىھاياتنى ئابرويى ئۈچۈن ساتماقچى بولۇشسا، دانا كىشى ئۇنى سېتىۋالمايدۇ، چۈنكى خورلۇقتا ياشىغاندىن كېسەل بىلەن ئۆلگەن ياخشى!

ياخشىدۇر خۇش خۇيدىن ئىچمەكلىك زەھەر،
بەتچىراي قولىدىن ئىچكەندىن شېكەر.

## ھىكايەت (11)

بىر ئالىمنىڭ جان سانى كوپ بولۇپ، تەمىناتى ئاز ئىدى. ئۇزى توغرىلىق ياخشى پىكىردىكى بىر باشلىققا ئەھۋال ئېيتتى. ئەمما باشلىق ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ تەتۈر قارىۋالدى، چۈنكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ نەرسە سورىشى ئۇنىڭ نەزىرىدە قەبىھ تۇيۇلغان ئىدى.

ھال ئوقۇپ ئەزىز دوستقا بىچارە قىياپەتتە،
بارمىغىنكى، ئۇخشاشلا ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزىسەن.
ئەگەر بارساڭ ھاجەت ئۈچۈن، خوشال-خورام بارغىن،
ئۇچۇق پىشانە بىلەن ھەر ئىشىڭنى تۈزىسەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باشلىق ئۇنىڭ مائاشىنى بىر ئاز ئوستۈرگەن بولىسمۇ، ئۇنىڭغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى كېمىيىپ كەتكەن. بىرقانچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن ئالىم بۇرۇنقى ئىلتىپاتنى كورمىدى-دە، دىدى:



يامانىدۇر شۇ تاماق: خارلىققا سالغان،
قازان تەييار، لېكىن قەدرىڭ يوقالغان.

* * *

نان كوپەيسە، ھورمەت كېمەيدى تولۇق،
يوقسۇللۇق ياخشىكەن، تىلىمەك-خورلۇق.

## ھىكايەت (12)

بىر دەرۋىشكە پۇل بەك لازىم بولۇپ قالغان ئىدى. بىر كىشى ئۇنىڭغا دىدى: "پالان كىشى ناھايىتى باي، ئەگەر ھاجىتىڭنى بىلسە، ئادا قىلىشنى ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ!" دەرۋىش دىدى: "مەن ئۇ ئادەمنى بىلمەيمەن." ئۇ كىشى: "مەن سېنى باشلاپ باراي" دىدى-دە، دەرۋىشنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئاشۇ باينىڭ ئويىگە ئېلىپ باردى.

دەرۋىش كالپۇكى پەسكە ساڭگىلاپ قالغان تۇك چىراي بىر ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كوردى-دە، گەپ قىلماستىن ئارقىسىغا ياندى، ھېلىقى كىشى سورىدى: "قانداق قىلدىڭ؟" دەرۋىش دىدى: "ئۇنىڭ ئېھسانىنى شەكلى-چىرايىغا بېرىۋەتتىم!"

تۇك چىرايغا بارمىغىن ھاجەت بىلەن،
ئەسكى خۇيىدىن ساڭا يەتكەي ئازار،
دىل غېمىڭنى ئېيتساڭ ئېيت شۇ كىشىگە:
تاپسا كوڭلۇڭ چېھرىدىن ئىللىق باھار.

## ھىكايەت (13)

قۇرغاقچىلىق بولغان بىر يىلى ئىسكەندەرىيەدە دەرۋىشلەر سەۋىر-تاقەت تىزگىنىنى قولدىن بېرىپ قويغان ئىدى: ئاسمان دەرۋازىلىرى يەر يۈزىگە تاقالغان، يەردىكىلەرنىڭ پەريادى پەلەككە يەتكەن ئىدى.

ۋەھشى ھايۋان، قۇش، بېلىق، چۈمۈلە-ھېچ جان قالمىدى
نائۈمىتلىكتىن پىغانى يەتتە كوكتىن ئاشمىغان.
شۇ ئەجەپ: خەلق ئاھىدىن چىققان تۈتۈن بۇلۇت بولۇپ،
كوز يېشى دەريادىكى كەلكۈن سۈيىدەك تاشمىغان!

مانا شۇنداق بىر يىلى بىر خۇنسا① (ئۇ دوستلاردىن يىراق بولسۇن!) بار ئىدى، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىلىق سوز ئېچىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، بولۇپمۇ چوڭلارنىڭ ئالدىدا، لېكىن پەرۋاسىزلىق بىلەن تىلغا ئالماي ئوتكۈزۋېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بەزى كىشلەر مۇئەللىپنى قابىلىيەتسىزگە چىقىرىشى مۇمكىن، شۇڭا ئاز نەرسە كوپكە دەلىل بولار ۋە بىرنەچچە تال دان بىر تاغار ئاشلىققا نەمۇنە بولار دەپ، مۇنۇ ئىككى بېيىت بىلەن سوزنى بولدى قىلىمىز!

---

① خۇنسا — جانلىق تىلدا خۇمسى، ئايال مىجەز ئادەم.



ئەگەر بۇ خۇنسانى ئولتۇرسە تاتار،
كېرەكمەس ئولتۇرمەك تاتارنى ھېچ ھەم.
باغدات كوۋرۇكىدەك ياتار قانچە ۋاخ،
ئاستىدا سۇ ئاقسا، ئۇستىدە ئادەم؟

مانا ھازىر سىلەر سۆپەتلىرىدىن ئاز بىر قىسمىنى ئاڭلاپ تۇرغان مۇشۇنداق بىر شەخس ئاشۇ يىلى ھىساپسىز بايلىققا ئىگە ئىدى، كەمبەغەللەرگە ئالتۇن-كۈمۈش بېرەتتى، مۇساپىرلارغا داستىخان سالاتتى. يوقسۇللۇقنىڭ جەۋرىدىن جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغان بىر توپ دەرۋىش ئۇنىڭ ئېھسانىنى ئالماقچى بولۇپ، مېنىڭ قېشىمغا مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ. مەن قوشۇلمىدىم-دە، دېدىم:

شىر يېمەس ھەرگىزمۇ ئىتتىن ئاشقاننى،
ئولسىمۇ ئاچلىقتىن غاردا-دالدىدا.
تېنىڭنى ئاچلىق ھەم جاپاغا تاپشۇر،
قول سوزۇپ تۇرمىغىن پەسكەش ئالدىدا.
ئادەم دەپ سانىما بىلمىسىزنى سەن،
فەرىدۇن بولسىمۇ بايلىق بابىدا.
نائەھلى كىيسە گەر كىمخاپ ۋە تاۋار،
ئالتۇن ھەل، نەقشىدۇر گويا كى تامدا.

## ھىكايەت (14)

ھاتەم تائىدىن (كىشلەر) سورىدى: "جاھاندا ئوزەڭدىنمۇ ئالى

ھەممەترەك كىشىنى كوردۇڭمۇ ياكى ئىشىتتىڭمۇ؟" ھاتەم دىدى: "ھەئە، كورگەنمەن. بىر كۈنى ئەرەپ ئەمىرلىرى ئۈچۈن قىرىق توگە سويغان ئىدىم. كېيىن بىر ئىش بىلەن بىر سەھرانىڭ چېتىگە چىقىشقا توغرا كەلدى. قارىسام، ئۇ يەردە بىر يانتاقچى يانتاق يىغىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا دىدىم: 'نىمىشقا ھاتەمنىڭ مېھماندارچىلىقىغا بارمايسەن؟ خالايىق ئۇنىڭ داستىخىنىغا توپلاندىغۇ؟' ئۇ دىدى:

يىسە نان ھەركىشى قىلىپ مېھنەت،
ھاتەمنىڭ شەپقىتىگە يوق ھاجەت!

شۇڭا مەن ئۇنى ھىممەت ۋە سېخىلىق جەھەتتە ئۆزەمدىن ئۈستۈنرەك كوردۇم!"

## ھىكايەت (15)

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر دەرۋىشنى كوردى، ئۇ يالىڭاچ قالغانلىقتىن قۇمغا كومۇلۇۋالغان ئىكەن. "ئەي مۇسا، — دىدى ئۇ، — دۇئا قىل، خۇدايى تائالا ماڭا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بەرسۇن، تاقەتسىزلىكتىن جېنىم تۇمشۇغۇمغا كېلىپ قالدى!" مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىپ، كېتىپ قالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ مۇناجاتتىن قايتىپ كېلىپ، دەرۋىشنى زەنجىر-كىشەندە كوردى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەم يىغىلىۋالغان ئىدى.

مۇسا سورىدى: "نىمە بولۇپتۇ ئۇ؟"



كىشىلەر جاۋاپ بېرىشتى: "ھاراق ئىچىپ، جىدەل چىقىرىپ، بىر ئادەمنى ئولتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىكەن."

ئاجىزنىڭ بىلىگى تاپسا كۈچ-قۇدرەت،
دەس تۇرۇپ ئاجىزنى مۇشتلايدۇ پەقەت.

"ئەگەر ئاللا بەندىلىرىگە رىزقىنى بەك مول قىلىۋەتسە ئىدى، چوقۇم، ئۇلار يەر يۈزىدە توپىلاڭ چىقىرىپ، چېكىدىن ئاشقان بولاتتى!"①

مۇسا ئەلەيھىسسالام جاھاننى ياراتقۇچىنىڭ ھىكمىتىگە ئىقرار بولۇپ، ئۆزىنىڭ جاسارىتى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى.

خەۋپ-خەتەرگە نىمە مەجبۇر قىلدى، ئەي مەغرۇر سېنى،
سەن ھالاك بولدۇڭ، چۈمۈلە ئۇچمىسكەن بىر كۈنى.

* * *

پەسكە كەلسە پۇل ۋە مەنسەپ قوش-قەۋەت،
بىر بالا بولغاي بېشىغا ئاقىۋەت،
ئاڭلىدىڭمۇ، بىر ھەكىمنىڭ سوزىنى:
بولمىسۇن چۈمۈلىدە قانات پەقەت.

* * *

ئاتىسىدا ھەسەل كوپ، لېكىن ئوغلىنىڭ مىجەزى ئىسسىق.

① قۇرئان، 42-سۇرە، 27-ئايەت.

باي قىلماس سېنى ئىگەم ھېچقاچان،
پايدىڭنى بىلگەچ سەندىن يۈز چەندان.

## ھېكايەت (16)

بەسرە شەھىرىنىڭ جەۋھەرپۇرۇشلىرى ئارىسىدا بىر سەھرالىق ئەرەپنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇ مۇنۇنى ھېكايە قىلىۋاتاتتى: "بىر چاغدا باياۋاندا يولنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئىدىم. خالتامدا يول ئوزۇقىدىن ھېچنېمە قالمىغانلىقتىن، جاننى ھالاكەتكە تاپشۇراي دەپ تۇرغىنىمدا، تۇساتتىن بىر خالتا مەرۋايىت تېپىۋالدىم. بۇنى مەن قورۇلغان بۇغداي دەپ ئويلاپ چەكسىز ھاياجان ۋە شاتلىققا چۈمگەنلىكىمنى، ئەمما بۇنىڭ مەرۋايىت ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق قايغۇ-ھەسرەت ۋە ئۈمىتسىزلىككە چۈشكەنلىكىمنى زادىلا ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن!"

قۇپ-قۇرۇق چۆلدە، چەكسىز قۇملۇقتا،
دۇر-سەدەپ بىر پۇل ئۇسسۇز-تەشناغا.
ئوزۇقسىز كىشى ھالدىن كەتكەندە
ياندىكى ئالتۇن گوياكى چالما.

## ھېكايەت (17)

بىر ئەرەپ چۆلدە تولىمۇ ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن مۇنداق دەيتتى:



"ئۆلۈمدىن ئالدىن ئەرزىم خۇداغا
يەتكۈزسە مېنى مۇنۇ ئارزۇغا:
چۈشسەم تىزغىچە بىر شوخ دەرياغا،
تۇلۇم قاچامنى تولدۇرسام سۇغا!"

## ھېكايەت (18)

خۇددى شۇنداقلا بىر مۇساپىر كەڭ باياۋاندا ئېزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ كۈچ-مادارى ۋە ئوزۇقى تۈگىدى، پەقەت بېلىدە بىرنەچچە تەڭگە پۇلى بار ئىدى. ئۇ كۆپ ئايلاندى، يولنى تاپالمىدى. ئاخىر ئاچلىقتىن ئۆلدى. بىر توپ يولۇچىلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئالدىدىكى تەڭگىلەرنى كۆردى. توپىغا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

يېنىمدا ئالتۇنى بولسىمۇ ئادەم،
ئوزۇقسىز باسالماس ھەتتا بىر قەدەم.
چۆلدە تەشنالىقتا كۆيگەن ئادەمگە
يامبۇدىن ئارتۇقتۇر پىشۇرغان شەلغەم.①

## ھېكايەت (19)

ئۆتۈپ بېرىۋاتقان زاماندىن ھەرگىز زارلانمىغان ئىدىم، پەلەك-

① شەلغەم — (پارسچە) چامغۇر.

نىڭ گەردىشىدىن يۈزۈمنى پۈرۈشتۈرمىگەن ئىدىم، پەقەت بىر چاغدا يالاڭئاياق قالدىم، كېيىش سېتىۋېلىشقا پۇلۇم يوق ئىدى. غەمكىن بولۇپ، كوفە جامەسىگە كىردىم. ئۇ يەردە بىر ئادەمنى كوردۇمكى، ئۇنىڭ پۇتى يوق ئىدى. ھەق تائالانىڭ نىئمىتىگە شۇكۇر قىلدىم-دە، كېيىشىم يوقلۇغىغا سەۋر قىلدىم.

توقلار كوزىدە قورۇلغان توخۇ
قەدرى-قىممەتتە كوكتاتچە يوقتۇر.
كۆچ-قۇدرىتى يوق يوقسۇللار ئۇچۇن
توخۇغا تەڭدۇر پىشۇرغان چامغۇر.

## ھىكايەت (20)

بىر پادىشا ئۆزىنىڭ بىرقانچە يېقىن كىشىلىرى بىلەن قىش-زىمىستاندا شىكاردا يۈرۈپ، ئوردىسىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن ئىدى. كەچ كىرىپ قالدى، پادىشا بىر دىخاننىڭ ئۆيىنى كورۈپ دىدى: "كېچىنى شۇ يەرگە بېرىپ ئۆتكۆزەيلى، سوغاقنىڭ جاپاسىنى تارتمايمىز." ۋەزىرلەردىن بىرى دىدى: "دىخاننىڭ ئۆيىدىن پانا جاي ئىزدەش ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاغا لايىق ئەمەس، مۇشۇ يەرگە چېدىر تىكىپ ئوت ياقايلى!"

دىخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئوزىگە چۇشلۇق داستىخان ھازىرلاپ پادىشانىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى-دە، يەر ئوپۇپ مۇنداق دىدى: "سۇلتاننىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسى بۇنىڭلىق بىلەن تۆۋەنلەپ كەتمەس، لېكىن ئۇلار دىخاننىڭ مەرتىۋىسى ئوسۇپ



قالارمىكىن، دىگەننى ئۇمىت قىلمايدۇ!"

ئۇنىڭ سوزى پادىشاغا ماقۇل كەلدى-دە، كەچقۇرۇنلۇغى ئۇنىڭ ئۆيىگە كوچۈپ كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشا ئۇنىڭغا پۇل-مال ۋە كىيىم-كېچەك ئىنئام قىلدى. دىخان سۇلتاننىڭ ئۇزەڭگىسى يېنىدا ئۇزىتىپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دەيتتى:

چۈشمىدى سۇلتاننىڭ شانۇ-شەۋكىتى،
مېھمان بولسا دىخان ئۆيىگە بۇ كەچ.
دىخاننىڭ كۇلاھى پەلەككە يەتتى،
سەن كەبى سۇلتاننىڭ سايىسى چۇشكەچ.

## ھىكايەت (21)

ھىكايە قىلىنىشىچە، ئەڭ پەس بىر گاداي ناھايىتى ئۇرغۇن بايلىق توپلىغان ئىدى. بىر پادىشا ئۇنىڭغا دىدى: "ئاڭلىشىمچە سەندە مال-دۇنيا كوپ ئىكەن. بىزدە مۇھىم بىر ئېھتىياج تۇغۇلۇپ قالدى. ئەگەر مال-دۇنيايىڭنىڭ بىر قىسمىنى بىزگە ئۆتنە بېرىپ تۇرساڭ، دولەتنىڭ كىرىمى ئاشقاندا قەرزنى قايتۇراتتۇق."

گاداي دىدى: "ئەي يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى، مەندەك بىر گادايىنىڭ مېلى بىلەن ھىممەت قولىنى بۇلغاش پادىشالارنىڭ ئۇلۇغۋار مەرتىۋىسىگە لايىق بولماس، چۈنكى مەن بۇ بايلىقنى تىلەمچىلىك بىلەن ئاز-ئازدىن يىغقانمەن!"

پادىشا دىدى: "مەن بۇ پۇللارنى كاپىرلارغا بېرىمەن — 'ئىپلاس نەرسىلەر ئىپلاسلار ئۈچۈندۇر!'"

بولسا ناپاك نەسرانىلار① قۇدۇغى،
نە زەرەر يۇيۇلسا جوھۇت ئۇلۇگى؟

* *

دېدىلەر: "پاك ئەمەس ئاھاك بىلەن لاي!"
بىز دېدۇق: "سۇۋايمىز ئۇندا خالا جاي".

ئاڭلىشىمچە، بۇ گاداي پادىشانىڭ بۇيرۇغىدىن باش تارتىپ، سوز تالاشقان ۋە قوپاللىق قىلغان. بۇ چاغدا پادىشا سورىغان نەرسىنى كۈچ ۋە زورلۇق بىلەن ئېلىشقا بۇيرۇق بەرگەن.

يۇمشاقلىق بىلەن پۈتمىسە ھەر ئىش،
تۇرغانلا بىر گەپ زورلۇق ئىشلىتىش.
كىمكى ئۆزىنى ئۆزى ئايىماس،
باشقىلار ھەم ئۇنىڭغا يۈز قارىماس.

## ھېكايەت (22)

بىر سودىگەرنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇنىڭ بىر يۈز ئەللىك تۆگىدە مال-يۈكى ۋە قىرىق قۇل-خىزمەتكارى بار ئىدى. بىر كېچىسى ئۇ مېنى كىش ئارىلىدا② ئۆز ھوجرىسىغا باشلاپ كىرىپ، تۈن بويى ئارام ئالماستىن: "تۈركىستاندا مۇنچە ئامبىرىم بار، ھىندىستاندا مۇنچىلىك

① نەسرانىلار — خىرىستىيانلار.
② كىش ئارىلى — پارس قولتۇقىدىكى بىر ئارال.



مېلىم بار، مۇنۇ پالان زېمىننىڭ ۋەسىقىسى، پالان نەرسەگە پالانچى كېپىل..." دەپ قولاشمايدىغان پاراڭلارنى سېلىپ چىقتى. ئۇ بىر تۇرۇپ: "ئىسكەندەرىيىگە بارايمىكىن دەۋاتىمەن، چۈنكى ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بەك ياخشى!" دەيتتى، بىر تۇرۇپ: "ياق، بارمايمەن، چۈنكى مەغرىپ دېڭىزى تەشۋىشلىك! ھەي سەئدى، ئالدىمدا باشقا بىر سەپەر تۇرۇپتۇ، ئەگەر ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، قالغان ئۆمرۈمنى خىلۋەت بىر بۇلۇڭدا ئۆتكۈزىمەن!" دەيتتى.

"ئۇ قانداق سەپەر؟" دەپ سورىدىم. ئۇ دېدى: "پارسنىڭ گۈڭگۈرتىنى جۇڭگوغا ئاپىرىپ ساتماقچىمەن، ئاڭلىشىمچە، ئۇ يەردە ئۇنى يۇقۇرى باھادا ئالىدىكەن، ئۇ يەردىن جۇڭگونىڭ چىنىسىنى رۇمغا ئاپىرىپ ساتىمەن، رۇمنىڭ كىمخاپلىرىنى ھىندىستانغا، ھىندىستاننىڭ پولاتلىرىنى ھەلەبكە، ھەلەبنىڭ ئەينەكلىرىنى يەمەنگە، يەمەننىڭ توقۇلمىلىرىنى پارسقا ئېلىپ كېلىپ ساتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن تىجارەتنى توختىتىپ، ئۆز دۇكىنىمدا ئولتۇرىمەن!"

مۇبالىغە قىلماي ئېيتسام، ئۇ شۇنچىلىك سەپسەتىلەرنى ساتتىكى، ئاخىردا سۆزلەشكە مادارى قالماي، مۇنداق دېدى: "ئەي سەئدى، سەنمۇ كۆرگەن-بىلگەنلىرىڭنى ياكى ئاڭلىغانلىرىڭنى سۆزلەپ بەرسەڭچۇ." مەن دېدىم:

"ئاڭلىدىڭمۇ دوستۇم، سەھرايى غوردا①
تۆگىدىن يىقىلغان سودىگەر يولدا.

① سەھرايى غور — غور سەھراسى، ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق قاقاس بىر چۆل.

ئۇ ئېيتقان: ‹ئاچكوزنىڭ كوزى تويمايدۇ،
قانائەت تويغۇزار، يا تويار گوردا.›"

## ھېكايەت (23)

ئاڭلىشىمچە، خۇددى ھاتەم تائى ئۆزىنىڭ سېخىيلىقى بىلەن تونۇلغاندەك، بىر باي ئۆزىنىڭ بېخىللىقى بىلەن شۇنچىلىك تونۇلغان. ئۇنىڭ تۇرمۇشى تاشقى كورۇنۇشتە دۇنيا نېمەتلىرى بىلەن بېزەلگەندەك تۇرسىمۇ، ئەمما ئىچكى دۇنياسىغا تەبىي بىر خەسىسلىك چىڭ ئورناشقان ئىدىكى، جېنى چىقسىمۇ بىر پارچە ناننى قولدىن بەرمەس ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ مۇشۇكىگىمۇ بىر پارچە لوقما بەرگۈسى كەلمەيتتى، ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىتىغىمۇ بىر پارچە سوڭەك تاشلاپ بەرمەيتتى. قىسقىسى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىگىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كورمىگەن، داستىخان سالغىنىنىمۇ كورمىگەن ئىدى.

كەلسە مىسكىن ئاش ھىدىدىن باشقىنى سەزمەس ئىدى،
نان يېسە قۇشلارغا جىندەك ئۇۋىقى تەگمەس ئىدى.

ئاڭلىشىمچە، ئۇ مەغرىپ دېڭىزى ئارقىلىق مىسىرغا كېتىۋاتقىنىدا كاللىسى فىرئەۋن خىيالى① بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى، "توساتتىن غەرق بولۇپ كەتتى"،② كېمىگە قارشى تەتۈر شامال كوتىرىلگەن ئىدى.

---

① فىرئەۋن خىيالى — ئۇچىغا چىققان تەكەببۇرلۇق خىيال.
② قۇرئان، 10 - سۈرە، 90 - ئايەت.



نەچارە دىل ماس كەلمىسە ناخۇش تەبىئىگە؟
شامال ھەرچاغ كېمىلەرگە لايىق بولالماس.

ئۇ دۇئاغا قول كوتىرىپ، پايدىسىز دات-پەرياد قىلىشقا باشلىغان. "ئۇلار كېمىگە چۈشكەندە، ئۆزىنى ئاللاغا دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى قىلىپ كورسىتىپ دۇئا قىلىدۇ!"①

ھاجەت چۈشسە، قول كوتەرسە دۇئاغا،
ھېچ پايدا يوق كەرەم چېغى قول قوشتۇرسا.

* * *

باشقىنى خوش قىل زەر، كۈمۈش بىلەن،
ئۆزەڭ ھەم بىللە مەنپەئەت تاپقىن.
قالدۇرماق بولساڭ ئۆيۈڭنى مەڭگۈ،
ئۇنى زەر-كۈمۈش خىش بىلەن ياپقىن.

ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ مىسىردا كەمبەغەل تۇغقانلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالغان مال-دۇنيا بىلەن بېيىپ كەتكەن. باي ئۆلۈش بىلەنلا ھەممىسى ئۆزىنىڭ كونا كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىسىل رەختتىن جۇۋا تىكتۈرگەن. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرسىنى كورۇپ قالدىم: ئۇ ئۇچقۇر ئارغىماقنى ئويناقلىتىپ باراتتى، بىر غۇلام ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى.

---

① قۇرئان، 29 - سۈرە، 65 - ئايەت.

ۋاھ، ئەگەر مۇردا تىرىلىپ قايتسا،
تۇققان-جەمەت ئىچىگە، ئۆز يېرىگە،
تۇققىنى ئۆلگەندىن ئېغىر چۈشكەي
مىراسنى قايتۇرۇش ھەر بىرىگە.

مەن ئارىمىزدىكى بۇرۇنقى تونۇشلۇغىمىز بويىچە، ئۇنىڭ يېنىدىن تارتىپ مۇنداق دېدىم:

يەپ-ئىچىپ، قەنتىڭنى چاق ئەي مەرت كىشى،
ئۇ يىمەستىن، مال يىغىش بولدى ئىشى.

## ھىكايەت (24)

بىر ئاجىز بېلىقچىنىڭ تورىغا كۈچلۈك بىر بېلىق چۈشكەن ئىدى. بېلىقچىنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا قۇربى يەتمىدى، بېلىق غالىپ كېلىپ، بېلىقچىنىڭ قولىدىن تورنى سۇغۇرۇۋېلىپ كېتىپ قالدى.

باردى بىر غۇلام ئۇستەڭگە سۇغا،
ئۇلۇغ سۇ ئۇنى ئاقىزىپ كەتتى.
ئەپكىلەتتى تور ھەر قېتىم بېلىق،
بۇ قېتىم تورنى بېلىق ئەپ كەتتى.

باشقا بېلىقچىلار ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇپ، تاپا قىلىشقا باشلىدى: "تورۇڭغا شۇنچىلىك بىر بېلىق چۈشسە، تۇتۇپ قېلىشنى



بىلمەيسەن-دە!" ئاجىز بېلىقچى دېدى: "ھەي بۇرادەرلىرىم، نىمە قىلاي، ماڭا نېسىپ بولمىغان ئىكەن، بېلىقنىڭمۇ كۆرىدىغان رىزقى-نېسىۋىسى بار ئىكەن. بېلىقچى نېسىۋىسىز بولسا، ھەتتا دەجلە① دەرياسىدىمۇ بېلىق تۇتالمايدۇ، ئەجىلى يەتمىگەن بېلىق قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۆلمەيدۇ!"

## ھىكايەت (25)

قول-پۇتى كېسىلگەن بىر مەجرۇھ ئادەم مىڭ پۇتلۇقنى② ئۆلتۈرگەن ئىدى. بىر تەقۋادار كىشى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى: "سۇبھانالللا! ئۇنىڭ ئەجىلى يەتكەنلىكتىن مىڭ پۇتى بار تۇرۇقلۇق بىر قول-ئايىغى يوق ئادەمدىن قېچىپ كېتەلمەپتۇ!"

جان ئالغۇچى دۈشمەن يېتىشكەن ھامان،
ئەجەل باغلار يۈگرۈك ئات پۇتىنى شۇ ئان.
يېتىپ كەلسە ياۋ ئىزمۇ-ئىز توختىماي،
نە ھاجەت ئېتىشقا كىيانى كامان.③

---

① دەجلە — باغداتتىكى بىر دەريا.

② مىڭ پۇتلۇق — ئومىلگۈچ بىر ھايۋاننىڭ ئىسمى. ھەرقايسى خەلقلەردە تۈرلۈك ئاتىلىدۇ. بەزىسى "قىرىق پۇتلۇق"، بەزىسى "يۈز پۇتلۇق" دەپ ئاتايدۇ. ئەسلى تېكىستتە "مىڭ پۇتلۇق".

③ كىيانى كامان — شاھلارغا خاس كۈچلۈك ئوقيا.

## ھكايەت (26)

بىر يوغان قوساق ئەخمەقنى كوردۇم، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا قىممەت باھا تون، ئاستىدا ئەرەپ ئېتى، بېشىدا مىسىرنىڭ ئېسىل رەختىدىن قىلىنغان سەللىسى بار ئىدى. بىركىشى مەندىن سورىدى: "سەئدى، بۇ پەمسىز ھايۋاننىڭ ئۇچىسىدىكى كىمخاپ تونغا قانداق قارايسەن؟"

مەن دېدىم: "گويا مەزمۇنى يامان خەت ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلىپتۇ، خالاس!"

بىر ئېشەككى، سۇرىتى ئادەم سۇپەت،
گەۋدىسىدۇر بىر موزاي، مەرەيدۇ سەت.

گۈزەل خۇلق مىڭ كىمخاپ توندىن ياخشى.

بۇ ھايۋاننى ئادەم دېيىش ھېچ مۇمكىن ئەمەس،
چاپان، سەللە، تۇرقىنىلا ئادەم دېسەك بەس.
تەكشۇر ھەممە مال-مۈلكىنى، يوقۇ-بارىنى،
ئۇز قېنىدىن باشقىسى ھالالغا كىرمەس.

* * *

ئۇلۇغ كىشى كۈچ-قۇدرەتتىن قالسا ئەگەر،
ئابرويىمۇ چۈشەر دەپ ئويلاپ قالما.
بوسۇغىسى كۈمۈش بولۇپ، قاقسا زەر مىخ،





جوھۇتنى سەن ئۇلۇغ زات دەپ پەرەز قىلما.

## ھكايەت (27)

بىر ئوغرى تىلەمچىگە دېدى: "سەن بىر تىيىن ئۇچۇن ھەر بىر پېخسىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول سوزۇشتىن ئۇيالمامسەن؟"
تىلەمچى دېدى:

"قول ئۇزىتىپ ئالغان ياخشى مىسقال پۇلنى،
كەستۇرگەندىن بىر يېرىم سوم پۇلغا قولنى."①

## ھكايەت (28)

ھكايە قىلىنىشىچە، بىر مۇشتلاشچى پەھلىۋاننىڭ ئىشى ئوڭىدىن كەلمىگەچكە، مۇھتاجلىق تۇپەيلىدىن كەڭ بوغوزى جېنى بىلەن خوشلىشاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ شىكايەت بىلەن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئىجازەت سورىدى:
"مەن سەپەرگە چىقماقچىمەن، بەلكىم بىلىگىمنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن بەخت ئېتىگىنى قولغا كەلتۇرسەم ئەجەپ ئەمەس.

ئىشلەتمىسەڭ پايدا يوقتۇر ھۈنەر-پەندە،

---

① شەرىئەتنىڭ ھوكمى بويىچە، ئوغرىلارنىڭ ئوغرىلىغان نەرسىسى مەلۇم مىقدارغا يەتسە قولى كېسىلەتتى، بۇ مىسرادا شۇ ئىش ئەسلىتىلگەن.

پۇراق بىرەر ئارچا ئۇتتا، مۇشـك سۇرتكەنـدە!"

ئاتىسى دىدى: "ئوغلۇم، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىـيالنى كاللاڭـ دىن چىقىرىپ تاشلا، قانائەت ئايغىنى سالامەتـلىك ئىتىگـى بىلەن ياپ، چۈنكى چوڭلار ئېيتىدۇ: بەختۇ- دولەت كۆچمىسىپ قولغا كەلـ تۈرىدىغان نەرسە ئەمەس، ئازراق ھاياجانلانغىنىڭ تۈزۈك."

ئۈشلىيالماس بەخت پېشىنى كۈچ بىلەن ھەر بىر كىشى،
قوي، كۈچەنمە، ئۇسمىغا مۇھتاج ئەمەس ئەئما قېـشى.

* * *

نەقىلار پەھلىۋان، بەختىـدۇر قارا؟
كۆچلۈك قولدىن، شەكسىز، قۇتلۇق قول ئەلا.

* * *

ھەر بىر تال چېچىڭدا بولسا يۈز ئەقىل،
تالىيىڭ بولمىسا بىكار، بۇنى بىل.

ئوغۇل دىـدى: "ئاتا، سەپـەرنىڭ پايدىـسى كوپ: كوڭلـۈڭنى ئارام تاپتۇرىسەن، مەنـپەئەت قازىنىـسەن، ئاجايـىپ نەرسـلەرنى كورىسەن، غارايـىپ نەرسـلەرنى ئاڭلايـسەن، شەھەرلەرنى تاماشا قىلىسەن، دوستلار بىلەن سوھبەتلىشىسەن، بىلىم تەھسىل قىلىسەن، ئەدەپ ئۆگىنىسەن، مال ۋە دارامەتنى كوپەيتىسەن، دوستلار بىلەن تونۇشىسەن، تەلىيـىڭنى سـىناپ كورىـسەن. تەرىقەت يولىدىكىلەر ئېيتـىدۇ:



'دۇككان ھەم ئۆيۈڭگە باغلانغان بولساڭ،
ئادەم بولالمايسەن ھەرگىز ئەي نادان!
يۈر، تۇرما، جاھان كەز، تاماشا ئەيلە،
تېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتمەستە شۇ جان.'"

ئاتىسى دىدى: "ئوغلۇم، سەن ئېيتقاندەك، سەپەرنىڭ مەنپەئەتلىرى كوپ، لېكىن ئۇ بەش خىل كىشىگە لايىـق: بىرىنچىـسى، بايلىغى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بولغاندىن تاشقىرى، گۈزەل غۇلام ۋە كېنىزەكلىرى ھەمدە چاققان خىزمەتكارلىرى بولغان سودىگەرلەر؛ ئۇلار ھەر كۈنى بىر شەھەردە، ھەر كېچىسى بىر جايـدا، ھەر دەمـدە بىر تاماشا ئورنىدا دۇنيانىڭ نىئمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ:

تاغۇ دەشت-چوللەردە بايلار ھىچقاچان بولماس غېرىپ،
نەگە بارسا بىمالال قۇرغاي قونالغۇ، بارىگاھ.
بۇ جاھان نىئمەتلىرىدىن بىنەسىپ بولغان كىشى
بولغۇسى ئۆز يۇرتىدا نامسىز غېرىبى بىنەۋا.

ئىككىنچىـسى، شـىرىن سوزلۈك، گەپكە چېـچەن، نەپـىس سوز سەرمايىسىغا ئىگە ئالىملار؛ ئۇلار ھەر جايغا بارسا، كىشلەر ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىززەت-ئىكرام قىلىدۇ.

ئالىملارنىڭ تەبىئىتى ساپ ئالتۇندەك،
نەگە بارسا قەدرى-قىممەت تاپقاي چەكسىز.
چوڭلار نەسلى بولسا نادان ئوتمەس ياماق،

یاقا یۇرتتا ھېچکىم ئۇنى ئالماس، شەكسىز.

ئۈچىنچىسى، چىرايلىق كىشى؛ پاكدىل كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى گۈزەل كىشى بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقا ئىنتىلىدۇ، چۈنكى دانالار ئېيتقاندەك، ئازغىنا ھۆسۈن-جامال نۇرغۇن مالدىن ياخشى. ئېيتىلىشىچە، چىرايلىق يۈز — جاراھەتلىك كۆڭۈلنىڭ مەلھىمى ۋە ئېتىكلىك ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى. تەبىئىكى، چىرايلىق كىشى بىلەن ئۈلپەتچىلىك قىلىشنى ھەممە يەردە كىشىلەر غەنىمەت ھېساپلايدۇ. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشنى ۋەزىپە دەپ بىلىدۇ.

ھۆسنى بارلار نەگە بارسا ئىززەت-ھۆرمەت تاپار،
گەرچە ئۇيدىن قوغلىغان بولسۇن ئۇنى ئاتا-ئانا.
مەن كۆرۈپ قۇرئان ئىچىدە بىر تاۋۇسنىڭ پەرىنى،
شۇندا ئېيتتىم: 'مەرتىۋەڭدىن بۇ ئورۇن ئۈستۈن ساڭا!'
پەر دېدى: 'قوي بۇ سوزۇڭنى، ھەر كىشى بولسا گۈزەل،
تاشلىسا نەگە قەدەم ھېچبىر توسالغۇ يوق ئاڭا!'

* * *

ئەگەر ئوغۇل خوپ كېلىشكەن دىلبەر بولسا،
ئايرىلسىمۇ ئاتىسىدىن غەمسىز ياشار.
ئۇ بىر گوھەر، سەدەپ ئاڭا ھاجەت ئەمەس،
ئىسىل دۇرغا ھەممە يەردە بار خەرىدار

تۆتىنچىسى، خۇش ئاۋاز ناخشىچى؛ ئۇ داۋۇتنىڭ ئاۋازىدەك خۇش نەپەس بىلەن سۇنى ئېقىشتىن، قۇشنى ئۇچۇشتىن توختىتالايدۇ.



شۇنداق ئىكەن، ئۇ بۇ ئارتۇقچىلىقنىڭ ياردىمى بىلەن تەشنا بولغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلايدۇ، ھەقىقەت ئەھلى ئۇنىڭ بىلەن سوھبەت قۇرۇشقا ۋە قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشقا تىرىشىدۇ.

گۈزەل كۈيىنى ئاڭلاشقا مەن بەكمۇ خۇشتار،
كىم چالاركىن دىل قانغۇدەك مۇڭلۇق دۇتتار؟

* * *

خۇش ئاڭلىنار سەھەر پەيتى مۇڭلۇق ئاۋاز
ئىشرەتخورلار قولىغا يېتىپ بىردەك.
خۇش ئاۋاز خوپ ئەگەر بىلسەڭ، گۈزەل يۈزدىن
چۈنكى ئۇسى روھى ئوزۇق، بۇسى ئەمەك.

بەشىنچىسى ئاز-تولا ھۈنىرى بار ئادەم؛ ئۇ ئىككى قولىغا تايىنىپ تۇرمۇشنى تەمىنلەيدۇ، نان ئۈچۈن ئۆز ئابرويىنى تۆكمەيدۇ.

ئۆز شەھىرىدىن كەتسە موزدۇز يات يۇرتقا،
ھۈنەر بىلەن تارتماس جاپا-مۇشەققەت.
نىمروز شاھى① ئۆز ئېلىدىن ئايرىلسا،
ئاچلىق قىيناپ باسار ئۇنى پالاكەت.

ئوغلۇم! مەن بايان قىلغان بۇ سۈپەتلەر كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنىڭ

---

① نىمروز شاھى — "يېرىم كۈنلۈك شاھ" دېگەن مەنىدە بولۇپ، "نىمروز" شەرقىي ئىراندىكى سىيستان ۋىلايىتىنىڭ شائىرانە ئاتىلىشى.

كاپالىتى ۋە ياخشى كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ مەنبەسى، شۇڭا بۇ سۈپەتلەردىن خالى كىشىلەر قۇرۇق خىيال بىلەن جاھان كەزسە، ھېچكىم ئۇنىڭ نامۇ-نىشانى توغرىلىق ئىز-دېرىكىنى قىلمايدۇ.

تەتۈر ئايلانسا كىشىگە كاج پەلەك،
ياخشىلىقنىڭ ئەكسىگە باشلار زامان،
كەپتەر، مەڭگۈ ئۇۋىسىنى كورمىسە،
باشلىغاي قىسمەت ئۇنى توزاق تامان."

ئوغۇل دېدى: "ئاتا، دانىشمەنلەرنىڭ سۆزىگە قانداقمۇ خىلاپلىق قىلىمىز؟ ئۇلار ئېيتقانكى، رىزق ئەزەلدە تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىر ئىلاج قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش شەرت، شۇنىڭدەك بالا-قازامۇ تەقدىردە پۈتۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىرىدىغان ئىشىكىدىن ساقلىنىش لازىم.

رىزق كىشىگە يېتىشسىمۇ شەكسىز،
ئەقىل دەركى، ئۇنى تېپىش ھاجەت.
ھېچكىم بىئەجەل ئۆلمەس، ۋە لېكىن
يۈرمىگىن ئەجدىھا ئاغزىغا پەقەت.

مۇشۇ بەستىم بىلەن قۇتۇرىغان پىل بىلەنمۇ ئېلىشالايمەن، قەھرلىك شىر بىلەنمۇ چېلىشالايمەن. شۇنداق ئىكەن، ئاتا، مەن سەپەرگە چىقاي، چۈنكى يوقسۇللۇقتا چىداشقا ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن.



ئايرىلىپ كەتسە كىشى ئۆز جايى ۋە ئۆز يۇرتىدىن،
نېمە غەم يەر؟ ئۆي-ماكان بولغاي ئاڭا ئەتراپ-جاھان.
كېچە بولسا باي كىشى ساراي تېپىشقا ئالدىرار،
نەدە كەچ بولسا، شۇ يەر مىسكىن كىشىگە ئۆي-ماكان."

ئۇ شۇ سۆزنى دېدى-دە، ئاتىسى بىلەن ۋىدالىشىپ ۋە دۇئا-تەلەپتە بولۇپ، يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى مۇنداق دەيتتى:

"ھۈنەر ئەھلىگە بولمىسا بەخت يار،
كېزىپ باققۇلۇق ناتونۇش بىر دىيار."

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر دەريانىڭ ياقىسىغا يېتىپ كەلدى، بۇ دەريانىڭ شىددەتلىك ئېقىمىدىن تاش تاشقا ئۇرۇلاتتى، گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى نەچچە چاقىرىم يەرگە ئاڭلىناتتى.

بىر خەتەرلىك سۇكى، ئۇدەكمۇ ئەمىن تاپماس ئىدى،
ھەر يوغان تاش بىرلا دولقۇندىن ئامان قالماس ئىدى.

يىگىت بىر گۇرۇھ كىشىنى كوردى، بۇ يەردە ھەر بىر كىشى ئۇششاق مىس پۇلغا قېيىقتىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغان ئىكەن. يىگىتنىڭ بىرىسىگە بىر تىيىنمۇ بولمىغانلىقتىن، دۇئا قىلىشقا باشلىدى، ئەمما شۇنچە يالۋۇرسىمۇ، پايدىسى بولمىدى.

گېپىڭ ئۆتمەس كىشىگە پۇلسىز ھەرگىز،
ئەگەر بولسا پۇلۇڭ، زورلۇق ھاجەت.

ۋىجدانسىز كېمىچى كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرىدى-دە، دېدى:

"ئۆتەلمەيسەن بۇ دەريادىن پۇلسىز، كۈچ بىلەن،
كارغا كەلمەس ئۇن ئەر كۈچى، بىر كىشىلىك پۇل بەر!"

كېمىچىنىڭ تەنىسىدىن يىگىتنىڭ يۈرىگى سىقىلدى-دە، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولدى، ئەمما قېيىق يىراقلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ۋاقىردى: "ئەگەر ئۇستۇمدىكى چاپىنىم بىلەن قانائەتلىنىدىغان بولساڭ، ئاياپ تۇرمايمەن!" كېمىچى (ئالدىنىپ) چاپان تاماسى بىلەن قېيىقنى ئارقىغا بۇرىدى.

ئەقىللىق كوزىنى ھىرىس كور قىلار،
تاما قۇش، بېلىقنى توزاقىغا ئىلار.

يىگىت كېمىچىنىڭ ساقىلىنى ياقىسى بىلەن قوشۇپ بىرلا سىقىمداپ ئالدىغا تارتتى-دە، ئايىماستىن يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭ شىرىگى يارىدەم بېرىش ئۈچۈن قېيىقتىن سەكرەپ چۈشكەن بولسىمۇ، ئوخشاشلا زەربىگە ئۇچراپ نېرى قاچتى. ئەمدى كېمىچىلەرگە ئۇنىڭ بىلەن مادارا قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغان ئىدى، قېيىقنىڭ كىراسىدىنمۇ كەچتى.



سەۋر قىل، قوپاللىقنى كورسەڭ ئەگەر،
جىدەل ئىشىگىنى يۇۋاشلىق ئېتەر.
سىلاپ ئەركىلەتسەڭ شىرىن تىل بىلەن،
يېتەكلەيسەن پىلنى بىر تال قىل بىلەن.
يىمەسمۇ ئازار، بولغىن خۇش خۇي، تىنىچ،
يىپەك يۇمشاق بولغاچ، كېسەلمەس قىلىچ.

كېمىچىلەر ئۆتكەن ئىشقا ئەپۇ سوراپ، يىگىتنىڭ ئايىغىغا باش قويدى ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن ئۇنىڭ يۈز-كوزىنى سويۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇنى قېيىققا ئولتۇرغۇزۇپ، يولغا راۋان بولدى، تاكى سۇنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان يۇنان ئىمارىتىنىڭ بىر تۈۋرۈكىگە يەتكىچە ئۈزۈشتى. بۇ يەرگە كەلگەندە كېمىچى دېدى: "قېيىقتا بىر توشۇك بار. ئاراڭلاردىن باتۇرراق بىرەيلەن ئاۋۇ تۈۋرۈككە چىقىپ، قېيىقنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ تۇرسا، توشۇكنى ئېتىۋالاتتۇق."

يىگىت پەھلىۋانلىق غۇرۇرى بىلەن بايىلا ئوزى رەنجىتكەن دۈشمەننى ئويلاپمۇ قويمىدى ۋە دانىشمەنلەرنىڭ سوزىگە ئېتىۋار قىلمىدى. دانىشمەنلەر ئېيتقانكى، "بىراۋنىڭ كوڭلىنى بىر قېتىم رەنجىتىپ قويۇپ، ئارقىدىن يۈز راھەت يەتكۈزگەن بولساڭمۇ، ئاشۇ بىر رەنجىتكىنىڭ ئۈچۈن ئىنتىقامغا ئۇچراشتىن ساقلان، چۈنكى ئوقيانىڭ ئوقى جاراھەتتىن چىقىپ كېتىدۇ، لېكىن ئەلەم يۈرەكتە قالىدۇ".

ئەجەپ ياخشى دېدى خىلتاشقا بەگتاش: ①

① "بەگتاش" بىلەن "خىلتاش" كەڭ تارالغان تۈركچە كىشى ئىسمىلىرى.

"لازىمدۇر يېڭىلگەن دۈشمەننى ئويلاش!"

*　　*　　*

ئەمىن بولما، سەنمۇ ئەلەم تارتىسەن،
قولۇڭدىن بىراۋ چەككەن بولسا ئەلەم.
تاش ئاتما پەقەت سەن سېپىل ئۈستىگە،
ئۇ يەردىن ياغار تاش بېشىڭغا شۇ دەم.

يىگىت كېمىنىڭ ئارغامچىسىنى بىلىگىگە ئوراپ، تۈۋرۈكىنىڭ ئۈستىگە چىقىشى بىلەنلا، كېمىچى ئۇنىڭ قولىدىكى ئارغامچىنى كېسىپ تاشلاپ، كېمىنى تېز ھەيدەپ كەتتى. بىچارە پەھلىۋان ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئىككى كۈن جاپا-مۇشەققەت چەكتى ۋە بەك ئېغىرچىلىق تارتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇيقۇ ياقىسىدىن تۇتۇپ سۇغا ئاتتى. بىر كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن ئۇنى سۇ قىرغاققا چىقىرىپ تاشلىدى. ھاياتىدىن يەنە ئازراق ئەسەر قالغان ئىدى. دەرەخنىڭ ياپرىغىنى يۇلۇپ، ئوت-چۆپنىڭ يىلتىزىنى قېزىپ يېيىشكە باشلىدى. بىر ئاز كۈچكە كېلىپ، باياۋان تەرەپكە باش ئېلىپ كەتتى. ئۇ ماڭا-ماڭا ئۇسساپ كەتتى-دە، ئاران بالالىقتا بىر قۇدۇقنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر توپ كىشى توپلىشىۋېلىپ، ھەرقايسىسى بىر تىيىندىن پۇل تولەپ، بىر ئىچىم سۇ ئىچىۋاتاتتى. يىگىتنىڭ تىيىنى يوق ئىدى، شۇڭا ئاجىزلىقىنى بايان قىلىپ، سۇ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، ئەمما ئۇنىڭغا رەھىم قىلىشمىغانلىقتىن، ئۇ زورلۇق قولىنى سوزغان ئىدى، ئىش چىقمىدى. نائىلاج بىرنەچچىسىنى يەرگە يىقىتتى، لېكىن ئۇ كىشىلەر ئۈستۈن كېلىپ، ئۇنى ئايىماستىن ئۇرۇپ يارىلاندۇردى.



پاشا توپلانسا يېڭەر پىلنى ئۇرۇپ،
بۇندا كۈچ-قۇۋۋەت، سالاپەت بار تۇرۇپ.
كوپ چۈمۈلە بولسا بىردەك ئىتتىپاق،
يىرتىدۇ شىر پوستىنى ئۇجۇقتۇرۇپ.

پەھلىۋان نائىلاج بىر كارۋاننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. كەچكە يېقىن قاراقچىلارنىڭ خەۋپ-خەتىرى بىلەن تولغان بىر جايغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇ كارۋانچىلارنىڭ ئەزايى تىترەپ، كۆڭلىدە ئۆلۈمگە تەن بەرگەنلىكىنى سەزدى-دە، دىدى: "ئەندىشە قىلماڭلار، مەن ئاراڭلاردا ئىكەنمەن، ئۆزەم يالغۇز ئەللىك ئادەمگە تېتىيمەن، باشقا يىگىتلەرمۇ يار-يۆلەكتە بولسۇن!" ئۇنىڭ لاپ ئۇرۇپ ئېيتقان ئاشۇ سوزى بىلەن كارۋانچىلارغا قايتىدىن جان كىرىپ، ئۆز ئارىسىدا مۇنداق بىر كىشى بولغانلىقىغا خوشال بولۇشتى ۋە ئۇنىڭغا ئوزۇق-تۈلۈك، سۇ بىلەن ياردەم قىلىشنى لازىم تاپتى. يىگىتنىڭ ئاشقازىنىنىڭ ئوتى گۈكىرەپ ياندى. سەۋر-تاقەت تىزگىنى قولدىن كەتكەن ئىدى. ئۇ بىرقانچە لوقما تائامنى ئىشتىھا بىلەن يىدى، ئارقىدىن بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن نەپسىنىڭ شەيتانى ئارام تاپتى-دە، ئۇيقۇغا كەتتى.

بۇ كارۋاندا جاھان كورگەن بىر قېرى كىشى بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دىدى: "دوستلار! مەن قاراقچىلاردىن ئۇنچىلىك ئەندىشە قىلمايمەن، مۇنۇ ھەمراھىڭلاردىن قورقىمەن. ھىكايە قىلىنىشىچە، بىر ئەرەبنىڭ بىرقانچە دەرەم پۇلى بار ئىكەن. كېچىسى ئوغرىدىن تەشۋىش قىلىپ، ئۆيىدە يالغۇز ئۇخلىيالماپتۇ. ئۇ قېشىغا دوستلىرىدىن بىرىنى ئېلىپ كېلىپ، يالغۇزلۇق قورقۇنچىسىنى يوقاتماقچى

بولۇپتۇ. بىرنەچچە كېچىنى ئاشۇ دوستى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىرى دوستى پۇل بار يەرنى بىلىۋېلىش بىلەنلا ھەممە پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە كىشىلەر ئەرەپنى يالىڭاچ ھەم يىغلىغان ھالدا كۆرۈپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: 'نېمە بولدى؟ پۇلۇڭنى ئوغرى ئالمىغاندۇ؟' ئۇ جاۋاپ بېرىپتۇ: 'ياق، خۇدا ئۇرۇپتۇ، ھەمرايىم ئوغرىلاپ كەتتى!'

يىلاندىن خاتىرجەم ئولتۇرغىنىم يوق،
ئۇنىڭ خىسلىتىنى بىلگەندىن بۇيان.
كىشىلەر كۆزىدە دوستتەك كۆرۈنگەن
دۈشمەننىڭ چېقىش زەخمى ھەممىدىن يامان.

كىم بىلىدۇ، بەلكىم، بۇمۇ ئوغرىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئارىمىزغا ھىلىگەرلىك بىلەن كىرىۋالغان نەرسىمۇ، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە دوستلىرىغا خەۋەر قىلامدۇ تېخى. ئەمدى مەسلىھەتىم شۇكى، ئۇنى بۇ يەردە ئۇخلىغان پېتى قالدۇرۇپ، بىز كېتەيلى!"

قېرىنىڭ تەدبىرى ياشلارغا خوپ كەلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆڭلىدە مۇشتلاشچىدىن قورقۇشقا باشلىدى-دە، دەرھال نەرسە-كېرەكلىرىنى تۆگىگە ئارتىپ، پەھلىۋاننى ئۇخلىغان پېتى قالدۇرۇپ قويۇپ، جونەپ كېتىشتى. يىگىت ئاپتاپ دۈمبىسىنى قىزىتىشقا باشلىغان چاغدىلا ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، كارۋان كېتىپ قالغان. بىچارە بىرمۇنچە ئايلىنىپ يۈردى، يولنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇز ۋە ئاچ قوساق يەرگە يۈزىنى قويۇپ، ئۆلۈمگە تەييار بولۇپ تۇردى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:



"كارۋان كۆچكەندە 'تۇر!' دەپ كىم خەۋەر بەرسۇن ماڭا؟
يوق غېرىپقا بىر غېرىپتىن باشقا مۇنىس-ئاشىنا!

* *

ئۆزى ئانچە غۇربەتتە كۆپ بولمىغان،
مۇساپىرغا قاتتىق بولۇر ھەر زامان".

بىچارە مۇشۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا، ئۇۋ بىلەن ئۆز لەشكىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن بىر شاھزادە ئۇنىڭ يېنىدا توختاپ، بۇ سۆزنى ئاڭلىدى-دە، تۇرقىغا نەزەر سالدى. ئۇ ئاشىقى كۆرۈنۈشتە پاكىزە ۋە ھالى پەرىشان كۆرۈندى. شاھزادە ئۇنىڭدىن سورىدى: "قەيەرلىكسەن؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟" يىگىت بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا شاھزادىنىڭ رەھمى كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر قۇر كىيىم، قولىغا پۇل بەردى ۋە ئۆز شەھىرىگە بېرىۋېلىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىر كىشىنى قوشۇپ قويدى.

ئاتىسى ئۇنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشكەنلىكىگە شادمان بولدى، ئۇنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىگە شۈكۈر ئېيتتى. كەچقۇرۇن يىگىت بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى-كېمىدە يۈز بەرگەن ئىشنى، كېمىچىنىڭ سالغان جەۋرىنى، قۇدۇق بېشىدىكى دېھقانلارنىڭ جاپاسىنى، يولدىكى كارۋانلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بەردى.

ئاتىسى دېدى: "ئوغلۇم كېتىدىغان چاغدا مەن ساڭا دېمىدىممۇ؟ يوقسۇللارنىڭ باتۇر قولى باغلاقلىق، شىرپەنجىسى سۇنۇق.

ئەجەپ ياخشى ئېيتقان پەھلىۋان مىسكىن:

"تېرىقچە زەر ئارتۇق يۈز پاتمان كۆچتىن."

ئوغۇل دېدى: "ئاتا! قانداق بولمىسۇن، مۇشەققەت چەكمىگىچە غەزنىگە ئىگە بولالمايسەن، جاننى خەتەرگە قويمىغىچە دۈشمەن ئۈستىدىن زەپەر قازىنالمايسەن، ئۇرۇق چاچمىساڭ خامان ئالالمايسەن. كۆرمىدىڭمۇ، ئازغىنا جاپا چېكىپ، قانچىلىك راھەت تاپتىم، ھەرىدىن نەشتەر يەپ، قانچىلىك ھەسەل ئېپكەلدىم-ھە!"

ھەر ئادەم يېيەلمەس رىزقىدىن ئارتۇق،
ۋە لېكىن ئىزلەشتە قىلمىسۇن سۇسلۇق.

* * *

لەھەڭنىڭ ئاغزىدىن قورقسا گەر غەۋۋاس،①
دېڭىزدىن قىممەتلىك گوھەر ئالالماس.

تۆگمەننىڭ تېگى تېشى چۆگىلمەيدۇ، شۇڭا ئېغىر يۈك كۆتىرەلەيدۇ.

نىمە يەر ئۇنگۇردە يىرتقۇچ شىر؟
نىمجان لاچىنغا نەدە تەييار ئوزۇق؟
خالىساڭ ئوي ئىچىدە شىكار قىلماق،
ئۇ چاغدا پۇت-قولۇڭ بولۇر بوغۇق.

ئاتىسى دېدى: "ئوغلۇم، بۇ نۆۋەت ساڭا پەلەك يار-يۆلەكتە

① غەۋۋاس — سۇ ئاستىغا چۆشۈپ گوھەر ئالغۇچى.



بولۇپ، ئىقباللىق يول باشلاپتۇ، شۇڭا بىر دۆلەت ئىگىسى ئۇچقۇشۇپ، ساڭا ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن، ئالاھىدە غەمخورلۇق كۆرسىتىپ سېنى ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ، ئەمما بۇنداق تاسادىپى ئەھۋال كەم ئۇچرايدۇ، تاسادىپىلىققا ئۈمىد باغلاش مۇمكىن ئەمەس. ھەزەر قىل، بۇنداق تاما بىلەن ئىككىنچى خام خىيالنىڭ قۇربانى بولما."

ئۇۋچى ھەر كۈن تۇتالماس چىلبۆرە،
بىر كۈن ئۇنى يولۋاس قىلۇر پارە.

مۇنداق بىر ئىش بولغان: پارس پادىشالىرىدىن بىرىنىڭ ئۈزۈگىدە قىممەت باھالىق كۆز بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشا ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يېقىن كىشىلىرى بىلەن شىرازنىڭ "مۇسەللا" دېگەن ھېيتگاسىغا① سەيلى-تاماشاغا چىققان ئىكەن. ئۇ ئۈزۈگىنى "ئەزۇد"② گۈمبىزى ئۈستىگە قويۇشقا بۇيرۇق قىلىپ، كىمكى ئوقيا ئوقىنى ئاشۇ ئۈزۈكنىڭ ھالقىسىدىن ئۆتكۈزەلىسە، ئۈزۈك شۇ كىشىنىڭ بولسۇن دېگەن. شۇنىڭ بىلەن يېنىدىكى تۆت يۈز ئوقياچىنىڭ ھەممىسى ئوقىنى خاتا كەتكۈزگەن، پەقەت بىر كىچىك بالا بىر سارايىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ ھەر تەرەپكە ئوقيا ئېتىپ

① مۇسەللا — "ناماز ئوقۇلىدىغان جاي" ياكى "ھېيتگاھ" دېگەن مەنىدە بولۇپ، شىراز شەھىرىدە بىر قەۋرىستان يېنىدىكى مەشھۇر باغچىنىڭ ئىسمى.

② "ئەزۇد" — شىرازنىڭ چېكىسىدىكى بىر مەقبەرەنىڭ گۈمبىزى. بۇ يەرگە ئەزۇدىد دەۋلە ئىسىملىك بىر پادىشا (949 — 983) دەپنە قىلىنغان.

ئۇيناۋاتقان ئىكەن، شامال ئۇنىڭ بىر ئوقىنى ئۆزۈكىنىڭ ھالقىسىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بالا تون بىلەن مۇكاپات بۇيۇملىرىغا ئىگە بولغان، ئۆزۈكمۇ ئۇنىڭغا قالغان. ئوغۇل ئوق بىلەن كامانىنى كويدۇرۇۋەتكەن. "نىمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟" دەپ سورىغاندا، بالا: "مېنىڭ بۇ دەسلەپكى شۆھرىتىم ئۆزەمدىلا قالسۇن" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

بەزىدە كاللىسى ئۆتكۈر دانادىن
چىقمايدۇ دۇرۇسراق تەدبىر ـ مەسلىھەت.
بەزىدە ئوقۇشماي بىر گودەك نادان
ئوق ئاتسا نىشانغا تېگىدۇ ھەيۋەت.

ھېكايەت (29)

ئاڭلىشىمچە، بىر دەرۋىش غاردا ماكان تۇتقان بولۇپ، جاھان كىشىلىرىگە ئىشىكنى تاقىۋالغان، شۇڭا ئۇنىڭ ھىممەت نەزىرىدە پادىشا ۋە بايلارنىڭ ھېچقانداق شەۋكەت ۋە ئۇلۇغۋارلىقى قالمىغان ئىدى.

كىمكى تىلەمچىلىك ئىشىگىنى ئاچسا،
ئۆلگىچە ئۆتىدۇ بولۇپ ھاجەتمەن.
ئاچكۆزلۈكنى تاشلاپ، شاھانە ياشا،
تاماسىز گەردىنىڭ بولىدۇ بەلەن.



ئاشۇ تەرەپنىڭ پادىشالىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا مۇنداق بىر تەكلىپ بىلدۈردى: "ئەزىز كىشىلەر ئەخلاقىنىڭ لۇتپى-كەرەمىدىن ئۈمىدىمىز شۇكى، ئاش-تۇزىمىزنى بىز بىلەن بىللە تېتىپ كورسە!" شەيخ رازى بولدى. چۈنكى تەكلىپنى قوبۇل قىلىش سۈننەت ئىدى.

ئەتىسى پادىشا ئۇنى بۇ يەرگە ئەپكەلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئوزرە ئېيتىشقا كەلدى. دەرۋىش ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشانى قۇچاقلاپ مېھرىۋانلىق كورسەتتى ۋە شۈكرى-سانا ئېيتتى. پادىشا قايتىپ كېتىش بىلەنلا مۇرىتلىرىدىن بىرى شەيختىن سورىدى: "بۈگۈن سەن ئادەتكە خىلاپ ھالدا پادىشاغا مۇنچىلىك ئىلتىپات كورسىتىپ كەتتىڭغۇ؟ مۇنداق قىلغىنىڭنى ھېچقاچان كورمىگەن ئىدۇق!" شەيخ دېدى: "ئاڭلىمىغانمۇ سەن، مۇنداق گەپ بار:

'بىر ۋۇنىڭ داستىخىنىغا ئولتۇرساڭ،
لازىمدۇر ئۇنىڭغا خىزمەت قىلماق'"

* * *

قۇلاققا مۇمكىندۇر: پۈتۈن ئومرىنى
ئۆتكۈزسە ئاڭلىماي نەغمە ئۈنىنى.①
تاماشا قىلمىسا باغنى چىمدار كوز،
بۇرۇن ئۆتسە مۇمكىن گۈلسىز، نەسرىنسىز.②
پەر ياستۇق بولمىسا قويۇشقا باشقا.

① نەغمە ئۈنىنى ـــ ئەسلى تېكىستتە "داپ، چاڭ، نەي ئۈنىنى".
② بۇ مىسرا: بۇرۇن قىزىل گۈل بىلەن نەسرىن گۈلىنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇرىماستىن ئۆتۈشمۇ مۇمكىن، دېگەن مەزمۇندا.

بىر تاشمۇ بولىدۇ قويۇپ ئۇخلاشقا.
قۇچۇشقا بولمىسا سۆيۈملۈك دىلبەر،
ئۆز قولى قۇچاقتا بولسا شۇ يېتەر.
ۋە لېكىن لەنىتى بۇ تويماس قوساق،
ھېچنىمە بولمىسا ئۇنىماس ھېچ چاق.



## تۆتىنچى باب
# سۆكۈت قىلىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا

### ھېكايەت (1)

دوستلىرىمدىن بىرىگە دېدىم: "سۆز قىلىشتىن ئۆزەمنى تارتىشنى شۇ سەۋەپتىن ئىختىيار قىلدىمكى، كۆپ چاغلاردا سۆزدە ياخشى-يامان ھەممىسى ئېيتىلىدۇ، ئەمما دۈشمەننىڭ كۆزى ياماندىن باشقىنى كۆرمەيدۇ."

دوستۇم دېدى: "ئاشۇ ياخشىنى كۆرمەيدىغان دۈشمەن ياخشى!"

ئۆتمىگەي خىسلەتلىك ئادەم ئالدىدىن دۈشمەن پەقەت،
ئارقىدىن بوھتان توقۇيدۇ، ئەڭ يامان يالغانچى دەپ.

* * *

سانىلار ئۇچمەن نەزەردە كاتتا ئەيىپ بىلىم-ھۈنەر،
گۈل ئىدى سەئدى، لېكىن دۈشمەن كۆزىدە بىر تىكەن.

* * *

كۈن نۇرى ئالەمگە ئەسلى بىر زىننەت،
لېكىن شەپىرەڭگە كورۇنەر بەك سەت.

## ھېكايەت (2)

بىر سودىگەر مىڭ دىنار زىيان تارتقان ئىدى، ئوغلىغا: "ھېچكىمگە دەپ تاشلىما!" دېدى. ئوغلى دېدى: "ئاتا! سېنىڭ بۇيرۇغۇڭ بويىچە بولسۇن، ئېيتماي، لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويساڭچۇ. مەخپىي تۇتۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟"

ئاتىسى دېدى: "خاپىچىلىق ئىككى بولۇپ قالمىسۇن: بىرى سەرمايىنىڭ كېمەيگەنلىكى، يەنە بىرى خوشنىلارنىڭ ئىچى يامانلىق بىلەن خوشال بولۇشى!"

ئېيتمىغىن غېمىڭنى، بىلمىسۇن دۈشمەن،
"لاھەۋلە"① دېيىشىپ بولىدۇ خۇرسەن.

## ھېكايەت (3)

بىر ئەقىللىق يىگىت ئىلىم-پەندە يۈكسەك كامالەتكە ئېرىشكەن ئىدى، ئەمما تارتىنچاق ئىدى، شۇڭا ئالىملارنىڭ سوھبىتىگە قاتناشقاندا تىلىنى سۆز قىلىشتىن ساقلايتتى. بىر قېتىم ئاتىسى ئۇنىڭغا

① لاھەۋلە — "كۈچ-قۇدرەت يوق" دېگەن مەنىدە بولۇپ، كۆچمە مەنىدە "خۇدا كورسەتمىسۇن"، "خۇدا ساقلىسۇن" دەپ قوللىنىلىدۇ. بۇ يەردە "خوپ بوپتۇ!" دېگەن مەنىدە.



دېدى: "ئوغلۇم، سەنمۇ بىلگىنىڭنى سۆزلەپ باقساڭ بولمامدۇ؟" ئوغلى دېدى: "مەندىن بىلمەيدىغان نەرسىنى سورىشىپ قالسا، ئۇياتتا قالارمەنمىكىن دەپ قورقىمەن!"

ئىشىتتىڭمۇ بۇنى: بىر سوپى بىر چاغ،
قاققانكەن نەچچە مىخ كېپىشى نالىغا.
بىر ھەربى ئەمەلدار ئۇنى چىڭ تۇتقان:
"يۈر، مېنىڭ ئېتىمغا قېقىپ قوي تاقا!"

* * *

سۆزلىمىسەڭ، يوقتۇر كىشىنىڭ كارى،
سۆزلىگەن ئىكەنسەن، دەلىللەپ ئارى.

## ھېكايەت (4)

بىر موتىۋەر ئالىم بىر بىدئەتچى بىلەن (خۇدا ئۇنىڭ ئەجدادلىرىغا لەنەت ياغدۇرسۇن!) مۇنازىرىلىشىپ قالدى، ئەمما ئۇنى دەلىل-ھوججەت بىلەن يېڭەلمەي، قالقاننى تاشلاپ① كېتىپ قالدى. بىر كىشى ئالىمغا دېدى: "سەن شۇنچە بىلىملىك، كامالەت ئىگىسى تۇرۇقلۇق بىر دىنسىزغا تەڭ كېلەلمىدىڭمۇ؟"

ئالىم دېدى: "مېنىڭ ئىلمىم — قۇرئان، ھەدىس ۋە شەيخلەرنىڭ نۇتقى. ھالبۇكى ئۇ دىنغا ئىشەنمىگەنلىكتىن مېنىڭ كەلتۈرگەن

① قالقاننى تاشلاپ — كۆرەشنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولماي، دېگەن مەنىدە.

دەلىللىرىمگە قۇلاق سالمايدۇ-دە. شۇڭا ئۇنىڭ كۇپۇر سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نىمە قىلىمەن!"

قۇرئانۇ ھەدىس تەسىر ئەتمەس كىشىگە
جاۋاپ شۇدۇر: جاۋاپ بەرمەسەڭ سۆزىگە.

## ھىكايەت (5)

جالىنۇس① بىر ئەخمەقنىڭ بىر ئالىمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، بىھۆرمەتلىك قىلغانلىغىنى كۆردى-دە، دېدى: "ئەگەر بۇ كىشى (ھەقىقى) دانا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى بۇ نادان بىلەن بۇ دەرىجىگە يېتىپ بارماس ئىدى!"

غەرەز تۇتماس، ئۇرۇشماس ئىككى ئاقىل،
بىلىملىك دوت بىلەن بولماس مۇقابىل.
ئەگەر نادان قوپال، قاتتىق سۆز ئېيتقاي،
ئەقىللىق رەنجىمەي كۆڭلىنى ئۇتقاي.
ئەدەپ رىشتىنى ساقلار ئىككى پاكدىل،
ۋە ھەم ئۆز قەدرىنى، نومۇسىنى ئىزچىل.
ئەگەر ھەر ئىككى ياق بولغاندا جاھىل،
تومۇر زەنجىرنى ھەتتا ئۈزگەي پۇتكۇل.

① جالىنۇس — (مىلادىدىن ئىلگىرى 130 — 230) قەدىمقى رىمنىڭ مەشھۇر تىۋىپى ۋە تەبىئەتشۇناسى، شۇنىڭدەك دانىشمەن پەيلاسوپ.



* * *

بىراۋنى خۇيى سەت قىلغانتى دەشنام،
چىداپ ئېيتتى ئاڭا: "ئەي ياخشى ئاشنام،
دېسەڭ سەن ھەرنىمە، ئۇندىن بەتتەر مەن،
ئۆزەمنىڭ ئەيۋىنى ياخشى بىلەرمەن."

## ھىكايەت (6)

سەھبان ۋائىل① پاساھەتتە تەڭداشسىز دەپ تونۇلغان ئىدى، بۇنىڭ سەۋسۇۋى شۇكى، ئۇ بىر يىل جەرياندا بىر سورۇندا ئۇدا نۇتۇق سۆزلەپ كەلگەن بولسىمۇ، بىر قىلغان سۆزىنى ئىككىنچى تەكرارلىمىغان، ئەگەر شۇنداق بىر مەنىنى ئىپادىلەش توغرا كەلسە، باشقا بىر ئىبارە بىلەن ئېيتقان ئىدى. پادىشانىڭ يېقىنلىرى ئۇچۇن زورۇر بولغان ياخشى سۇپەتلەرنىڭ بىرى مانا مۇشۇ.

سۆزۈڭ دىلنى بەنت قىلسا شىرىن بولۇپ،
ھەمە تەھسىن ئېيتسا ئۇنى ياقتۇرۇپ.
بىر ئېيتقان سۆزۈڭنى ئىككىنچى دىمە،
يېتەر بىر قېتىم. ھالۋىنى كوپ يىمە.

① سەھبان ۋائىل — مەشھۇر ئەرەپ ناتىقى (7-ئەسىر)؛ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە ئۇ ئەڭ پاساھەتلىك شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل نۇتقى خەلق ئىچىدە ماقال-تەمسىلگە ئايلىنىپ كەتكەن.

## ھېكايەت (7)

ئاڭلىشىمچە، بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەن:
"كىشى ھەرگىز ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئېقرار قىلمايدۇ، پەقەت شۇ كىشىكى، بىرسى سۆزلەۋاتقان چاغدا، سۆز تۈگىمەي تۇرۇپلا سۆز باشلىسا، بۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆز نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى!"

بولۇر سۆزنىڭ، ئەلۋەتتە، باش-ئاخىرى،
سۆز ئاچما پەقەت سۆزلىگەندە بىرى.
ئەقىل، ئەس-ھوشى بار، پاراسەتلىك ئەر،
سۆز ئاچماس جىمىققانىنى كۆرمەس ئەگەر.

## ھېكايەت (8)

مەھمۇدنىڭ① بىرنەچچە قۇلى ھەسەن مەيمەندىدىن② سورىدى: "بۈگۈن سۇلتان پالان ئىش توغرىلىق ساڭا نېمە دېدى؟" ئۇ دېدى: "نېمە دېگەنلىكى سىلەرگىمۇ مەلۇم بولماي قالماس." ئۇلار دېدى: "ساڭا دەيدىغان گەپنى بىزدەك ئادەملەرگە ئېيتىشنى راۋا كۆرمەيدۇ!" ھەسەن دېدى: "شۇ سەۋەپتىن ئۇ ماڭا ئىشىنىدۇكى، مېنىڭ ھېچكىمگە ئېيتمايدىغانلىقىمنى بىلىدۇ-دە! ئۇنداق بولغاندىن كېيىن سوراپ نېمە قىلىسىلەر؟"

① مەھمۇد — سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى.
② ھەسەن مەيمەندى — سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ۋەزىرى.



ئىش بىلەرمەن ھەممە سۆزنى باشقىلارغا سۆزلىمەس،
شاھ سىرىنى پاش قىلىپ، باش كەتكۈزۈش لايىق ئەمەس.

## ھېكايەت (9)

مەن بىر ئۆينى سېتىۋېلىش توغرىلىق سودىلىشىپ، ئىككىلىنىپ تۇرغان ئىدىم. بىر جوھۇت مۇنداق دېدى: "مەن مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئۆي ئىگىلىرىدىن بىرى بولىمەن. بۇ ئۆينىڭ قانچىلىك ياخشىلىقىنى مەندىن سورا. سېتىۋال، ھېچ ئەيىبى يوق!"
مەن دېدىم: "ئۇنىڭدىن باشقا شۇ يېرى باركى، سەن خوشنا-دە!"

سېنىڭدەك خوشنىسى بولغان بىر ئۆينىڭ
باھاسى يېتەر ئون سۇرمەل تەڭگىگە.
ۋە لېكىن كېرەكتۇر ئۈمىتۋار بولۇش،
سەن ئۆلسەڭ ئەرزىيدۇ تۈمەن تەڭگىگە.

## ھېكايەت (10)

بىر شائىر قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئالدىغا بېرىپ بىر قەسىدە ئوقۇغان ئىدى. ئۇ ئادەملىرىگە شائىرنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇۋېلىپ، يېزىدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلدى. بىچارە شائىر سوغاقتا يالىڭاچ كەتتى. ئارقىسىغا ئىتلار چۇشۇپ قاۋاشتى، ئۇ، يەردىن تاش ئېلىپ، ئىتنى قاچۇراي دېسە، يەرنى مۇز قاپلىغان ئىدى. ھېچنېمە

قىلالمىدى-دە. دېدى: "نېمە دېگەن رەزىل ھارامزادە ئادەملەر بۇ! ئىتلىرىنى قويۇۋېتىپ، تاشنى باغلاپ قويۇپتۇ!" قاراقچىلارنىڭ باشلىقى دەرىزىدىن قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئىشىتكەچ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە. دېدى: "ئەي دانىشمەن، مەندىن نېمىنى سورىساڭ سورا!" شائىر دېدى: "ئۆز چاپىنىمنى سورايمەن، ئەگەر بەرگۈڭ كەلسە. 'سېنىڭ ئىنئامىڭنى ئالغاندىن كورە كەتكىنىمىزگە رازىمىز.'"①

باشقىلاردىن ياخشىلىقنى كۈتىدۇ ئىنسان ھامان،
ياخشىلىق كۈتمەي سېنىڭدىن، سالمىغىن سەنمۇ زىيان."

قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، كىيىمىنى قايتۇرۇپ بەردى، يەنە بىر جۇۋا ۋە بىرنەچچە تەڭگە پۇلمۇ قوشۇپ بەردى.

## ھېكايەت (11)

بىر مۇنەججىم② ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قارىسا، بىر بىگانە ئەر كىشى خوتۇنىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. مۇنەججىم ئۇنى قاتتىق تىللاپ دەشنام-ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى. ئۆيدە قىيا-چىيا، جاڭجال كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغان بىر پاكدىل كىشى مۇنداق دېدى:

① بۇ بىر جۈملە سۆز ئەرەبچە ئېيتىلغان.
② مۇنەججىم — ئاسترولوگ، يۇلتۇزشۇناس.



"بىلمىسەك ئۆيۈڭدە تۇرغان زادى كىم؟
ئاسماندىكى ئەھۋالنى بىلەمسەن ھەكىم؟"

## ھېكايەت (12)

ئاۋازى سەت بىر خېتىپ① ئۆزىنى خۇش ئاۋاز دەپ ئويلاپ، بىھۇدە ۋاقىراپ-جاقىرايتتى. سەن (ئۇنى ئاڭلىغاندا) ئۇنىڭ ئاۋاز پەردىسىدە پىراق قاغىسىنىڭ② قاقىلدىشى بار ئىكەن، ياكى "تەھقىق ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئېشەكنىڭ ئاۋازىدۇر"③ دېگەن ئايەت ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتىلغان بولسا كېرەك، دېگەن بولاتتىڭ.

خېتىپ ئەبۇلفاۋارىس④ ھاڭگۇدىسا قاچان،
پارىس ئىستەخرىنى⑤ قىلدۇ ۋەيران.

يېزا كىشىلىرى بۇ سەت ئاۋازنىڭ ئازاۋىنى تارتىمىمۇ، خېتىپنىڭ ئورۇن-مەرتىۋىسىنى ئاياپ، رەنجىتىشىنى مۇناسىپ كورمەيتتى. شۇ

① خېتىپ — جۈمە نامىزىدا خۇتبە ئوقۇيدىغان خېتىپ ئاخۇنۇم.
② پىراق قاغىسى — توقۇناق قاغا ياكى ئالا قاغا. بۇ قاغا سەت قاقىلدايدىغان بولۇپ، پىراق-ھىجراننى چىللار ئىمىش.
③ قۇرئان، 31-سۇرە، 19-ئايەت.
④ ئەبۇلفاۋارىس — "ئاتلارنىڭ ئاتىسى" دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەرەپلەر ئېشەككە ئاشۇنداق لەقەم قويغان.
⑤ ئىستەخر — قەدىمقى پارىس مەملىكىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تاشتىن ياسالغان سېپىل-قەلئەلىرى بىلەن مەشھۇر.

مەملىكەتنىڭ خېتىپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ئاداۋەت تۇتۇپ يۈرەتتى. بۇ ئادەم بىركۈنى ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە: "سىنى چۈشەپ قاپتىمەن، خەيرلىك بولسۇن!" دېدى. "قانداق چۈش كوردۈڭ؟" دەپ سورىدى خېتىپ. ئۇ كىشى دېدى: "قارىسام، سەن خۇش ئاۋازىمىشسەن، نەپەسلىرىڭدىن كىشىلەر راھەتلىنىۋاتقانمىش!"

خېتىپ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن دېدى: "مۇبارەك چۈش كورۈپسەن، چۈنكى مېنى ئوز كەمچىلىكىمدىن ۋاقىپ قىلدىڭ. مەلۇم بولدىكى، ئاۋازىم يېقىمسىز ئىكەن، مېنىڭ ۋاقىراپ-جاقىراپ ئوقۇغان خۇتبەمدىن خەلق ئازاپلىنىۋېتىپتۇ. توۋا قىلدىم، مۇندىن كېيىن خۇتبە ئوقۇمايمەن، ئوقۇسام ئاستا ئوقۇيمەن!"

دوستۇم سوھبىتىدىن خاپىمەن ھامان،
ناچار خۇيلىرىمنى بەلەن كورسىتەر.
ئەيىبىمنى ئارتۇقلۇق، كامالەت كورۈپ،
تىكىنىمنى بىرگۈل، ياسمەن كورسىتەر.
نەدىدۇ ئۇياتسىز، قىزىل كوز دۈشمەن؟
ئۇ بولسا ئەيىبىمنى روشەن كورسىتەر!

## ھىكايەت (13)

بىر ئادەم سەنجار مىچىتىدە① ئوزلۈگىدىن ئەزان ئېيتاتتى،

① سەنجار مىچىتى — مىسوپوتامىيەنىڭ سەنجار شەھىرىدە سۇلتان سەنجار (پادىشالىق دەۋرى 1118 — 1157 - يىللار) تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان مىچىت.



ئەمما شۇنداق يېقىمسىز ئېيتاتتىكى، ئىشتىكۈچىلەردە يىرگىنىش پەيدا قىلاتتى. مىچىتنىڭ ئىگىسى ئادىل، ئالىجاناپ بىر ئەمىر① بولغاچقا، ئۇنىڭ كوڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمايتتى. ئەمىر دېدى: "ئەي ئالىجاناپ كىشى، بۇ مىچىتنىڭ بۇرۇنقى ئوز مۇئەززىنلىرى بار، ھەر بىرىگە (ئېيىغا) بەش دىنار تەمىنات بېرىشنى بېكىتكەنمەن. ئەگەر سەن باشقا جايغا كەتسەڭ، ساڭا ئون دىنار بېرەتتىم!"

سوز شۇنىڭغا توختالدى-دە، ئۇ كەتتى. بىرنەچچە زامان ئوتكەندىن كېيىن ئۇ ئەمىرنى يولدا ئۇچرىتىپ، دېدى: "ئەي تەقسىر، سەن مېنى بۇ يۇرتتىن ئون دىنار بىلەن يولغا سېلىپ ئۇۋال قىلىپسەن، چۈنكى بارغان يېرىمدە كىشىلەر باشقا يەرگە كەتسەڭ يىگىرمە دىنار بېرىمىز دېيىشىۋاتىدۇ، ئەمما مەن ئۇنىمايۋاتىمەن."

ئەمىر كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى-دە: "ھەرگىز ئالما، ئەللىك دىنار بېرىشكىمۇ رازى بولۇشىدۇ!" دېدى.

تاش يۈزىدىن لاينى قىرماس ھېچكىشى كۈرجەك بىلەن،
شۇ قوپال ئاۋاز بىلەن قىرغان كەبى يۈرەكنى سەن.

## ھىكايەت (14)

ئاۋازى يېقىمسىز بىركىشى قۇرئاننى يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇيتتى. بىر پاكدىل كىشى يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ سورىدى: "سىنىڭ ئايلىقىڭ قانچە؟" ئۇ كىشى دېدى: "ئايلىقىم يوق." پاكدىل

① ئەمىر — ھەربى باشلىق، ياكى بەگ-ھاكىم مەنىسىدە.

كىشى دېدى: "ئۇنداق بولسا ئىمىشقا ئۆزەڭنى مۇنچىلىك جاپاغا سالىسەن؟" "خۇدا يولىدا ئوقۇيمەن!" دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ. پاكدىل كىشى دېدى: "خۇدا يولىدا ئوقۇمىغىن."

ئوقۇساڭ بۇ رەۋىشتە قۇرئاننى،
يوقىسەن مۇسۇلمانلىق شەرەپ-شاننى.



بەشىنچى باپ

# ئىشق ۋە ياشلىق توغرىسىدا

## ھېكايەت (1)

ھەسەن مەيمەندىدىن (كىشىلەر) سوراشتى: "سۇلتان مەھمۇدنىڭ شۇنچە كوپ ساھىپجامال قۇللىرى باركى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى جاھاننىڭ سەرخىل گۈزىلى ھېساپلىنىدۇ. ئەمما نىمىشقىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە ئايازغا① قويغانچىلىك مەيلى-مۇھەببەت قويمايدۇ؟"

ھەسەن دېدى: "نىمىگە كوڭلى چۈشسە، كوزگە شۇ چىرايلىق كورۇنىدۇ!"

كىمكى سۇلتاننىڭ بولسا مۇرىدى،
يامان ئىش قىلسىمۇ كورۇنەر ئوبدان.
مۇبادا قوغلانسا شاھنىڭ ئالدىدىن
ئۆزىنى تارتىدۇ ھەتتاكى تۇققان.

*　　*　　*

كىمكى قارىسا يامان نەزەردە،
يۇسۇپنىڭ② رەڭگىمۇ كورۇنىدۇ سەت.

---

① ئاياز — سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ياخشى كورىدىغان قۇلى.

② يۇسۇپ — يۇسۇپ پەيغەمبەر.

دىۋىگە قارىسا ياخشى كوز بىلەن
كورۇنگەي كوزىگە پەرىشتە سۈپەت.

## ھىكايەت (2)

ئېيتىلىشىچە، بىر غوجىنىڭ غايەت گۈزەل بىر قۇلى بار ئىكەن، غوجا ئۇنىڭغا مېھرى-مۇھەببەت بىلەن قارايدىكەن. (بىركۈنى) دوستلىرىدىن بىرىگە دەپتۇ: "ھەي دەرىغ! مېنىڭ بۇ قۇلۇم شۇ قەدەر ھوسۇن-كامالىتىگە يارىشا ئۇزۇن ئېغىز، بىئەدەپ بولمىسىچۇ!" دوستى ئېيتىپتۇ: "ھەي بۇرادەر، سەن ئۇنىڭ ئىشقىنى ئىقرار قىلغان ئىكەنسەن، ئۇنىڭدىن خىزمەت قىلىشىنى كۈتمە، چۈنكى ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن غوجا، قۇل مۇناسىۋىتى كوتىرىلىپ كېتىدۇ!"

پەرى يۈز قۇل بىلەن غوجىسى ئەگەر
قىزىتسا ئىشقىدىن كۈلكە ھەم ئويۇن،
تاڭ قالما، ئۇ ھوكۇم قىلسا غوجىدەك،
بۇ سۇنسا قۇلنىڭ نازىنغا بويۇن.

* * *

سۇ توشۇش، خىش قويۇش قۇللارنىڭ ئىشى،
ئەمما نازىنىن قۇل بولۇر مۇشتلاشچى.



## ھىكايەت (3)

بىر تەقۋادارنى كورگەن ئىدىم، ئۇ بىر شەخسنىڭ مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولغانلىقتىن، ھېچبىر سەۋر-تاقەت قىلالمايتتى. تىلمۇ گەپكە كەلمەيتتى. ئۇ شۇنچە تەنە سوزلەرنى ئاڭلىسىمۇ، شۇنچە ئازاپ چەكسىمۇ، باللارچە ئىشق-مۇھەببەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:

"ئىتىگىدىن قولۇمنى تارتمايمەن،
شەمشەر ئۇرساڭ ئۇر، كوكسۇم ئاچىمەن.
يوق سەندىن باشقا ھېچبىر پاناھىم،
مۇبادا قاچسام، ساڭا قاچىمەن!"

بىر كۈنى ئۇنى تاپا-تەنە قىلىپ مۇنداق دىدىم: "سېنىڭ ئوتكۈر ئەقلىڭ نىمە بولدى، نىمە ئۈچۈن پەس نەپسىڭ غالىپ كەلدى؟"

ئۇ بىر دەم ئويغا چومۇپ مۇنداق دىدى:

"قەيەرگە كىلەركەن ئىشقىنىڭ سۇلتانى،
كۈچ-قۇۋۋەتتە تەقۋاغا قالمىغاي ئورۇن.
بۇلانسا پاتقاقتا ياقىسىغىچە،
بىچارە قانداقمۇ پاك يۈرەلىسۇن؟"

## ھېكايەت (4)

ئېسىمدىكى، بىر كېچىسى بىر ئەزىز دوستۇم ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم-دە، يېڭىم تېگىپ كېتىپ، چىراغ ئۆچۈپ قالدى.

يورۇتتى ئۇ زۇلمەتنى شۇيلا چېچىپ بۇ سائەت،
ھەيرانمەنكى بەختىمدىن، نەدىن كەلدى بۇ دولەت؟

ئۇ ئولتۇرۇپ كايىپ كەتتى: "مېنى كۆرۈش بىلەنلا چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويدۇڭ، بۇنىڭ مەنىسى نىمە؟" مەن دىدىم: "بۇنىڭ ئىككى مەنىسى بار: بىرىنچىسى، ماڭا ئاپتاپ چىققاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئىككىنچىسى، مۇنۇ بېيىت ئېسىمگە كېلىپ قالدى:

يېقىمسىز مەنمەنچى چىراغنى توسسا،
قوپ، ئۇنى سورۇندا دەرھاللا ئولتۇر.
كەلسە گەر شېرىن لەب، كۆلكىسى شېرىن،
بىلەكتىن قولتۇغلا، چىراغنى ئۆچۈر!"

## ھېكايەت (5)

بىر كىشى ئۇزاق ۋاقىت كۆرمىگەن بىر دوستىغا مۇنداق دىدى: "نەدە يۈردۈڭ؟ سېنى كۆرۈشكە بەكمۇ تەشنا بولدۇم!"



ئۇ دىدى: "زېرىككەندىن تەشنا بولغان ياخشىراق!"

كېچىكىپ كەلدىڭ ئەي بىپەرۋا مەسخۇش نىگارىم،
ئىتتىگىنى تېز قويۇشقا يوقتۇر قارارىم.

كىمكى كورسە جانانىنى كەمدىن-كەم شۇنچە،
ھىچ بولمىسا كورۈۋالسۇن كوڭلى قانغۇنچە.

ھېكمەت: ئەگەر يار ئۆز دوستلىرى بىلەن كەلسە جاپا قىلىش ئۇچۇن كەلگەندۇر، بۇنىڭ سەۋىۋى شۇكى، بۇنداق ئۇچرىشىش رەشك ۋە ھەسەتتىن خالى بولمايدۇ.

مېنى كورۇشكە كەلسەڭ دوستلىرىڭ بىلەن بىللە،
خوپ بولۇشقا كەلسەڭمۇ، لېكىن سوقۇشقۇچىسەن!

* * *

بىر نەپەس غەيرى بىلەن بولسا يار،
بىر كۇنلەش مېنى قىلغاي ۋەيرانە.

ئۇ كۇلۇپ دىدى:

ئەي سەئدى، بەزمەمنىڭ چىراغىسەن،
نە قىلاي كويۇپ ئولسە پەرۋانە.

## ھىكايەت (6)

ئېسىمدە، ئۆتكەن كۈنلەردە بىر دوستۇم بىلەن مەن بادامنىڭ قوشماق مېغىزىدەك بىللە ئۆتۈشكەن ئىدۇق. تۇيۇقسىز (سەپەر تۈپەيلى) ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ قايتىپ كېلىپ: "شۇ مۇددەت ئىچىدە سەن ماڭا بىرەر خەۋەرچى ئەۋەتمىدىڭ!" دەپ ماڭا كايىشقا باشلىدى. مەن دېدىم: "رەشكىم كەلدى. چۈنكى سېنىڭ جامالىڭ بىلەن خەۋەرچىنىڭ كۆزى نۇرلانسا، مەن ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولمەن!"

ئەي قەدىناس، توۋا قىل دەپ قىستىما سەن سوز بىلەن،
توۋا قىلماسمەن بېشىمغا كەلسىمۇ ھەتتا قىلىچ.
رەشك قىلارمەن باقسا بىرسى قامىتىڭگە تويغىچە،
قايتا ئېيتايكى، كىشى باققان بىلەن تويمايدۇ ھېچ.

## ھىكايەت (7)

بىر ئالىم كىشىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇ بىرسىنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، سىرى پەردىنىڭ تېشىغا چىقىپ كېتىپ قالغان ئىدى، ئۇ نۇرغۇن جەۋرى-جاپا چېكەتتى ۋە ئىنتايىن سەۋر قىلاتتى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا دوستانىلىق بىلەن شۇنداق دېدىم: "بىلىپ تۇرۇۋېتىمەنكى، سېنىڭ بۇ شەخسكە بولغان دوستلۇقۇڭدا ھېچقانداق ئەدەپسىزلىك يوق ۋە مۇھەببىتىڭدە پەس عەرەز كۆزلەنمىگەن،



لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزەڭنى گۇمان ئاستىغا قويۇپ، بىئەدەپلەرنىڭ جەۋرىنى تارتىشىڭ ئالىملارنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىگە لايىق ئەمەس!"

ئۇ دېدى: "دوستۇم، تاپا-تەنە قولىنى مېنىڭ قىسمىتىمنىڭ ئېتىكىدىن تارتتۇال، سېنىڭ مەسلىھەتلىرىڭنىمۇ نەچچە قېتىم ئويلاپ كۆرگەنمەن، ئەمما ئۇنى كۆرمەسلىكتىن تارتقان جاپايىمغا سەۋر قىلىشتىن مۇشۇ جاپاغا چىداش ماڭا ئاسانىراق چۈشىدۇ. دانالار ئېيتقانكى، كۆزنى يار جامالىنى كۆرۈشتىن تارتىۋېلىشتىن كۆرە كۆڭۈلنى جاپاغا سېلىش ئوڭايىراق چۈشىدۇ!"

كىمگە يارسىز كۈن ئۆتكۈزۈش مۇشكۈل،
گەر جاپا قىلسا چىداش كېرەك پۈتكۈل.
بىر كۈنى دېدىم: "رەھىم قىل زىنھار!"
نەچچە كۈن ئۆتكەچ ئېيتتىم ئىستىغفار.
دوستىدىن دوست تىلىمەس شەپقەت،
دىلىنى تاپشۇردۇم يارغىلا پەقەت.
يا لۇتۇپ ئېتىپ چىللىسۇن، مەيلى،
يا غەزەپتىن قوغلىسۇن، مەيلى.

## ھىكايەت (8)

ياشلىقىمنىڭ نەۋ باھارىدا (بۇنداق ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن) بىر مەھبۇپ بىلەن يوشۇرۇن باردى-كەلدى قىلىشقان ئىدىم، چۈنكى ئۇ خۇش ئاۋاز، سۇرىتى تولۇن ئايدەك

ئىدى.

ئۇنىڭ يۇمران مويلىرى گويا ئىچكەن ئابىھايات،
شەكەر لېۋىگە باقسۇن، كىمكى يەي دېسە ناۋات.

مەن ناسادىيىلا ئۇنىڭ تەبەسسۇمىگە توغرا كەلمەيدىغان بىر قىلىقنى سېزىپ قالدىم. بۇ قىلىقى ماڭا ياقمىدى. ئىشىكىمنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالدىم ۋە شىشخالنى يىغىۋالدىم.① مەن ئۇنىڭغا دېدىم:

"كەت، يولۇڭ بولسۇن، نېمە قىلساڭ قىل،
بىرگە يوق خۇشتۇڭ، ئۆزەڭنى ئەلا بىل."

ئۇنىڭ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

"شەپەرەڭ مۇبادا ئاپتاپنى سۆيمەس،
ئاپتاپنىڭ شولىسى زەررە كېمەيمەس."

ئۇ شۇ سۆزنى دېدى-دە، كېتىپ قالدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ماڭا تەسىر قىلدى.

ئەمما خۇداغا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق بولسۇنكى، ئۇ بىر نەچچە

① شىشخالنى يىغىۋالدىم — شىشخال ئويناشنى توختاتتىم، يەنى ئالاقەمنى ئۈزدۈم.



ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ داۋۇدنىڭكىدەك ئاۋازى① ئۆزگەرگەن، يۈسۈپنىڭكىدەك جامالى كۆركەملىكىنى يوقاتقان، ئالمىدەك ئېڭىكىنى بېھىدەك توپا باسقان، ھۆسنى بازارى كاساتلاشقان ئىدى. ئۇ مېنى قۇچاقلارمىكىن دەپ ئۈمىت كۈتكەن ئىدى، ئەمما مەن ئۆزەمنى چەتكە تارتىپ مۇنداق دېدىم:

"ھۆسنۈڭنىڭ گۈلزارى مايسا بولغان كۈن،
نەزەر سالغۇچىڭنى كۆزدىن قوغلىدىڭ.
بۈگۈن گۈلزارىڭنى يانتاق باسقاندا،
يارىشىشنى كۆزلەپ مېنى يوقلىدىڭ."

* * *

نەۋباھار، ياپرىقىڭ سارغايدى، سولدى.
قويما قازىنىڭنى، ئۆتمىز سۇندى.
قاچانغىچە نازلىنىپ كورەڭلەيسەن،
ئۆتكەنكى دۆلىتىڭنى ئەسلەيسەن؟
بارغىن سەن، ئالدىڭغا تەلەپكار بولسا،
نازلانغىن ئەكسىلەپ، خېرىدار بولسا.

* * *

باغدا مايسىزارنى كۆكۈللۈك دەيدۇ،
بۇ سۆزنى ئېيتقانلار ئوبدان بىلىدۇ.
يەنى گۈزەللەرنىڭ يۈزى خەت تارتسا،

① داۋۇدنىڭكىدەك ئاۋازى — داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ سازىدەك يېقىملىق ئاۋازى.

ئاشىق دىلى شۇنچە مەپتۇن بولىدۇ.
بوستانىڭ بولغاندا سامساق-پىيازلىق،
ئۆزگەنسىرى ئۇنى كوپرەك كوكلەيدۇ.

* * *

سەۋر ئەيلە ۋە يا يۇل ئوكۇنۇپ چاچ-ساقىلىڭنى،
ھوسنۇڭگە كىيىل كۆنلەر ئۆتۈپ، پۈتكەي بۇ دولەت.
تۈتقان كەبى سەن ئۆز ساقىلىڭ، تۇتسام بۇ جانىنى،
قولدىن چىقىرىپ قويماس ئىدىم تاكى قىيامەت.

* * *

سوئال بېرىپ ئېيتتىم (ئاگا): "نىمە بولدى جامالىڭغا،
چۈمۈلىلەر ئولاشقانمۇ تولۇن ئاينىڭ ئەتراپىغا؟"
جاۋاپ بەردى: "بىلمەيمەنكى، نىمە بولغان مېنىڭ يۈزۈم؟
بەلكىم، بۈگۈن ھوسنۇم ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ كىيگەن قارا!"

## ھېكايەت (9)

باغداتلىق بىر ئەرەپتىن (كىشىلەر) سوراپتۇ: "ياشلار ھەققىدە قانداق پىكىردە سەن؟" ئۇ ئېيتىپتۇ: "ئۇلاردا ياخشىلىق يوق، كوركەم چاغلىرىدا توڭلۇق قىلىدۇ، ئەمما ئۆزى قوپاللاشقاندا مۇلايىملىششقا باشلايدۇ!" — يەنى گۈزەل، يېقىملىق چاغلىرىدا رەھىمسىزلىك، قوپاللىق قىلىدۇ، ئەمما چىرايى كېتىپ سەتلىششكە باشلىغاندا مۇلايىملىشىپ دوستلۇق كورسىتىدۇ.

ئوسمۇر شېرىن، گۈزەل چاغدا



تىلى ئاچچىق، خۇيى يامان بولىدۇ.
سەتلىشىپ ئۇ، ساقال باسقاندا،
سۆركىلىپ خەققە، مېھرىۋان بولىدۇ.

## ھېكايەت (10)

بىر ئالىمدىن (كىشىلەر) سوراپتۇ: "ئەگەر كىشى بىر ئاي يۈزلۈك بىلەن خالى جايدا ئولتۇرسا، ئىشىك تاقاقلىق بولسا، رەقىپلىرى ئۇخلىغان بولسا، تۇيغۇسى قوزغىلىپ، نەپسى تاقىلداپ كەتسە، قىسقىسى، ئەرەپلەر ئېيتقاندەك، 'خورما پىشسا، باغۋەننىڭ كارى بولمىسا'، ئۇ ئادەم ئۆزىنى تارتىپ، ساقلىنىپ قالالامدۇ؟"

ئالىم ئېيتىپتۇ: "ئاي يۈزلۈكتىن ساقلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ، غەيۋەتچىلەرنىڭ يامان تىللىرىدىن ساقلىنالمايدۇ!"

ئادەم ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشتىن ساقلانسىمۇ، رەقىپلىرىنىڭ يامان غەرەزلىرىدىن ساقلىنالمايدۇ.

* * *

كىشى ئۆز ئىشىنى جوندەيدۇ ئوبدان،
لېكىن يوق يات تىلنى باغلاشقا ئىمكان.

## ھېكايەت (11)

بىر تۇتى قۇشنى قاغا بىلەن بىر قەپەزگە سولاپ قويغان ئىكەن. تۇتى قاغىنىڭ يېقىمسىز كورۈنۈشىدىن يىرگىنىپ شۇنداق دەپتۇ: "بۇنىڭ تەلەتى نىمە دىگەن سەت، قىياپىتى نىمە دىگەن خۇنۈك،

تۇرقى نىمە دېگەن يېرگىنىشلىك، قىلىقى نىمە دېگەن ئەسكى! ھەي جۇدالىق قاغىسى، كاشكى ئارىمىز ئىككى مەشرىق ئارىلىقىدەك① يىراق بولۇپ قالسىچۇ!

كىم تۇرۇپ سەھەردە يۈزۈڭگە باقسا،
بەختلىك سەھىرى ئايلىنار شامغا.②
ئۆلپەتكە ئۆزەڭدەك بىتەلەي كېرەك،
ۋە لېكىن سەن كەبى بارمۇ دۇنيادا؟“

شۇنىسى قىزىقكى، قاغىمۇ تۇتى بىلەن بىللە بولۇپ قالغانلىقىغا جېنىدىن بىزار بولۇپ، خاپىچىلىقتا قالغان. ”لاھەۋلە“③ ئوقۇپ، پەلەكنىڭ تەتۈر چوگىلىشىدىن نالىغان ۋە مەيۈسلۈك قولىنى بىر بىرىگە سۈركەپ مۇنداق دېگەن: ”بۇ نىمە دېگەن شور پىشانىلىك، نىمە دېگەن تەلىيى پەسلىك، نىمە دېگەن تۇراقسىز كۆنلەر! مەن باشقا قاغىلار بىلەن بىللە باغنىڭ تاملىرىدا سولەت بىلەن يۈرگەن بولسام، ئۆزەمنىڭ قەدرى-قىممىتىگە لايىق بىر ئىش بولاتتى!

مەيپەرەسلەر بىلەن ئولتۇرغان ماكان
تەقۋادار سوپىغا بولىدۇ زىندان.

① ئىككى مەشرىق ئارىلىقىدەك — ئىككى كۆنلۈك يول ئۇزۇنلۇقىدا.
② شام — كېچە مەنىسىدە.
③ ”لاھەۋلە“ — بۇ يەردە ”خۇدا مېنى قۇتقازغىن!“ دېگەن مەنىدە.



مەن نىمە گۇنا قىلغاندىمەن، ئۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن تەقدىر مېنى ئاشۇنداق بىر مەنىمەنچى ئەخمەق، ۋالاقتەككۇر نائەھلىنىڭ سوھبىتىگە كىرگۈزۈپ قويۇپ، مۇشۇنداق بالا-قازا زەنجىرىگە گىرىپتار قىلدى!

سۈرىتىڭ بولسا، تامنىڭ قېشىغا
ھىچ كىشى كەلمەي، ئارقىغا يانار.
جەننەتتە بولسا گەر تۇرار جايىڭ،
كىشى دوزاقنى قىلار ئىختىيار.“

بۇ مەسەلنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، دانالار نادانىدىن نەپرەتلەنسە. نادانلار دانادىن يۈز ھەسسە يىرگىنىدۇ. بۇنى سەن بىلىپ قوي.

بىر زاھىت بولغانكەن مەيخورلار بىلەن،
ئېيتىپتۇ ئارىدىن بەلخلىك① بەرنا:
زېرىكسەڭ، ھومسىيىپ بۇندا ئولتۇرما،
سەن بولساڭ بىزگىمۇ يۈز ھەسسە جاپا.

* * *

گۈل بىلەن لالىدەك بولغان ئىدۇق جەم،
ئارىمىزدا بولدۇڭ قاخشالدەك سەن ھەم.
ئوخشايسەن قۇيۇنغا، ئاچچىق سوغاققا،
قاركەبى يېپىشىپ، مۇز تۇتتۇڭ مەھكەم.

① بەلخ — ئافغانىستاندىكى بىر شەھەر.

## ھېكايەت (12)

مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە يىل سەپەردە بىللە بولغان، نان-تۇزنى تەڭ يېگەن ئىدۇق ۋە ئارىمىزدا چەكسىز دوستلۇق ئورنىتىلغان ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئازغىنا مەنپەئەت سەۋەبى بىلەن كۆڭلۈمنى رەنجىتىشنى راۋا كۆرگەنلىكتىن، دوستلۇغىمىز ئاخىرلاشتى. شۇنىڭغا قارىماستىن، ھەر ئىككىمىزدە سەمىمى مۇھەببەت ساقلىنىپ قالدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ مېنىڭ شېئىرلىرىمدىن تۆۋەندىكى ئىككى بېيىتنى بىر ئولتۇرۇشتا ئوقۇغانلىغىنى ئاڭلىدىم:

> كېرىپ كەلسە يارىم كۈلۈپ، ئېچىلىپ،
> دىلدىكى يارامغا تۇز سېپەر يېگى.
> ئاھ، زۇلپى قولۇمغا چۈشسە نە بولغاي؟
> يەتكەندەك مىسكىنگە سېخىلەر يېگى!①

بىر بولۇك دوستلىرىم بۇ شېئىرىمنىڭ نەپىسلىگىگە (ياق، ئۇزلىرىنىڭ ئالىجاناپلىغىغا!) گۇۋالىق بېرىپ، ماڭا ئاپىرىن ئوقۇشقان. جۈملىدىن ئۇمۇ ماختاشقا تىرىشىپ، بۇرۇنقى دوستلۇغىمىزنىڭ يوقالغانلىغىغا ئەپسۇس-پۇشايمان يېگەن ۋە ئۆز خاتالىغىنى ئېتىراپ قىلغان. مەن ئۇنىڭ تەرىپىدىنمۇ ئىنتىلىش بارلىغىنى ئۇققاندىن كېيىن مۇنۇ بېيىتلەرنى ئەۋەتىپ، يارىشىپ قالدۇق:

---

① يېگى — بۇ يەردە يەڭ مەنىسىدە.



> ئارىمىزدا بولمىغانمۇ ئەھدى-ۋاپا؟
> بىزگە جاپا سالدىڭ، بۇزۇپ ئەھدىڭنى سەن.
> ئەل-جاھاندىن كېچىپ ساڭا كوڭۇل بەرسەم،
> بىلمەيمەنكى، تېزلا بۇزدۇڭ چېھرىڭنى سەن.
> ياراشماققا مەيلىڭ بولسا قايتىپ كېلىپ،
> مەھبۇپ بولغىن، باغلاپ يەنە مېھرىڭنى سەن.

## ھېكايەت (13)

بىر كىشىنىڭ ساھىپجامال ياش ئايىلى ۋاپات قىلىپ، قېرىپ كەتكەن قەيىنئانىسى ئاشۇ ئايالىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى سەۋەبى بىلەن بۇ ئويدە تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇ كىشى موماي بىلەن پاراڭلىشىشتىن بەكمۇ ئازاپلىناتتى، ئەمما بىللە تۇرۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تاپالمايتتى. بىر كۈنى بىر توپ ئاغىنىلىرى ئۇنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى، ئارىدىن بىرسى سورىدى: ”سەن سويۇملۇك يارىڭدىن ئايرىلىپ، قانداق كۈن كەچۈرۈۋاتقانسەن؟“

ئۇ كىشى دېدى: ”ئايىلىمنى كورمەسلىك قەيىنئانامنى كورۇپ تۇرۇشتىن ئېغىر چۈشمىدى!“

> گۈل توزۇپ، تىكىنى ئامان قالدى،
> غەزىنە تۈگىدى، يىلان قالدى.
> قىلماقلىق نەيزىگە كوزنى پىدا
> دۈشمەن يۈزىنى كورۇشتىن ئەلا.

يۈز دوستتىن ئالاقىنى ئۈزسەڭ ئۈز،
چۈشمەسۇن دىسەڭ دۈشمەننىڭگە كوز.

## ھىكايەت (14)

ئېسىمدىكى، ياشلىق كۈنلىرىمدە بىر ئاي يۈزلۈكنىڭ دىدارىغا نەزەر سېلىش ئۈچۈن بىر كوچىنى ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بۇ تومۇز ئېيى بولۇپ، ئىسسىقى ئاغزىمنى قۇرۇتاتتى، قۇرغاق شاملى ئۇستىخانلىرىمنىڭ يىلىكىنى قاينىتاتتى. مەن ئىنسانغا خاس ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن ئاپتاپنىڭ كويدۇرۇشىغا تاقەت قىلالماي، بىر تامنىڭ سايىسىغا ئۆزەمنى ئاتتىم، بىرسى تومۇزنىڭ ھارارىتىنى سوغاق سۇ بىلەن بېسىلدۇرارمىكىن دىگەن ئۈمىتتە ئىدىم.

تۇيۇقسىز بىر ئۆينىڭ قاراڭغۇ دەھلىزىدىن نۇر چاقنىغاندەك بولدى، يەنى پاساھەتلىك تىل گۈزەللىكىنى بايان قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان بىر ساھىپجامال، گويا قاراڭغۇ كېچە تاڭ ئاتقاندەك، ياكى زۇلۇماتتىن ئابىھايات چىققاندەك پەيدا بولدى. قولىدا بىر كاسا شېكەر بىلەن شەرۋەت ئارىلاشتۇرۇلغان قار سۇيى بار ئىدى. گۇلاپ بىلەن خۇش بۇي قىلدىمىكىن ياكى جامالىنىڭ گۇلىدىن بىرنەچچە تامچە ئەترە تامدىمىكىن، بىلەلمىدىم. قىسقىسى، شەرۋەتنى ئۇنىڭ نازۇك قولىدىن ئالدىم-دە، ئىچتىم، ماڭا يېڭىدىن ھايات بەخش ئەتتى!

قانمىغاي تەشنالىقىم ساپ سۇ بىلەن،
گەرچە ئىچسەممۇ پۈتۈن دەرياني مەن.



*

*

*

دىلىغا سىغماس بەختىيارنىڭ شاتلىقى،
كوزى چۈشسە شۇ گۈزەلگە ھەر سەھەر.
مەيگە مەس بولسا تۇگەر تۈن نىسپىدە،
ساقىغا مەس بولسا مەھشەردە تۇگەر.

## ھىكايەت (15)

بىر يىلى مۇھەممەد خارەزىم-شاھ (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بىر مەسلىھەتنى كوزدە تۇتۇپ، خەتا بىلەن سۇلھى تۈزۈشنى[1] ئىختىيار قىلىپ قالدى. مەن قەشقەر جامەسىگە كىرگەن ئىدىم. بىر ئوغۇلنى كوردۇمكى، غايەت كېلىشكەن، ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، ئۇنىڭ مىسالىدا مۇنۇلار ئېيتىلىدۇ:

مۇئەللىمىڭ بار شوخلۇقنى، دىلبەرلىكنى ئۈگەتكەن،
جاپا، كايىش، ناز قىلىشنى، زومگەرلىكنى ئۈگەتكەن.
مەن ئادەمنى بۇ سۇرەتتە، بۇ قامەتتە، خۇلۇقتا
كورگىنىم يوق، بەلكىم پەرى بۇ ھۈنەرنى ئۈگەتكەن.

ئۇنىڭ قولىدا زەمەخشەرىنىڭ[2] «نەھۋى مۇقەددىمىسى» بولۇپ،

---

[1] مۇھەممەد خارەزىم شاھنىڭ 1210-يىلى كىدانلار بىلەن تۈزگەن سۇلھى كوزدە تۇتۇلسا كېرەك.

[2] زەمەخشەرى — مەشھۇر تىلچى ئالىم (1075 — 1144) ئەرەپ تىلى بويىچە نۇرغۇن كىتاپلارنىڭ ئاپتورى.

ئۇ ھە دەپ: "زەيد ئۇمەرنى ئۇردى،① پېئىل ئوتتۇملۇك بولۇپ، ھەرىكىتى ئۇمەرنىڭ ئۈستىدە" دەپ ئوقۇۋاتاتتى.

مەن دېدىم: "ئەي ئوغۇل، خارەزىم بىلەن خەتا سۇلھى تۈزۈشتى. ئەمما زەيد بىلەن ئۇمەرنىڭ ئاداۋىتى تېخىچە تۈگىمىدىمۇ؟"

ئۇ كۈلۈپ كەتتى-دە، تۇغۇلغان يېرىمنى سورىدى.

مەن: "شىراز تۇپرىقىدىن" دېدىم.

ئوغۇل دېدى: "سەئدى شېئىرلىرىدىن قايسىنى بىلىسىز؟"

مەن دېدىم:

مەن يولۇقتۇم بىر تىلچىغا،② ھۇجۇم قىلدى غەزەپتە
شۇ دەم گويا زەيد ئۇمەرگە جەڭدە قارشى تۇرغاندەك.
ئۇ تارتتى ئېتىگىنى، كوتەرمەستىن بېشىنى،
بەلكىم تارتقان ئېتىگىنى دەل شۇ كىشى بولغاندەك.③

ئۇ بىرئاز ۋاقىت ئويلاندى-دە، دېدى: "ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىزنىڭ دىيارىمىزدا پارس تىلىدا ئوقۇلىدۇ، ئەگەر پارسچە ئوقۇغان بولسىڭىز، چۈشىنىشكە ئاسانراق بولاتتى، چۈنكى، كىشىگە ئۇقۇمىغا قاراپ سۆزلىگىن، دېگەن ماقال بار."

---

① زەيد بىلەن ئۇمەر كىشى ئىسىملىرى بولۇپ، ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسىدا تولىمۇ كۆپ مىسالغا ئېلىنىپ كەلگەن.

② تىلچى — بۇ يەردە گىراماتىكا ئالىمى مەنىسىدە.

③ بۇ مىسرادا گىراماتىكا ئاتالغۇلىرى بويىچە تىل ئويۇنى ئىشلىتىلگەچكە، تەرجىمىدە دەل مەنىسىنى چىقىرىش مۇمكىن بولمىدى.



مەن دېدىم:

"تەبىئىتىڭ قىلسا ھەۋەس نەھۋىگە،
دىلىمىزدا ئورۇن يوقتۇر سەۋرىگە.
سەنكى ئاشىق كۆڭلىنى ئالدىڭ سەيد بىلەن،①
بىز بەنت ساڭا، سەن ئۇمەر ھەم زەيد بىلەن!"

ئەتىسى ئەتىگەن سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا بىرسى ئۇنىڭغا: "ھېلىقى كىشى سەئدى بولىدۇ" دەپ ئېيتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ قېشىمغا ئالدىراپ يېتىپ كېلىپ، مېھرىۋانلىق كۆرسىتىپ كەتتى ۋە ئەپسۇسلىنىپ: "نېمىشقا شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان مەن سەئدى دەپ ئېيتمايسىز؟ ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ قەدەم تەشرىپىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت كەمىرىنى باغلىغان بولاتتىم!" دېدى.

مەن دېدىم: "سېنىڭ ئالدىڭدا مەندىن، (شۇ كىشى) مەن بولىمەن، دېگەن ئاۋاز چىقىشى مۇمكىنمۇ؟"

ئۇ دېدى: "بۇ ۋىلايەتتە بىرنەچچە ۋاقىت ئارام ئالسىڭىز، بىز خىزمىتىڭىزنى قىلىشتىن بەھرىمەن بولساق نىمە بولاتتى؟"

مەن دېدىم: "مۇنۇ بىر ھېكايىنىڭ سەۋىۋى بىلەن تۇرالمايمەن:

كوردۇممەن تاغ ئىچىدە دانانى،
غارغا تەرك قىلماپتۇ بۇ دۇنيانى.

---

① سەيد — ئوۋ، شىكار.

’كىرمەيسەن شەھەرگە نەچۈن؟— دىدىم، —
غەم-تۇگۈن كېتەتتى تامام دىلدىن!‘
دىدى: ’كوپ شەھەردە پەرى رۇخسار،
لاي كوپەيسە، پىلمۇ شۇنچە پاتار!‘“

مەن شۇ سوزنى ئېيتقاندىن كېيىن، بىر بىرىمىزنىڭ يۈز-كوزىدىن سويۈشۈپ، خوشلاشتۇق.

نە پايدا دوست يۈزنى سويمەكتىن،
ھەم شۇ پەيتتە خەيرلەشمەكتىن؟
يار بىلەن خوشلاشقانمىكەن ئالما—
بىر بېتى ئال،① بىر بېتى سېرىغ گويا.

* * *

ئۆلمىسەم ۋىدا كۈنى ھەسرەتتە،
دىمە سادىق مېنى مۇھەببەتتە.

## ھىكايەت (16)

بىر دەرۋىش ھىجازغا كېتىۋاتقان كارۋاندا بىز بىلەن ھەمرا بولغان ئىدى. ئەرەب ئەمىرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا قۇربانلىق ئۈچۈن يۈز دىنار پۇل ھەدىيە قىلغان ئىدى. كۇتۇلمىگەندە خۇففاجە②

① ئال — ھالرەڭ، قىزىل.

② خۇففاجە — مەككە يولىدا ھاجىلارنى بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كوچمەنچى ئەرەپ قەبىلىسى.



قاراقچىلىرى كارۋانغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەممە نەرسىلىرىمىزنى سۇپۇرۇپ كەتتى. سودىگەرلەر يىغى-زارى قىلىشقا باشلىدى، بىھۇدە دات-پەريات قىلىشتى.

مەيلى زار يىغلا، مەيلى پەريات قىل،
ئوغرى قايتۇرماس ئالتۇنۇڭنى، بىل.

پەقەت ھىلىقى دىيانەتلىك دەرۋىش ھېچبىر چىراينى ئۆزگەرتمەستىن، ئوز ئارامىدا تۇراتتى. مەن دىدىم: ”قاراقچىلار سەندىن ھىلىقى دىنارلارنى بۇلاپ كەتمىدىمۇ؟“

ئۇ جاۋاپ بەردى: ”توغرا، بۇلاپ كەتتى، لېكىن مەن بۇ پۇللارغا ئانچىلىكمۇ كوڭۇل قويۇپ كەتمىگەن ئىدىم، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا نىمىگە دىلخەستە بولاي!“

نەرسىگە، كىشىگە كوڭۇل بەرمىگىل،
كوڭۇلگە ئايرىلىش چۈنكى بەك مۇشكۇل.

مەن دىدىم: ”سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ مېنىڭ ئەھۋالىمغا ئۇيغۇن كېلىدىكەن. ياشلىقىمدا بىر يىگىت بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقان ئىدىم، ئارىمىزدا شۇنچىلىك سەممى مۇھەببەت بار ئىدىكى، ئۇنىڭ جامالى كوزۇمگە قىبلە، ۋىسالى ھاياتىمغا پايدا ۋە سەرمايە ئىدى.

ئۇنىڭغا كوكتە پەرىشتە ۋە ياكى يەردە بەشەر①

① بەشەر — ئىنسان، ئادەم.

سېلىشتۇرۇلسا كېلەلمەس تەڭ ھوسۇن-سۇرەتتە.
قەسەم شۇ دوستۇم ئۇچۇن! ئۇ بولمىسا سوھبەت ھارام،
بۇ خىل ئادەم ھىچ پۇشتتىن پەيدا ئەمەس قىسمەتتە.

كۆتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئايىغى ئەجەل پاتقىقىغا پېتىپ قالدى ۋە مۇرىسىدىن جۇدالىق تۇتۇنى كۆتىرىلدى. مەن نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ قەۋرىسى بېشىدا ئولتۇردۇم، ئۇنىڭ پىراقى توغرىسىدا مۇنۇ بېيىتلەرنى ئېيتتىم:

كاشكى پۇتۇمغا ئەجەلنىڭ تىكىنى كىرگەن كۈنى،
ئۇرسىچۇ باشىمغا تىغ ئۆلتۈرگىلى قىسمەت قولى.
تاكى سەنسىز كۆزلىرىم بۇ كۈن جاھاننى كۆرمىسۇن!
توپرىغىڭ ئالدىدا قەۋرەم قەد كۆتەرسۇن بىر يولى!

كىمكى تاپمىسا ئۇيقۇ ھەم ئارام،
ئاستىغا سالمىسا گۈللەردىن توشەك —
قەۋرىنىڭ بېشىدا ئۈندۈ تىكەن،
يۈزىنىڭ گۈلىنى توككەچكە پەلەك.

ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قالغان ئۆمرۈمدە ھەۋەس بىساتىنى يىغىشتۇرۇپ، ھىچكىم بىلەن ئۈلپەتچىلىك قىلماسلىققا قەتئىي نىيەت بېكىتتىم."

پايدىسى كۆپتۇر دېڭىزنىڭ، يەتمىسە خەۋپ مەۋجىدىن،



ياخشىدۇر گۈل سوھبىتى، يوق بولسا خاردىن[①] غەم-تۈگۈن.
ۋەسلى باغىدا تاۋۇستەك تۇنۇگۈن مەغرۇر ئىدىم،
تولغىنارمەن يار پىراقىدا يىلاندەك مەن بۈگۈن.

## ھېكايەت (17)

ئەرەپ پادىشالىرىدىن بىرىگە مەجنۇننىڭ لەيلى ئىشقىدا ئەقلىدىن ئازغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىشتى: ئۇ شۇنچىلىك يۈكسەك كامالەتكە ۋە سۆزگە چېچەن بولۇشتەك پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ باياۋاندا يۈرۈپتۇ ۋە ئىختىيارىنىڭ تىزگىنىنى قولىدىن بېرىپ قويۇپتۇ.

پادىشا ئۇنى بۇيرۇق بىلەن ئەپكەلدۈرۈپ، كايىشقا باشلىدى: "سەن ئۆزەڭگە ھايۋانلار خۇيىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، كىشىلىك جەمىيەتنى تاشلاپسەن، ئىنسانلىق شان-شەرىپىدە زادى نېمە نۇقسان كۆردۈڭ؟"

مەجنۇن دېدى:

"كۆپ دوستلىرىم ئۇنىڭ ئىشقى ئۈچۈن مېنى سۆكۈشتى،
بىر كۆرسىلا مەھبۇبۇمنى، چۈشىنەتتى ئۆزرىمنى.

* * *

كاشكى مېنى ئەيىپلىگەن كىشىلەر،
ئەي مەھبۇبۇم، جامالىڭنى كۆرسىدى.

---

① خار — تىكەن.

هوزۇرۇڭدا ئەپلىسۇننىڭ ئورنىغا
ھەيرانلىقتا ئۆز قولىنى كېسەتتى.①

چىرايلىق دېگەن دەۋاغا ھەقىقەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتى گۇۋالىق بېرىدۇكى، 'مانا مۇشۇ كىشىگە بولغان سۆيگۈمدە مېنى ئەيىپلىدىڭلار'.“②

شاھ: لەيلىنىڭ جامالىنى بىر كۆرەيچۇ، شۇنچە غۇلغۇلىغا سەۋەبچى بولغان قانداق چىرايدۇ؟ دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈردى-دە، ئۇنى ئىزلەپ كېلىشكە بۇيرۇق بەردى، پۈتۈن ئەرەپ قەبىلىلىرى ئاختۇرۇلۇپ، ئاخىر ئۇنى تېپىپ كېلىشتى ۋە ئوردىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىدا شاھنىڭ ئالدىدا ھازىر قىلىشتى. پادىشا ئۇنىڭ تۇرقىغا سەپ سېلىپ قاراپ، قاراقۇمچاق، ياداڭغۇ بىر شەخسنى كۆردى. شاھنىڭ نەزىرىدە لەيلى تۆۋەن كۆرۈندى، چۈنكى ئۇنىڭ ھەرەمخانىسىدىكى خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىمۇ لەيلىدىن ھۆسنۈ-جامالدا ئۈستۈن ۋە سالاپەتتە ئارتۇق ئىدى. مەجنۇن بۇنى پاراسەت بىلەن چۈشەندى-دە، دېدى:

”لەيلىنىڭ جامالىغا مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قاراش كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ دىدارىنى تاماشا قىلىشنىڭ سىرى ساڭا مەلۇم

---

① كېيىنكى ئىككى مىسرادا «يۇسۇپ-زىلەيخا» ھېكايىسىدىكى ۋەقە كۆزدە تۇتۇلغان. زىلەيخانىڭ دوستلىرى يۇسۇپ پەيغەمبەرنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگەندە ھەيرەتتە قېلىپ، پىچاق بىلەن ئەپلىسۇننى كېسىش ئورنىغا قوللىرىنى كېسىۋالغان (قۇرئان، 12-سۈرە، 31-ئايەت).

② زىلەيخا يۇسۇپنىڭ جامالىغا ھەيران قالغان ئاياللارغا قارىتا ئېيتقان سۆز (قۇرئان، 12-سۈرە، 32-ئايەت).



بولىدۇ!“

ئاھ، ئاڭلىسا مەندەك يايلاق قىسسىسىنى،
تاغ كەپتىرى مەن بىلەن تەڭ چېكەر پىغان.
ئەي دوستلىرىم، دەرتسىزلەرگە ئېيتىڭ شۇنى:
”سەن بىلمەيسەن دەرتمەنلەرنىڭ قەلبى ۋەيران.“

* * *

ساق كىشى ئاغرىقنى بىلمەس ھېچقاچان،
غەيرىگە دەردىمنى قىلمايمەن بايان.
ھەرىدىن قىلماق شىكايەت پايدىسىز،
ئۇقمىغاي نەشتەر ئازاۋىن تارتمىغان.
تاكى ھالىڭ بىز بىلەن ئوخشاش ئەمەس،
ھالىمىز بولغاي ساڭا غەيرى ھامان.
ئاغرىقىمنى باشقىغا ئوخشاتمىغىن
ئۇندا تۈز بار، مەندە يارا بەك يامان.

## ھېكايەت (18)

ياشاركەن بىر يىگىت ساپدىل ۋە رەئنا،
ئۇ ھەم بولغان گۈزەل مەھبۇبقا شەيدا.
ئوقۇدۇم، بىر ئەزىم دەرياغا چۈشكەن،
تۇساتتىن ئىككىسى قايناملغا چۆككەن.
دېڭىزچى قۇتقۇزۇشقا بوپتۇ پەيدا،
مۇبادا ئۆلمىسۇن دەپ ئۇشبۇ ھالدا.

يىگىت دولقۇن ئىچىدىن بەرمىش ئاۋاز:
"مېنى قوي، ئالدىدا يارىمنى قۇتقاز!"
شۇنى ئېيتقاچ جاھاندىن خوشلىشىپتۇ،
مۇنۇ ئېيتقان سوزىنى ئاڭلىشىپتۇ:
"سوز ئاچسا ئىشقتىن ئالدامچى، قىل رەت،
ئۇنۇتقاي يارىنى چەككەندە كۈلپەت!"
ئۇمۇر ئوتكەزدى شۇنداق ئىككى ياران،
بىلەرسەن كونىلاردىن بۇنى ئوبدان.
بۇ سەئدى ئىشق يولىنى بىلگەي شۇنچە،
كىشى باغداتتا بىلگەندەك ئەرەپچە.
كوڭۈل قوي چىن يۈرەكتىن، بولسا يارىڭ،
جاھاندا بولمىسۇن ئوزگىدە كارىڭ.
تىرىك بولسا مەجنۇن، ئىشق قىسسەسىنى،
ئالاتتى بۇ كىتاپتىن ھىسسەسىنى.



## ئالتىنچى باپ

# زەئىپلىك ۋە قېرىلىق توغرىسىدا

### ھېكايەت (1)

بىر توپ ئالىملار بىلەن دەمەشق جامەسىدە بەس-مۇنازىرە قىلىشقان ئىدىم. بىر ياش يىگىت ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى-دە، سورىدى: "ئاراڭلاردا پارس تىلىنى بىلىدىغان كىشى بارمۇ؟" (كىشىلەر) مېنى كورسىتىشتى. "خوش، نىمە ياخشى ئىش بار ئىدى؟" دەپ سورىدىم يىگىتتىن.

ئۇ دىدى: "بىر يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەن بىر قېرى كىشى جان ئۈزۈش ھالىتىدە پارسچە بىرنىمىلەرنى دەۋاتىدۇ، بىز چۈشىنەلمەيۋاتىمىز، ئەگەر مەرھەمەت قىلىپ، بېرىپ كېلىش جاپاسىنى ئېغىر كورمىسەڭ، ئەجرىنى تاپاتتىڭ. بەلكىم، ۋەسىيەت قىلار!"

ئۇنىڭ بېشىغا يېتىپ بارغىنىمدا ئۇ مۇنداق دەۋاتاتتى:

"ئالاي دەپ ئىدىم نەچچە دەم باھۇزۇر،
دەرىخا، دىماغدا توسۇلدى نەپەس،
دەرىخا، بۇ باي ئومۇر داستىخانىدىن
يېسەك ئەمدىلا، دىدىلەر: 'بولدى، بەس!'"

بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى شاملىقلارغا① ئەرەپچە تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ئىدىم، ئۇنىڭ شۇ قەدەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكىگە، يەنە تېخى دۇنيا ھاياتىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقانلىقىغا ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى.

مەن قېرىغا دېدىم: "مۇشۇ ھالەتتە كەيپىڭ قانداق بولۇۋاتىدۇ؟"

ئۇ دېدى: "مەن نىمىمۇ دەيمەن؟

كۆرمىدىڭمۇ، بىر كىشىگە قانچىلىك ئاغرىق يېتەر،
بىر چىشىنى ئاغزىدىن تارتىپ چىقارسا سۇغۇرۇپ؟
قىل پەرەز، ئۇ قايسى ھالەتكە چۈشەر، بىر چاغ كېلىپ
چىقسا جانى خوشلىشىپ، ئەزىز تېنىنى قالدۇرۇپ!"

مەن دېدىم: "ئۆلۈمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلا، ۋەھىمىنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا يول قويما، چۈنكى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئېيتىدۇ: 'مىجەز قانچىلىك مۇستەھكەم بولمىسۇن، ئەبەدى ھايات كەچۈرۈشكە ئۈمىت باغلىماسلىق كېرەك، ئەمما ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەلمۇ ھالاك بولۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.' ئەگەر بۇيرۇساڭ بىر تىۋىپ چاقىراي، سېنى داۋالاپ كۆرسۇن!"

چال كۆزىنى يوغان ئېچىپ كۈلدى-دە، دېدى:

"گاڭگىراپ قالغاي نى ئۇستا تىۋىپ،
ئالجىغان ھۇشسىز كېسەلنى كۆرۈپ.

① شاملىقلار — سۇرىيىلىكلەر.



غوجا مەشغۇلدۇر ياساشقا ئايۋان،
ئەمما ئۆي ئۆلى بولماقتا ۋەيران.
بوۋاي ئىڭرايدۇ ئېغىر سەكراتتا،
موماي سەندەلنى① سۈرتىدۇ ئاڭا.
موتىدىل مىجەز ئەگەر بۇزۇلسا،
كار قىلماس دۇئا ھەم باشقا داۋا."

## ھېكايەت (2)

بىر قېرى ئادەم مۇنۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن ئىدى: "بىر قىزغا ئۆيلەنگەن ئىدىم، ئۆينى گۈل بىلەن بېزىدىم، ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئولتۇراتتۇق، دىلىم ئۇنىڭغا باغلانغان ئىدى، ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتىم. قىز مەندىن ئۆزىنى قاچۇرمىسۇن، ماڭا كونۇپ قالسۇن دەپ، ئۇزۇن كېچىلەردە لەتىپە، چۆچەكلەرنى ئېيتىپ چىقاتتىم. بىر كېچىسى قىزغا مۇنداق دېدىم: 'ساڭا بەخت يار بولدى، ئامەت كەلدى، چۈنكى سەن تەجرىبىلىك، ئوقۇغان، جاھان كۆرگەن، تىنچ، ئىسسىق-سوغاقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، ياخشى-يامانىنى سىنىغان، سوھبەتنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، دوستلۇقنىڭ شەرتىنى ئادا قىلىدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، مېھرىۋان، مىجەزى ئوبدان، شېرىن سۆزلۈك بىر قېرىنىڭ قولىغا چۈشتۈڭ.

كۆڭلۈڭنى ھەر چاغ قولغا ئالالايمەن،

① سەندەل — غولى خۇش بۇي بىر خىل دەرەخ.

رەنجىتسەڭ مەيلى، مەن چىدالايمەن.
تۇتسەڭ ھەر كۈنى يىسەڭ شېكەر،
شىرىن جان پىدادۇر ساڭا ئەي دىلبەر.

سەن تەكەببۇر، كۆڭلى قارا، ئويۇنچى، شاختىن شاخقا قونىدىغان، دائىم ھەۋەسكە بېرىلىدىغان، پىكرىدە تۇرمايدىغان، ھەر كېچىسى بىر جايدا قونۇپ قالىدىغان، ھەر كۈنى بىر يار تۇتىدىغان يامان يىگىتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىدىڭ.

يىگىتلەر ئاي يۈزلۈك، گۈزەل بولسىمۇ،
ۋە لېكىن ۋاپادا ئۇلار تۇرمايدۇ.
بۇلبۇلدىن ۋاپانى كۈتمىگىن ھەرگىز،
ھەر بىر چاغ باشقا گۈلدە سايرايدۇ.

ئەمما قىزلار يىگىتلەرگە ئوخشاش بەگۋاش ئەمەس، ئۇلار ئەقىل، ئەدەپ بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ.

ئوزەڭدىن چوڭنى تاپ، پۇرسەت غەنىمەت.
ئوزەڭدەكلەر بىلەن ئوتكۈزمە پۇرسەت!''

"شۇ يوسۇندا قىزغا بىرقانچە سوزلەرنى قىلدىم، — دىدى قېرى سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇنىڭ كوڭلى ماڭا باغلاندى، ئەمدى ئۇنى ئوزەمگە قارىتىۋالدىم، دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن قىز دەرتلىك كوڭلىدىن سوغاق بىر ئۇھ تارتتى-دە: 'سەن ئېيتقان بۇ سوزلەرنى ئەقلىمنىڭ تارازىسىدا ئارتىپ كورگىنىمدە، بىر سوزچىلىك ۋەزنى يوق، بىر چاغدا مەن ئىنىكئانامدىن، ياش چوكانىغا قېرى ئادەم يېنىدا ئولتۇرغاندىن بېقىنىغا ئوقىيا ئوقى سانجىلىپ تۇرغان ياخشى، دىگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىدىم' دىدى. شۇنداق قىلىپ، بىز كېلىشەلمىدۇق، ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتۇق. قىز ئىددەت[1] ۋاقتى توشۇش بىلەنلا بىر يىگىتكە تېگىۋالدى، بۇ قېتىمقى ئېرى ئاچچىقى يامان، توك چىراي، مىجەزى ئوسال، قولىدا ھېچنىمىسى يوق بىر ساياق بولۇپ، قىز ئۇنىڭدىن جەۋرى-جاپا كورەتتى ۋە رەنجى-مۇشەققەت تارتاتتى، شۇنداق بولسىمۇ، خۇدانىڭ بۇ نىئمىتىگە شۈكرى قىلاتتى: 'ئەلھەمدۇلىللا، ئاشۇ قاتتىق ئازاپتىن قۇتۇلدۇم، ئەمدى مۇقىم نىئمەتكە ئۇلاشتىم!''

مەيلى، قىل ماڭا سەن جەۋرى-جاپا،
كوتىرەي يۈكۈڭنى، چۈنكى سەن بەرنا.

* * *

رازىمەن سەن بىلەن كويسەم دوزاختا،
باشقا بىلەن بولسام جەننەتمۇ ياقماس.
ياخشىدۇر خۇنۇكنىڭ تۇتقان گۈلىدىن
خۇش رۇينىڭ ئاغزىدىن پۈرىغان پىياز.

---

[1] ئىددەت — ئەردىن ئاجراشقان ئايالنىڭ مەلۇم مۇددەت ئەرگە چىقماي تۇرىدىغان ۋاقتى.

## ھېكايەت (3)

دىيار بەكرىدە مەن بىر قېرى كىشىنىڭكىدە مېھمان بولغان ئىدىم. ئۇنىڭ كۆپ مال-مۈلكى ۋە چىرايلىق ئوغلى بار ئىدى. بىر كېچە مۇنۇنى ھېكايە قىلىپ بەردى:

"ئۆمرۈمدە مۇشۇ پەرزەنتتىن بولەك بالا كۆرمىگەن ئىدىم. مۇشۇ ۋادىدا بىر تۈپ دەرەخ زىيارەتگاھ بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرگە ھاجەت تىلەش ئۈچۈن كېلىشەتتى. (مەنمۇ) ئۇزۇن كېچىلەردە ئاشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ھەق تائالاغا يالۋۇرغانلىقىمدىن ماڭا مۇشۇ پەرزەنتنى ئاتا قىلدى!"

شۇ پەيتتە ئوغلىنىڭ ئۆز دوستلىرىغا ئاستا مۇنۇلارنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم: "ئىھ، مەن ئاشۇ دەرەخنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلسەم، شۇ يەرگە بېرىپ دۇئا قىلاتتىم، ئاتام ئۆلەتتى!"

قاراڭ، غوجا "ئوغلۇم ئەقىللىق" دەپ شاتلانسا، ئوغلى "ئاتام ئالجىغان قېرى ئەخمەق" دەپ ھاقارەت قىلىدۇ!

بىر تالاي يىللارنى ئۆتكۈزدىڭ باشتىن،
ئاتاڭنىڭ قەۋرىگە بارمىدىڭ بىر بار.
قىلدىڭ سەن ئاتاڭغا نېمە ياخشىلىق،
ئۆز ئوغلۇڭدىن سەنمۇ بولۇپ ئۈمىتۋار؟

## ھېكايەت (4)

بىر كۈنى ياشلىق غۇرۇرۇم بىلەن قاتتىق يول يۈرگەن ئىدىم،



كەچقۇرۇن بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە يەتكەندە ھېرىپ قالدىم. كارۋاننىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاجىز قېرى كىشى كېلىۋاتاتتى، ئۇ دېدى: "ئۇخلاي دەۋاتامسەن نېمە؟ بۇ يەر ئۇخلايدىغان جاي ئەمەس!"

مەن دېدىم: "پۇتۇمنىڭ ماڭغۇچىلىكى قالمىسا قانداق ماڭىمەن؟"

ئۇ كىشى دېدى: "دانالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: 'يۈگۈرۈپ ھالىدىن كەتكەندىن كۆرە، مېڭىپ ۋە ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالغان ياخشى!'"

مەنزىلگە تەشناسەن، ئالدىراشنى قوي،
پەندىمگە قۇلاق سال، چىداشنى ئۆگەن.
چاپار ئەرەپ ئېتى ئاران ئىككى يول،
تۆگە كېچە-كۈندۈز ماڭىدۇ تىمەن.

## ھېكايەت (5)

بىزنىڭ بەزمە ئولتۇرۇشىمىزدا ئەپچىل، دىلكەش، خۇش خۇي ۋە شېرىن سۆزلۈك بىر يىگىت بار ئىدى. كۆڭلىدە ھېچقانداق غېمى يوق، لېۋىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش نېسىپ بولمىدى. كېيىن مەن ئۇنى كۆرگىنىمدە، ئۇ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ، نەچچە پەرزەنتنىڭ ئاتىسى بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ شادىمانلىقىنىڭ يىلتىزى كېسىلگەن ۋە ھەۋەس گۈلى سولغان ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن: "قانداق تۇردۇڭ، ئەھۋالىڭ نىچۇك؟" دەپ سورىغان ئىدىم. ئۇ دېدى: "بالىلىرىم بولغاندىن بۇيان بالىلىق قىلمايدىغان بولدۇم!"

قېرىلىق چاچىنى ئاقارتتى، نە كېرەك ياشلىق ھەۋەس،
بۇ زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىر خەۋەرچى ساڭا بەس!

* * *

قېرىدىڭ، تاشلا گودەكلىك قىلماقنى،
ياشلارغا قالدۇرغىن ئويۇن-چاقچاقنى.

* * *

ياشلىق پەيزىنى ئىزدىمە قېرىدىن،
ئاققان سۇ قايتماس يەتكەن يېرىدىن.
ئوما ۋاقتىدا زىرائەت ئېتىز
مايسا چېغىدەك يەلپۈنمەس ھەرگىز.

* * *

ياشلىغىم كەتتى قولۇمدىن بەكمۇ تېز،
ۋاي ئىست، ئۆتتى ئەجەپ شاتلىق زامان!
شىرگە خاس بىلەكلىرىمدىن كەتتى كۈچ،
ئوۋ ئىستەك كوندۇم پىشلاقتا بۇ ئان.

* * *

قارا قىلغانتى چېچىنى بىر موماي،
مەن دېدىمكى: "ئەي ياشانغان ئانىجان!
چاچلىرىڭنى قارا قىلدىڭ، سەن كۈچەپ،
ئەمما تۈزلەنمەس بېلىڭ، بولغان كامان!"

## ھېكايەت (6)

بىر چاغ مەن ياشلىق قىلىپ، ئانامغا ۋاقىراپ تاشلىغان ئىدىم.



ئۇنىڭ كۆڭلى رەنجىپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

"كىچىكلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئەمدى مۇنداق قوپاللىق قىلىسەن؟"

ئەجەپ ياخشى ئېيتتى موماي ئوغلىغا،
ئۇنى كۈچلۈك باتۇر ۋە پىلتەن① كورۇپ:
"ئەگەر ئەسكە ئالساڭ بوۋاقلىقنى سەن،
قۇچاغىمدا ياتقان ئىدىڭ تەلمۈرۈپ.
جاپا قىلمىساڭمۇ بولاتتى بۈگۈن،
ئۆزەڭنى شىر، مېنى ئولەرمەن كورۇپ."

## ھېكايەت (7)

بىر پېخسىق باينىڭ ئوغلى ئاغرىپ قالغان ئىدى. خەيرىخاھ كىشىلەر ئۇنىڭغا دېدى: "بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز شۇكى، ئۇنىڭ (ساقىيىشى) ئۈچۈن خەتمە قۇرئان قىلدۇر، ياكى بىرەر مالنى قۇربانلىق قىل!"

باي خېلىغىچە ئويغا چۆمدى-دە، دېدى: "قۇرئان ئوقۇتۇش ياخشىدەك تۇرىدۇ، چۈنكى پادا يىراقتا ئىدى!" بىر پاكدىل كىشى بۇنى ئاڭلاپ دېدى: "ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇتۇشنى ئەۋزەل كورگەنلىگىنىڭ سەۋەبى شۇكى، قۇرئان ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىدا، ئالتۇنى

---

① پىلتەن — پىل گەۋدىلىك، پىلدەك كۈچلۈك.

بولسا جىنىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا!"

دەرىخا! باش قويار قىلماقتا تائەت،
نە بولغاي بىللە بولسا ھەم ساخاۋەت!
بىر پۇل بەرسە ئېشەكتەك لايغا پاتقاي،
ئۇقۇ "ئەلھەمدۇ" دېسە يۈز ئۇقۇغاي.

### ھېكايەت (8)

بىر قېرى ئادەمدىن ئىككىشىلەر سوراشتى: "نىمىشقا خوتۇن ئالمايسەن؟" ئۇ دېدى: "قېرى خوتۇن بىلەن تۇرمۇشنىڭ پەيزى بولمايدۇ." "ئۇنداق بولسا، ياش چوكان ئال، چۈنكى بايلىقىڭ بار." "مەندەك بىر قېرىغا قېرى ئاياللار يارىمايۋاتسا، مەن قېرىنى ياش چوكانلار يارىتامدۇ؟" دېدى ئۇ.



## يەتتىنچى باپ

# تەربىيىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا

### ھېكايەت (1)

بىر ۋەزىرنىڭ بىر دوت ئوغلى بار ئىدى؛ ئۇنى بىر ئالىمنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، بۇنىڭغا تەربىيە بەرسىڭىز، بەلكىم، ئەقىللىق بولۇپ قالار ئىدى، دېدى. ئالىم ئۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت تەلىم بەردى، ئەمما نەتىجىسى بولمىدى. ئالىم ئاخىر بالىنىڭ ئاتىسىغا كىشى ئەۋەتىپ: "بۇ بالا ئەقىللىق بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، مېنى ساراڭ قىلىۋەتتى!" دېدى.

تېز يۇقار تەربىيە ئىنسان زاتىغا،
ئەسلى تەبىئىتى بولسا قوبۇلچان،
پاقىراق بېرەلمەس تومۇرگە زادى
سەيقەلنىڭ سۈپىتى بولسا گەر يامان.
يەتتە رەت يۇيساڭمۇ دەريادا ئىتنى،
يەنىلا ئىپلاستۇر بولسا ئۇ ئامان.
ئەيسانىڭ ئېشىگى مەككىگە بارسا،
قايتقاندا يەنىلا ئېشەكتۇر ھامان.

## ھكايەت (2)

بىر دانىشمەن ئوغۇللىرىغا نەسىھەت قىلاتتى: "جېنىم بالىلىرىم، ھۈنەر ئۆگىنىڭلار، چۈنكى دۇنيانىڭ مال ۋە بايلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ بولمايدۇ، ئالتۇن-كۈمۈش (دېگەن نەرسە) بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا خەتەر ئۈستىدەدۇر: يا ئوغرى سۈپۈرۈپ كېتىدۇ، ياكى ئىگىسى ئاز-ئازدىن يەپ تۈگىتىدۇ، ئەمما ھۈنەر تۈگىمەس-پۈتمەس بۇلاق ۋە ئەبەدى بايلىقتۇر. ئەگەر ھۈنەرۋەن دۆلىتىدىن يىقىلسا ھېچبىر غەم قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھۈنەر بايلىق، نەگە بارسا ھۆرمەت تاپىدۇ ۋە توردە ئولتۇرىدۇ، بىھۈنەر ئادەم بولسا تىلەمچىلىك قىلىدۇ، مۇھتاجلىق تارتىدۇ.

ئۆزگىگە بوي سۇنسا بەك تەس ئورنىدىن چۈشكەن كىشى،
ئۆگىنىپ راھەتكە، سوڭ ئەلدىن جاپا كۆرگەن كىشى.

* * *

بىر زامان شامدا① ئىسيان باشلىنىپ،
ھەركىم جايىنى تاشلاپ كېتىشتى.
بىلىملىك، زېرەك دېخان باللىرى
ۋەزىر بولۇشنى چاغلاپ كېتىشتى.
بىئەقىل نادان ۋەزىر باللىرى
نان تىلەپ يېزا بويلاپ كېتىشتى.

① شام — سۈرىيە.



* *

بىلىم ئۆگەن ئاتاڭدىن، گېرەك بولسا مىراسى،
خەرجلىك بولۇر بىر كۈنلا ئۇنىڭ مال-دۇنياسى.

## ھكايەت (3)

بىر ئالىم بىر شاھزادىغا تەلىم-تەربىيە بېرەتتى، بۇ بالىنى ئايىماستىن ئۇراتتى ۋە تولىمۇ ئازاپلايتتى. بىر قېتىم ئوغۇل تاقەت قىلالماي ئاتىسىنىڭ ئالدىغا شىكايەت قىلىپ كەلدى ۋە يارا قاپلىغان ئۈچىسىدىن كىيىمىنى سېلىپ تاشلىدى. ئاتىسىنىڭ ئىچى سىرىلىپ كەتتى-دە، ئۇستازىنى چاقىرتىپ دېدى: "سەن ھېچقايسى پۇقرانىڭ باللىرىغا مۇنچىلىك جەۋر-جاپا قىلىشنى راۋا كۆرمەس ئىدىڭ. پەقەت مېنىڭ بالامغا راۋا كۆرۈپسەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟"

ئۇستاز دېدى: "بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سۆزنى ئويلىنىپ سۆزلەش ۋە ھەركەتنى جايىدا قىلىش گېرەك بولىدۇ. بۇ ئومۇم خەلققە شۇنداق، بولۇپمۇ پادىشالارغا شۇنداق. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئېيتقان سۆزلىرى تىللاردا داستان بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما ئاۋام خەلقنىڭ سۆزى ۋە قىلغان ئىشلىرى ئۇنچىلىك ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ.

دەرۋىشلەر تۇغدۇرسا نامۇناسىپ ئىش،
دوستلىرىغا بىلىنمەس يۈزىدىن بىرى.
ئەگەر شاھ بىر سۆزنى چاقچاقتىن ئېيتسا،
ئىقلىمدىن ئىقلىمغا كېتىدۇ نېرى.

شۇنداق ئىكەن، شاھزادىنىڭ مۇئەللىمى پادىشا ئوغۇللىرىنىڭ ئەخلاقى تەربىيىسىدە — خۇدا ئۇلارنى گۈزەل خۇلق بىلەن ئۇستۇرسۇن — ئاۋام خەلققە قارىغاندا كۆپرەك ئىجتىھاد كۆرسىتىشى لازىم.

گودەك چاغ تەربىيە كورمىسە ھەركىم،
چوڭ بولغاندا ئۇنىڭدىن قاچىدۇ ئامەت.
كوك چىۋىقنى ئەگمەك تولىمۇ ئوڭاي،
قۇرۇسا رۇسلانماس، ئوت كىرەك پەقەت."

ئالىمنىڭ ياخشى مەسلىھەتلىرى ۋە جاۋاپ بېرىشتىكى مۇلاھىزىلىرى پادىشانىڭ دىتىغا توغرا كەلدى-دە، ئۇنىڭغا تون كىيگۈزدى ۋە سوغاتلار بەردى ھەمدە ئۇنىڭ مەنسەپ دەرىجىسىنى يۇقۇرى كوتەردى.

## ھىكايەت (4)

مەغرىپ مەملىكىتىدە بىر مەكتەپ مۇئەللىمىنى كورگەن ئىدىم، ئۇ قاپىغى يامان، تىلى زەھەر، خۇيى ئەسكى، زومىگەر، ئاچكوز، ئوزىنى ھېچنىمىدىن تارتمايدىغان بىرنىمە ئىدىكى، ئۇنى كورگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ كەيپى بۇزۇلاتتى، ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇشى كىشىنىڭ كوڭلىنى قارائىغۇلاشتۇراتتى. بىر قانچىلىغان پاكىز ئوغلانلار ۋە مەسۇمە قىزلار، ئۇنىڭ رەھىمسىز قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇلار نە كۈلۈشكە جۈرئەت قىلالىسۇن ۋە نە سوزلەشكە پېتىنالىسۇن. ئۇ مۇئەللىم گاھى بىرسىنىڭ كۈمۈشتەك ئاپپاق مەڭزىگە ئۇرسا، گاھىدا



يەنە بىرىنىڭ بىللۇردەك پۇتلىرىنى پەلەققە تارتاتتى. قىسقىسى، ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ رەزىللىگىنىڭ بىر قىسمى كىشىلەرگە مەلۇم بولۇپ قالغاچقا، ئۇنى ئۇرۇپ قوغلىۋەتكەن. ئۇنىڭ مەكتىۋىنى بىر مومىن كىشىگە ئوتكۇزۇپ بەرگەن. بۇ ئادەم تەقۋادار، ئالىجاناپ، يۇمشاق كوڭۇل ئىدى. زورۇر بولمىغاندا سوز قىلمايتتى، كىشىنى رەنجىتىدىغان گەپ-سوز ئاغزىدىن چىقمايتتى. باللار ئاۋالقى مۇئەللىمنىڭ قورقۇنچىسىنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، كېيىنكى مۇئەللىمنىڭ پەرىشتىدەك ئەخلاقىنى كورگەچ، ھەممىسى بىر-بىرلەپ شەيتان بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ يۇمشاقلىغىغا تايىنىپ، ئوقۇشنى ئەستىن چىقىرىشتى، كوپ ۋاقىت ئويناپ ئولتۇرۇشتى، دەرس تاختىلىرىنى بىر بىرىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ سۇندۇرۇشتى.

مۇئەللىم ياكى ئۇستاز بولسا بوش بەك،
گودەكلەر ئوينىشار بازاردا خىرسەك.①

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مەن ئاشۇ مېچىتنىڭ ئالدىدىن ئوتكەن ئىدىم. قارىسام، ئاۋالقى مۇئەللىمنىڭ كوڭلىنى ياساپ، ئوز ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىشىپتۇ. مەن چىن ۋىجدانىمدىن رەنجىدىم-دە، "خۇدا كورسەتمىسۇن، بۇ ئىبلىسنى نىمىشقا ئىككىنچى قېتىم

---

① خىرسەك — بىر تۇرلۇك باللار ئويۇنى. بىر دوگىلەك سىزىق سىزىلىپ، بىر بالا سىزىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. باشقا باللار ئۇنى قورشايدۇ. ئوتتۇرىدىكى بالا پۇتىنى ئەتراپىدىكىلەرگە سىلكىيدۇ، ئۇنىڭ ئايىغى قايسىغا تەگسە، ئۇنى تۇتۇپ سىزىقنىڭ ئىچىگە ئوز ئورنىغا ئېپكىرىپ قويىدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ مۇئەللىمى قىلىپ قويدۇڭلار؟" دىدىم.
بۇ سوزۇمنى پاراسەتلىك، جاھان كورگەن بىر ياشانغان كىشى ئاڭلاپ كۇلۇپ كەتتى-دە، دىدى:

"ئوغلىنى مەكتەپكە بەردى بىر پادىشا،
بويىنغا ئېسىپتۇ بىر كۇمۇش تاختا.
تاختىغا مۇنۇ خەت يېزىلغان زەردىن:
'ئۇستازنىڭ جەۋرى خوپ، ئاتا مېھرىدىن!'"

## ھىكايەت (5)

بىر تەقۋادارنىڭ ئوغلىغا ۋاپات بولغان تاغىسىدىن نۇرغۇن مال-دۇنيا قالغان ئىدى. ئۇ بۇزۇقچىلىققا كىرىشىپ، ئىسراپخورلۇققا بېرىلىپ كەتتى. قىسقىسى، قىلمىغان يامان ئىشلىرى، ئىچمىگەن ئىچىملىكلىرى قالمىدى. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ دىدىم: "ئوغلۇم، كىرىم دىگەن ئاقار سۇ، تۇرمۇش دىگەن چوگىلەپ تۇرغان تۇگمەن. يەنى كوپ خىراجەت قىلىش دائىمى كىرىمى بولغان كىشىگىلا مۇمكىن.

دارامەت بولمىسا ئاز قىل چىقىمنى،
دېھقانلار مۇنۇ كۇيىنى ئوقۇيدۇ:
'ئەگەر تاغلارغا يامغۇر ياغمىغاندا،
دەجلەمۇ① يىل ئوتمەي چوقۇم قۇرۇيدۇ.'

① دەجلە — باغدادتىكى دەجلە دەرياسى.



ئەقلۇ-ھۇش، ئەخلاق-ئەدەپنى چىڭ تۇت، ئويۇن-تاماشانى تاشلا، چۇنكى بايلىغىڭ تۇگىگەندە قىيىنچىلىق تارتىپ پۇشايمان يەيسەن."

لېكىن ئوغۇل نەغمە-ناۋا ۋە ئەيش-ئىشرەتنىڭ لەززىتىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ نەسىھەتلىرىمنى قۇلاققا ئالماي، سوزۇمگە ئېتىراز بىلدۇرۇشكە باشلىدى: "بۇگۇنكى راھەتنى كەلگۇسىدىكى ئېغىرچىلىقنىڭ تەشۋىشى بىلەن بۇزۇش ئاقىللارنىڭ پىكرىگە خىلاپ!

بەختىيار، دولەتلىك كىشى نىمىشقا
تارتسۇن يوقسۇللۇقنى، قورقۇپ يوق ئىشقا؟
ئەزىز يار، كوڭۇل ئاچ، ئوينا، تۇرمىغىن،
ئەتىنىڭ غېمىنى بۇگۇن يىمىگىن.

بولۇپمۇ، مەن سېخىيلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، مەرتلىك كەمىرىنى بېلىمگە باغلىغان ۋە خەير-ئېھسانلىرىم ئاۋام خەلقنىڭ ئاغزىدا پۇر بولۇپ كەتكەن بىر چاغدا (يوقسۇللۇقتىن غەم يەمدىمەن)؟

سېخىيلىق، كەرەمدە نامى پۇر كەتكەن
كىشىلەر سالمىسۇن دەرەمگە كىشەن.
ياخشى نامىڭ تارالسا تالا-تۇزگە.
ياپالمايسەن ئىشىكنى كىشى يۇزىگە."

قارىسام، ئۇ نەسىھەتلىرىمنى ھېچ قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ، ئوتتەك

نەپەسلىرىم ئۇنىڭ تومۇردەك سوغاق كۆڭلىگە تەسىر قىلمايۋاتىدۇ. شۇڭا نەسىھەتنى توختاتتىم، سوھبەتتىن ئۇزەمنى تارتتىم ۋە دانالارنىڭ سوزى بويىچە ئىش قىلماقچى بولدۇم، ئۇلار مۇنداق دىگەن ئىدى: "يەتكۈزۈشكە تېگىشلىكنى يەتكۈز، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، كارىڭ بولمىسۇن!"

ئاڭلىماسلىقىنى بىلسەڭمۇ ئەگەر،
بىلگىنىڭچە سەن قىل نەسىھەتنى.
كورەرسەن تېزدىن: ئىككى پۇت بىلەن
توزاقىقا چۈشكەن ئۇ ھاماقەتنى.
قولىنى ئۇرۇپ ئېيتىدۇ: "ئىسىت!
ئاڭلىماپتىمەن چوڭقۇر ھىكمەتنى!"

بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولدى: مەن ئۇنى بىچارە ھالەتتە كوردۇم. ئۇ چاپىنىغا ياماق ئۇستىگە ياماق ساپتۇ، ئاشقان-تاشقان نانلارنى تىلەپ يۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى يارىسىنى تاپا-تەنە تىرنىغى بىلەن تاتىلاپ تۇز سېپىشنى ئادەمگەرچىلىك دەپ بىلمىدىم. شۇڭا، ئۆز كوڭلۈمدە دىدىم:

"ھاراقكەش كەلگۈسىنى كوزگە ئىلماس،
پەقىرلىقتىن پەقەت ئەندىشە قىلماس.
باھار پەسلى دەرەخ بولغاي باراقسان،
توكۈلگەي ياپرىقى كەلسە زىمىستان."



## ھېكايەت (6)

بىر پادىشا ئۆز ئوغلىنى بىر دامولىغا ئوقۇتقىلى بېرىپ مۇنداق دىدى: "بۇ بالا سىنىڭ بولسۇن، ئۇنىڭغا ئۆز بالاڭدەك تەربىيە بەرگىن!" دامولا: "خوپ، پەرمانىپەردارمەن" دىدى.

شۇنىڭ بىلەن، دامولا بىرنەچچە يىل تىرىشچانلىق كورسەتكەن بولسىمۇ، بالىغا تەربىيە يۇقتۇرالمىدى. دامولىنىڭ بالىلىرى بولسا بىلىم ۋە بالاغەت ئىلمىدا كامالەتكە ئېرىشتى. پادىشا دامولىنى جاۋاپكارلىققا تارتىپ كايىپ كەتتى: "سەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلدىڭ، سوزۇڭنىڭ ھوددىسىدىن چىقالمىدىڭ!"

دامولا دىدى: "يەر يۈزىنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھىنىڭ رەيىگە مەخپى قالمىسۇنكى، تەربىيە بىر خىل بولىدۇ، ئەمما مىجەز-تەبىئەت ھەر خىل!"

زەر-كۈمۈش ئەگەرچە چىقسىمۇ تاشتىن،
كورگەنلا تاشلاردىن چىقماس ھىچقاچان
سۇھەيل① يەر يۈزىگە زىيا چاچسىمۇ،

① سۇھەيل — جەنۇبىي قۇتۇپتىكى "كانوپۇس" دەپ ئاتالغان يورۇق يۇلتۇز. ئەرەپلەر بۇ يۇلتۇزنى شىمالىي يەمەندە كۆزەتكەن. بۇ يەردە قەدىمدىن شەۋران (ئەلا سۇپەتلىك تېرە) ئىشلىنىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا سۇھەيل يۇلتۇزىنىڭ تېرە ئىشلەشكە ياخشى تەسىرى بارلىقى توغرىسىدىكى خۇراپىي ئېتىقات شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

بىر جايدا جا① ئىشلار، بىر جايدا شەۋران."

## ھىكايەت (7)

ئاڭلىشىمچە، بىر قېرى تەربىيىچى ئۆز شاگىرتىغا مۇنداق دېگەن: "ئوغلۇم، ئەگەر ئادىمزاتنىڭ كۆڭلى ئۆزىنىڭ رىزق بەرگۈچىسىگە تىرىكچىلىككە بېرىلگەنچىلىك بېرىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئورنى پەرىشتىلەرنىڭكىدىن يۇقۇرى بولاتتى!"

ياراتقان ھەق سېنى ئۇنۇتمىدى ھېچ،
تورەلمە چاغدا سەن ياتقاندا پىنھان.
ساڭا جان، ئەقلۇ، ئىدرەك، خۇلق، جامال، ھىس،
نۇتۇق-تىل، ئوي-پىكىرنى قىلدى ئېھسان.
قولۇڭغا تىزدى ئون بارماقنى ھەمدە
بېكىتتى ئىككى قول يەلكەڭگە ئوبدان.
ئۇنۇتقايمۇ بۈگۈن رىزقىمنى ھەق دەپ،
گۇمان ئەيلەمەسەن، ئەي نائەھلى ھايۋان!

## ھىكايەت (8)

بىر بەدەۋى ئەرەپنى كوردۇمكى، ئۇ ئوغلىغا مۇنداق دەۋاتاتتى: "بالام، قىيامەت كۈنى سەندىن: 'نىمە ئىش قىلدىڭ؟' دەپ

① جا — پۇلى ئەرزان ئاددى تېرە.



سورايدۇ. 'سەن قايسى ئۇرۇغدىن؟' دىگەن گەپ بولۇنمايدۇ. يەنى سەندىن: 'قىلغان ئەمىلىڭ قانداق؟' دەپ سورايدۇ؟ 'ئاتاڭ كىم؟' دەپ سورىمايدۇ.

كەئبە يوپۇقىنى كىشى ئۆپمىگى
ئەمەستۇر پىللە① نى ئەزىز كورگەنلىك.
نەچچە كۈن ئولتۇرغاچ بىر ئەزىز بىلەن،②
ئۇ ھەم خۇددى شۇنداق بولدى قەدىرلىك".

## ھىكايەت (9)

ھوكۇمانىڭ كىتاپلىرىدا بايان قىلىنىشىچە، چايانىڭ تۇغۇلۇشى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش مۇئەييەن ئادەت بويىچە بولمايدىكەن، يەنى ئۇ ئانىسىنىڭ ئىچ قارنىنى يەپ، قوسىغىنى يىرتىپ چىقىدىكەن-دە، چول-باياۋانغا كېتىدىكەن؛ ئۇنىڭ ئۇۋىسىدا كىشىلەر كورىدىغان چايان پوستى شۇنىڭ بەلگىسى ئىكەن. بىر قېتىم مەن بۇ ۋەقەنى بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئالدىدا سوزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇ كىشى دىدى: "بۇ سوزنىڭ راستلىقىغا كوڭلۇم گۇۋالىق بېرىدۇ، باشقىچە

① پىللە — يىپەك پىلىسى. بۇ يەردە ئەتلەس كوزدە تۇتۇلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، كەئبىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان يوپۇق قارا ئەتلەس بولۇپ، ھاجىلار تاۋاپ ۋاقتىدا بۇ يوپۇقنى سويۈپ ئوتىدىكەن.

② بىر ئەزىز بىلەن — مۇھەممەت پەيغەمبەر بىلەن، دىگەن مەنىدە. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، كەئبىنىڭ ئەتلەس يوپۇغى مۇھەممەت پەيغەمبەرگە تېگىشلىك ئىكەن.

بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار كىچىكلىكىدە ئاتا-ئانىسىغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلغاچ، ئەلۋەتتە، چوڭ بولغاندا شۇنداق سىيۇملۇك ۋە ھۆرمەتلىك بولىدۇ-دە!“①

ئاتىسى ئوغلىغا قىلدى ۋەسىيەت،
”ئوغلۇم، بۇ پەندىمنى ئۇنۇتما ھەرگىز.
كىم ئاتا-ئانىنى قىلمىسا ھۆرمەت،
ھېچقاچان بولالماس، بەختىيار، ئەزىز!“

لەتىپە: كىشىلەر چاياندىن سوراپتۇ: ”نېمىشقا قىشتا تاشقىرى چىقمايسەن؟“ ئۇ دەپتۇ: ”يازدا تۈزۈك ھۆرمىتىم بولمىسا، قىشتا چىقىپ نېمە قىلاي!“

## ھېكايەت (10)

بىر دەرۋىشنىڭ ئايىلى ھامىلدار ئىدى، ئاي كۈنى توشۇپ تۇغۇتى يېقىنلاشتى. بۇ دەرۋىش ئۆمرىدە بالا كۆرمىگەن ئىدى. ”ئەگەر خۇدايى تائالا ماڭا ئوغۇل ئاتا قىلىدىغان بولسا، — دېدى ئۇ، — ئۇچامدىكى مۇشۇ جەندەمدىن باشقا بارلىق مال-مۈلكۈمنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىمەن!“ دېگەندەك، ئايىلى ئوغۇل تۇغدى. ئۇ ۋەدىسىگە بىنائەن كەمبەغەللەرگە داستىخان تەييارلىدى.

---

① بۇ جۈملە تەنە بىلەن ئېيتىلغان. چۈنكى كىشىلەرنىڭ چاياننى كۆرگەندە يەنچىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەممە كىشىگە مەلۇم.



بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مەن شامغا قىلغان سەپىرىمدىن قايتىپ كېلىپ، ئاشۇ دوستۇمنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ قالدىم-دە، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى كىشىلەردىن سورىدىم.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ گۈندىخانىغا چۈشۈپ قاپتۇ. سەۋەبىنى سورىغان ئىدىم، بىر كىشى دېدى: ”ئۇنىڭ ئوغلى ھاراق ئىچىپ، جاڭجال چىقاردى ۋە بىر ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئارىدىن يوقالدى، ئۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئاتىسىنىڭ بوينىغا زەنجىر، پۇتىغا ئېغىر كىشەن چۈشتى!“

مەن دېدىم: ”ئۇ بۇ بالا-قازانى خۇدايى تائالادىن ئۆزى تىلىگەن!“

ئىشت ئەي زېرەك ئەر، ھامىل ئاياللار
ئەگەر تۇغسا تۇغۇتتا چار يىلاننى.
ئاقىللار پىكرىچە، مىڭ مەرتە ياخشى
تۇغقاندىن بىئەدەپ، پەيلى ياماننى.

## ھېكايەت (11)

بالا ۋاقتىمدا مەن بىر چوڭ ئادەمدىن بالاغەتكە يېتىشنىڭ ئالامەتلىرىنى سورىغان ئىدىم، ئۇ كىشى دېدى: ”كىتاپتا يېزىلىشىچە، ئۇنىڭ بەلگىلىرى ئۈچ: بىرىنچىسى، ئون بەش ياشقا تولۇش؛ ئىككىنچىسى، ئېھتىلام؛ ئۈچىنچىسى، ئالدىغا موي چىقىش. ئەمما ھەقىقەتتە بىرلا نىشانى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆز نەپسىنىڭ راھىتىگە بېرىلىشتىن كۆرە، كۆپرەك ھەق تائالانى رازى قىلىش كويىدا

...لۇش: ھەركىمدە بۇ سۈپەت مەۋجۇت بولمىسا، ئۇنى دانىشمەنلەر
...لاغەتكە يەتكەن ھىساپلىمايدۇ!“

كىيلەر سۈرەتكە ئادەم تامچە سۈدىن،
نىھايەت ياتسا ئۇ قىرىق كۈن قوساقتا.
ئەگەر قىرىق ياشتىمۇ ئەقىل-ئەدەپ يوق،
ئۇنى ئادەم ئاتاشتىن بەك يىراقتا.

* * *

سېخىلىق، لۈتپىدۇر ئادەم نىشانى،
ئادەم دەپ ئويلىما سۈرەتنى زىنھار.
ھۈنەرلا بولسا سۈرەت سىزسا بولغاي،
بىزەپ ئايۋان-سارايىنى ئالۇ-زەنگار.①
كىشىدە بولمىسا بىلىم ۋە مەرتىلىك،
نە پەرق قىلغاي كىشىدىن نەقشى دىۋار؟②
ئەمەس دۇنيا تېپىش خىسلەت، پەزىلەت،
بىراۋنىڭ كۆڭلىنى تاپقىن ئىلاج بار!

## ھىكايەت (12)

بىر يىلى پىيادە ماڭغان ھاجىلارنىڭ ئارىسىدا جىدەل چىققان

① ئالۇ-زەنگار—قىزىل، كۆك.
② بۇ مىسرا: ”ئادەم بىلەن تامدىكى سۈرەتنىڭ نىمە پەرقى بار؟“ دىگەن ...مەزمۇندا.



ئىدى. پەقىرمۇ شۇ سەپەردە پىيادە ئىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، بىز بىر بىرىمىزنىڭ باش-كۆزلىرىمىزگە تازا مۇشت چۇشۇردۇق. ھەرقانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن يانمىدۇق. شۇ چاغدا كاجۋىدا ئولتۇرغان بىر ھاجىنىڭ ئۆز ھەمرايىغا دەۋاتقان مۇنۇ سوزىنى ئاڭلاپ قالدىم: ”ئەجەپ بىر ئىش! پىل سوڭىگىدىن ياسالغان پىيادە① شاخمات تاختىسىنىڭ نېرىقى چېتىگە چىقسا پەرزىن بولىدۇ، يەنى بۇرۇنقىدىن ياخشى بولىدۇ، ئەمما پىيادە ماڭغان ھاجىلار چولنى كېسىپ باشقا چىققاندا، يامان بولۇشۇپ كېتىدىكەن!“

ئادەمنى چىشلىگەن، پوستىنى يىرتقان
زالىم ھاجىغا ئېيت مېنىڭ نامىمدىن:
”سەن ھاجى ئەمەسسەن، توگە ھاجىدۇر،
چۈنكى ئۇ يانتاق يەپ چىقار ھاجەتتىن.

## ھىكايەت (13)

بىر ھىندى نېفىت ئېتىشنى② ئۆگىنىۋاتاتتى، بىر دانىشمەن ئۇنىڭغا دىدى: ”سېنىڭ ئۆيۈڭ قومۇشتىن ياسالغان تۇرسا، بۇ سەن ئوينايدىغان ئويۇن ئەمەس!“

① بۇ يەردىكى پىيادە—شاخماتنىڭ پىيادە ئۇرۇقى.
② نېفىت ئېتىش—شىشىگە نېفىت قاچىلاپ يىراققا ئېتىشنى كورسىتىدۇ. بۇرۇنقى چاغلاردا نېفىت ئېتىش ئۇرۇش-جەڭلەردە قوللىنىلغان ھەمدە ئويۇن سۈپىتىدە ئوينالغان.

سەن سوزۇڭنىڭ راستلىغىنى بىلمىسەڭ، ئېيتما ئۇنى،
بىلسەڭ ھەم ئاچچىق جاۋاپنى ئېيتمىغىن ئەسلا ئۇنى.

## ھىكايەت (14)

بىر ساددا ئادەمنىڭ كوزى ئاغرىپ قالغان ئىدى، مال دوختۇرىنىڭ قېشىغا بېرىپ: "كوزۇمنى داۋالاپ قويغىن" دەدى. مال دوختۇرى چارۋا ماللارنىڭ كوزىگە سۇرتىدىغان دورىنى ئۇنىڭ كوزىگە سۇرتكەن ئىدى، ئۇ كور بولۇپ قالدى. ئۇلار دەۋالىشىپ ئەدلىيە باشلىغىنىڭ ئالدىغا بارغان ئىدى، ئۇ دەدى: "ئۇنىڭغا ھېچ گۇنا قويغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئادەم ئېشەك بولمىسا مال دوختۇرنىڭ ئالدىغا بارمىغان بولاتتى!"

بۇ سوزنىڭ مەنىسى مۇنداق: بىلگىنكى، كىمكى چوڭ ئىشنى تەجرىبىسىز نادانغا تاپشۇرسا، ئۇ پۇشايمان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاقىللارنىڭ ئارىسىدا كالتە پەم دىگەن ئاتاققا قالىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم ھەرگىزمۇ قويماس
تەنتەك ئادەمنى ئۇلۇغۋار ئىشقا.
باپكا بولسىمۇ گەرچە بورىچى،
يولاتماس ئۇنى ئەتلەس توقۇشقا.



## ھىكايەت (15)

ئۇلۇغ ئىماملاردىن بىرىنىڭ ئوغلى ۋاپات قىلغان ئىدى. "ئۇنىڭ قەۋرىسى ئۇستىگە نىمىنى يازىمىز؟" دەپ سورىغاندا، ئىمام دىدى: "مۇقەددەس كىتاپتىكى① ئايەتلەرنىڭ ئىززەت-شەرىپى ئۇستۇن، بۇنداق جايلارغا يېزىلسا ئارتۇق كېتىدۇ، چۈنكى ۋاقىتنىڭ ئوتۇشى بىلەن خەتلەر ئوچۇپ كېتىدۇ، ئادەملەر ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئوتىدۇ، ئىتلار ئۇنى بۇلغايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن بىر نەرسە يېزىشقا توغرا كەلسە، مۇنۇ ئىككى بېيىت يېزىلسا كۇپايە:

ۋاھ، ھەر چاغ بوستاندا كوكەرسە چەمەن،
خوش بولاتتى كوڭلۇم، كورۇپ پەيزىنى.
باھاردا يوقلىغىن مېنى سەن دوستۇم،
كورىسەن توپامدىن ئۇنگەن مايسىنى."

## ھىكايەت (16)

بىر تەقۋادار كىشى بىر چوڭ باينىڭ ئىشىگىدىن ئوتكەن ئىدى. قارىسا، باي بىر قۇلنىڭ پۇت-قولىنى مەھكەم باغلاپ، قاتتىق ئازاپلاۋېتىپتۇ. تەقۋادار دەدى: "ئوغلۇم، خۇدايى تائالالا ئوزەڭگە ئوخشاش بىر مەخلۇقنى ساڭا مەھكۇم، ئەسىر قىلىپ، سېنى

① مۇقەددەس كىتاپ — قۇرئان كوزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن ئۈستۈن قىلىپ قويۇپتۇ. سەن خۇدايى تائالانىڭ بۇ نېمەتىگە شۈكرى قىلىپ، قۇلغا مۇنچىلىك جەۋرى-جاپا سالمىغىن. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ھالى سەندىن ياخشى بولۇپ قېلىپ، سەن شەرمەندە بولۇپ قالما!"

قۇلۇڭغا ئانچىلىك غەزەپ قىلما،
جەۋر ئەيلەپ دىلىنى ئاغرىتما.
سەن ئۇنى ئون دەرەمگە ئالغانسەن،
قۇدرىتىڭ بىلەن ياراتمىغانسەن.
بۇ غۇرۇر، كۈچ، قەھرىڭ تۇرار نەچچە دەم؟
سەندىن ئۇلۇغراق بارغۇ بىر ئىگەم!
ئەي ئارسلان، ئاغۇشلار[1] غوجىسى،
ئۆز ئىگەڭنى ئۇنۇتمىغان ياخشى!

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ چوڭ ھەسرەت شۇكى، تەقۋادار قۇللار جەننەتكە كىرىدۇ، پاسىق قۇل ئىگىلىرى بولسا دوزاققا!"

خىزمىتىڭدىكى ھوقۇقسىز قۇلغا،
قەھرىڭنى چېچىپ، قىلما دەپسەندە.
قىيامەت كۈنى قۇل ئازات بولۇپ،
شەرمەندە بولۇر غوجا كىشەندە.

① ئارسلان، ئاغۇش — تۈركى خەلقلەردە تارقالغان كىشى ئىسىملىرى. بۇ يەردە ئارسلان — قۇلنى، ئاغۇش — دىدەكنى كۆرسىتىدۇ.



## ھېكايەت (17)

بىر يىلى بەلختىن بامىيانغا[1] سەپەر قىلغان ئىدىم. يول قاراقچىلارنىڭ دەستىدىن تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. بىر يىگىت يول باشلىغۇچى سۈپىتىدە بىزگە ھەمرا بولۇپ ماڭغان ئىدى. ئۇ قالقانباز، ئوقياچى بولۇپ، شۇ قەدەر ماھىر ۋە كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇنىڭ ئوقياسىنى ئون كۈچلۈك ئادەم تارتىپ بەتلىيەلمەيتتى ۋە يەر يۈزىنىڭ ھېچ قانداق پالۋانلىرى ئۇنى يىقىتالمايتتى.

لېكىن ئۇ باياشات تۇرمۇشتا ئەكە ئۆسكەن بولۇپ، جاھان كۆرمىگەن، سەپەر-يۈرۈشلەردە بولمىغان، باتۇرلار دۇمباقلىرىنىڭ ياڭرىغان ئاۋازى قۇلىقىغا يەتمىگەن ۋە ئاتلىقلار قىلىچىنىڭ چاقناشلىرىنى كۆرمىگەن ئىدى.

پەقەت ياۋ قولىغا ئەسىر چۈشمىگەن،
ۋە ئوق يامغۇرىغا دۇچ كەلمىگەن.

تاسادىپىي بۇ يىگىت بىلەن مەن ئىككىمىز ئەڭ ئالدىدا يانمۇ-يان مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئۇ يولدا ئۇچرىغانلا كونا تامنى بىلىگىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆرۈۋېتەتتى، ھەر چوڭ دەرەخنى كۆرسە پەنجىسىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن يۇلۇپ تاشلايتتى. شۇڭا مەغرۇرلىنىپ مۇنداق دەيتتى:

① بامىيان — بەلخ شەھىرىدىن ھىندىستانغا بارىدىغان يولدىكى بىر قەدىمىي شەھەر.

پىل قېنى؟ باتۇر يىگىتنىڭ بەستىگە سالسا نەزەر،
شىر قېنى؟ مەرت پەنجىسىنى بىر كورۇپ قىلسا ھەزەر.

بىز شۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇقكى، ئىككى ھىندى بىر تاشنىڭ ئارقىسىدىن بېشىنى كوتىرىپ، بىزنى ئولتۇرۇش قەستىدە بولۇۋاتاتتى. بىرسىنىڭ قولىدا كالتەك، يەنە بىرسىنىڭ قولتۇغىدا توقماق بار ئىدى.

مەن يىگىتكە دېدىم: "نېمە تۇرىسەن؟

قېنى، ئىشقا سال كۈچ ۋە ئەرلىكنى سەن،
دۈشمەن كەلدى گورگە ئاياغى بىلەن!"

قارىسام، يىگىتنىڭ قولىدىن ئوقيا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، بەدىنى جالاقلاپ تىترەۋاتىدۇ.

ئوق بىلەن ساۋۇتنى تەشكەن، قىلنى يارغان پەھلىۋان
جەڭ كۈنىدە پۈت تىرەپ چىڭ تۇرمىغى ھەم دەرگۇمان.

بىزدە باشقا چارە قالمىغان ئىدى: نەرسە-كېرەك، قورال-ياراق ۋە كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئاران جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ كەتتۇق.

يوللىغىن ئىش كورگەن ئەرنى ئەڭ مۇھىم ئىشلارغا سەن،
شىرنى باغلاپ كەلتۈرەر ئۇ بويىنىغا تاشلاپ كەمەن.



بولسا گەر كۈچلۈك بويۇن، پىل گەۋدىلىك بىر نەۋ جۇۋان،
ياۋغا دۇچ كەلسە قاچار قورقۇنچىدىن بىر جەڭ بىلەن.
جەڭ قىلىشنى جەڭدە بولغان، سەپنى كورگەن ئەر بىلەر،
خۇددى بىلگەندەك شەرىئەت ئىلمىنى بىر ئەھلى پەن.

## ھېكايەت (18)

مەن بىر باينىڭ بالىسىنى كورگەن ئىدىم، ئۇ ئاتىسىنىڭ قەۋرىسى بېشىدا ئولتۇرۇپ، بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى بىلەن مۇنازىرىگە چۈشكەن ئىدى: "ئاتامنىڭ قەۋرىسى تاشتىن ياسالغان، ئۇستىگە چىرايلىق خەتلەر نەقىش قىلىنغان، مەرمەر تاش ۋە پىروزە خىش ياتقۇزۇلغان. بۇ قەۋرە سېنىڭ ئاتاڭنىڭ گورىگە قانداقمۇ ئوخشىسۇن؟ سېنىڭ ئاتاڭنىڭ گورىگە بىر-ئىككى كېسەك قويۇلۇپ، ئۇستىگە ئىككى كەتمەن توپا تاشلانغان، خالاس."

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى بۇ سوزنى ئاڭلاپ دېدى: "بوپتۇ، ئاتاڭ ئېغىر تاشلارنىڭ ئاستىدا ئىنجىقلاپ تۇرسۇن، ئاڭغىچە مېنىڭ ئاتام جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ!"

ئۇستىگە ئازراق يۈك ئارتىلسا ئېشەك،
يەڭگىل ئازادە ماڭىدۇ بىشەك.

* * *

كەمبەغەللىك زۇلمىنى تارتقان ئۇزاق مىسكىن كىشى
يۈكى يوق، كەلگەي ئەجەل ئىشىكىگە تەشۋىشسىز، ئېمىن.
كىمكى راھەت، مولچىلىقتا قىلسا ئومرىنى تامام،

تارتىشىپ دۇنياغا، شەكسىز، ئۆلۈمگە بەكمۇ قىيىن.
يېڭى زەنجىردىن بوشانغان بىر ئەسىرنىڭ ھالى، بىل،
ياخشىدۇر، ئەسىرگە چۈشكەن بىر ئەمىرنىڭ ھالىدىن.

## ھىكايەت (19)

بىر دانىشمەندىن: ”سېنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنىڭ ئىككى بېقىنىڭ ئارىسىدىكى نەپسىڭدۇر“ دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىغان ئىدىم. ئۇ كىشى دېدى: ”بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەرقانداق دۈشمەنگە ياخشىلىق قىلساڭ، دوستقا ئايلىنىدۇ، ئەمما نەپس دېگەن شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭغا قانچە كۆپ يول قويساڭ، ئۇ شۇنچە كۆپ قارشىلىشىدۇ!“

تائامنى ئاز يېسە ئادەم، بولۇر پەرىشتە سۈپەت،
ئەگەردە يېسە ھايۋاندەك، تاش كەبى بولۇر ۋەيران.
بىراۋنى مۇراتقا يەتكۈزسەڭ، بوي سۇنار ئۇ ئەمرىڭگە،
نەپس ئەگەر مۇرات تاپسا، چوقۇم، ساڭا بىرەر پەرمان.

### سەئدىنىڭ بىر مۇددەئى① بىلەن بايلىق ۋە كەمبەغەللىك ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى

بىر ئولتۇرۇشتا مەن ئۆزى دەرۋىشلەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان

① ”مۇددەئى“ (دەۋاگەر) مەنىسىدە بولۇپ، دەرۋىشلىكنى دەۋا قىلغۇچىنى كۆرسىتىدۇ.



بولسىمۇ، قىلچە دەرۋىشلىك سۈپىتى يوق بىر ئادەمنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ رەسۋا گەپلەرنى توقۇشقا كىرىشتى، يەنى شىكايەت دەپتىرىنى ئېچىپ، بايلارنى سوكۇشكە باشلىدى. سۆز شۇ يەرگە يېتىپ باردىكى، كەمبەغەللەرنىڭ قۇدرەت قولى باغلانغانمىش، بايلارنىڭ ياخشى ئىشلارغا بولغان ئىرادىسىنىڭ پۇتى سۇنغانمىش.

سەخىلەرنىڭ قوللىرىدا دەرەم يوق،
باي غوجاملار كۆڭلىدە ھېچ كەرەم يوق.

مەن چوڭلارنىڭ نېمەتلىرى بىلەن پەرۋىش تاپقانلىقىم ئۈچۈن، بۇ سۆز ماڭا قاتتىق تەگدى-دە، دېدىم: ”دوستۇم! بايلار — كەمبەغەللەر تىرىكچىلىكىنىڭ مەنبەسى، زاھىتلار كىرىمىنىڭ ئاساسى، تاۋاپچىلارنىڭ باش پاناسى، مۇساپىرلارنىڭ چۈشىدىغان ماكانى، ئۇلار باشقىلارنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئېغىر يۈك كۆتەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئۆز خىزمەتكارلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلەر تاماق يېيىشكە كىرىشكەن چاغدىلا ئاندىن تائامغا قول ئۇزىتىدۇ. ئۇلارنىڭ سېخىيلىقىدىن ئاشقان نەرسىلەر تۇل خوتۇن ھەم قېرىلارغا، ئۆز يېقىنلىرى ھەم خوشنىلارغا يېتىدۇ.

بايلاردا بار ۋەقپە، نەزرە، مېھمانلىق،
زاكات، پىترە،① ئازات،② ھەدىيە، قۇربانلىق.

① پىترە — بىر ئايلىق روزا تۈگىگەندە ھەر بىر كىشى ئۆز بېشى ئۈچۈن بېرىدىغان سەدىقە.
② ئازات — قۇللارنى ئازات قىلىش، ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش مەنىسىدە.

ئۇلار دۆلەتكە سەن يېتەلەمسەن؟
نامازلا بار سەندە ھەم پەرىشانلىق.①

ئەگەر سېخىلىق قۇدرەت ھېساپلىنىپ، ناماز قۇۋۋەت سانىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بايلار تېخىمۇ ياخشىراق باي بولاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى زاكات بىلەن ئېرىغدالغان، كىيىم-كېچەكلىرى تازا، نام-ئابرويى بېغۇبار ۋە كۆڭلى خاتىرجەم. تائەتنىڭ كۈچى ھالال تائامدا، ئىبادەتنىڭ ساغلاملىقى پاك لىباستا؛ قۇپ-قۇرۇق ئاشقازان نېمە قۇۋۋەت بېرەر ۋە قۇرۇق قولدىن قانداق مۇرۇۋۋەت كېلىشى مۇمكىن؛ ئۇسسۇزنىڭ ئايىغى يول يۈرۈشكە يارىمىدۇ،② قوسىقى ئاچلارنىڭ قولىدىن نېمە ياخشىلىق كېلىدۇ؟ بۇنىسى روشەن.

كېچىسى بىئارام ئۇخلايدۇ كىشى،
بولمىسا يېيىشكە ئەتىكى ئوزۇق.
ئوزۇقلۇق يىغىدۇ يازدا چۈمۈلە،
ئۆتكۈزمەككە قىشنى غەمسىز، كۆڭۈل توق.

---

① بۇ مىسرا: سوپىلاردا ئىككى رەكئەت نامازدىن باشقا ھېچنېمە يوق. نامازنىمۇ يۈز پەرىشانلىق ئىچىدە ئوقۇيدۇ، دېگەن مەزمۇندا.
② كوپ نۇسخىلاردا "پاي تىشنە" يېزىلغانلىقتىن "ئۇسسۇزنىڭ ئايىغى" دەپ ئېلىندى. بەزى نۇسخىلاردا "پاي بەستە" (باغلانغان ئاياق) دەپ ئېلىنغان. ئۇ چاغدا توۋەندىكى جۈملىگە مەنتىقى جەھەتتىن باغلاشمايدۇ.



ئاراملىق نامراتچىلىق بىلەن جىپسىلىشالمايدۇ، خاتىرجەملىك يوقسۇللۇقتا ھاسىل بولالمايدۇ. بىرسى كەچكى ناماز بىلەن بەنت، يەنە بىرى كەچكى تاماقنىڭ غېمىدە ئولتۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، كېيىنكىسى بىرىنچىسى بىلەن ھەرگىز ئوخشاش بولالمايدۇ.

بولۇر باي دىلى ھەق بىلەن ھەر زامان،
ئېغىر بولسا تۇرمۇش، پەرىشان ھامان.

شۇنداق ئىكەن، بايلارنىڭ ئىبادىتى ئاللانىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئالدى بىلەن ئېرىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار خاتىرجەم، كۆڭلى توق، ھەرگىز دىلى پەرىشان، پىكرى چېچىلاڭغۇ ئەمەس. ئۇلار تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى پۇختا تەييارلىۋالغانلىقتىن، ئۈزلۈكسىز ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولالايدۇ. ئەرەپ ئېيتىدۇ: 'خۇدا مېنى ئېغىر كەمبەغەللىكتىن ۋە خۇشتۇم يوق كىشىنىڭ خوشنا بولۇشىدىن ساقلىسۇن.' ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: 'كەمبەغەللىك — ھەر ئىككى دۇنيادا كىشىنىڭ يۈزىنى قارا قىلىدۇ!'"

دەرۋىش دېدى: "ئاڭلىمىغانمىدىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: 'كەمبەغەللىك — مېنىڭ ئىپتىخارىم!'"

"توختا! — دېدىم مەن، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كۆرسەتمىسى شۇنداق بىر گۇرۇھنىڭ كەمبەغەللىكىگە قارىتىلغانكى، ئۇلار رىزالىق مەيدانىنىڭ مەرتلىرى ۋە تەقدىرنىڭ ئوقىغا ئۆزىنى بېغىشلىغانلار بولۇپ، ھەرگىز ئەۋلىيالارنىڭ جەندىسىنى كىيىۋېلىپ، تاپقان خەيرى-سەدىقىلىرىنى ساتىدىغانلار ئەمەس ئىدى.

گۈلدۈرى بار، ئىچى قۇرۇق، سەن دۇمباق،
ئۆزۈڭغۇڭ يوق جەڭ كۈندە، چارەڭ قانداق؟
تاما يۈزىن خەلقتىن يوشۇر، ئەركەك بولساڭ،
مىڭ ئۇرۇغلۇق تەسۋىنى سەن تارتما ئانداق.

ساۋاتسىز كەمبەغەل كۆڭلى ئارام تاپالمىغانلىقتىن، ئاخىر بېرىپ كەمبەغەللىگى كۈپۈرلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، چۈنكى كەمبەغەللىك كۈپۈرلىققا يېقىنلا نەرسە. مەۋجۇت نېمەت بولمىغاندا، يالىڭاچنى كىيىندۈرۈش ياكى بەختسىزلىككە گىرىپتار بولغاننى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىش بىكار. بىزدەكلەرنى ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈش مۇمكىنمۇ ۋە 'ئۈستۈن' قول 'تۆۋەن' قولغا① قانداقمۇ ئوخشىسۇن؟ كۆرمىدىڭمۇ، ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمدە بېھىشت ئەھلىگە بېرىلىدىغان نېمەتلەر توغرىلىق مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: 'ئۇلارنىڭ مۇئەييەن رىزقى بار'②. شۇڭا بىلگىنكى، تىرىكچىلىك غېمىدە بولغان كىشى ئىپپەتلىك بولۇش دۆلىتىدىن مەھرۇمدۇر، پاراغەت بولسا مۇئەييەن رىزقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدادۇر.

چۈشىدە كۆرىدۇ ئۇسسۇزلار ھامان:
گوياكى غىچ بۇلاق پۈتۈن يەر-جاھان."

① "ئۈستۈن" قول — سەدىقە بەرگۈچى قول. "تۆۋەن" قول سەدىقە ئالغۇچى قول.

② قۇرئان، 37-سۈرە، 41-ئايەت.



مەن بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا، دەرۋىشنىڭ قولىدىن سەۋر-تاقەت تىزگىنى چىقىپ كەتتى-دە، تىل قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى ۋە پاساھەت دۇلدۇلىنى ئەدەپسىزلىك مەيدانىغا قويۇپ بېرىپ، ئۈستۈمگە چاپتۇرۇپ كەلدى ۋە مۇنداق دېدى: "سەن بايلارنىڭ ئارتۇقچىلىغىنى شۇنچە مۇبالىغە قىلىپ، قۇرۇق گەپ ساتتىڭ، بۇ مۇلاھىزەڭ بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، ئۇلار گويا تىرياق① ياكى رىزق غەزنىسىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەن. (ئەمەلىيەتتە بولسا) ئۇلار بىر ئوچۇم مۇتەكەببىر — مەغرۇرلار، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ياۋۇزلار، مال-نېمەتلەرگە ئۆزىنى ئۇرىدىغانلار، ئورۇن-مەنسەپ ۋە بايلىقنىڭ مەپتۇنلىرى، ئۇلار سۆز قىلمايدۇ، قىلسا ئەخمىقانە سۆزلەپ قويىدۇ، (كەمبەغەللەرگە) قارىمايدۇ، قارىسا پەقەت يىرگىنىش بىلەن قارايدۇ. ئالىملارنى گادايغا چىقىرىدۇ، كەمبەغەللەرگە بولسا يالاڭتوش دەپ ئەيىپ قويىدۇ. ئۇلار قولىدىكى مال-دۇنياسى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ۋە ئۆز قوسىغىدا مەنسىۋىنى يۇقۇرى ساناپ، تۆرنىڭ كاللىسىغا چىقىپ ئولتۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى ھەممىدىن ياخشى دەپ ھىساپلايدۇ. كىشىگە بېشىنى كۆتىرىپ قويۇش كاللىسىغا كەلمەيدۇ. ئۇلار دانىشمەنلەرنىڭ سۆزىدىن بىخەۋەر، دانىشمەنلەر دەيدۇ: 'كىمكى تائەت-ئىبادەتتە باشقىلاردىن تۆۋەن بولسا، بايلىق-دۆلەتتە يۇقۇرى بولىدۇ، تاشقى كۆرۈنۈشتە باي بولغانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى كەمبەغەل بولىدۇ.'

كىبىر قىلسا مال بىلەن داناغا خىسلەتسىز كىشى،

① تىرياق — زەھەر قايتۇرغۇچ دورا.

بولسا ئۇ ئېپار ھوكۇزى، سەن ئۇنى تېزەك دېگىن!“

مەن دېدىم: ”ئۇلارنى ھاقارەت قىلىشنى ئۆزەڭگە راۋا كۆرمە، چۈنكى ئۇلار كەرەم ئىگىلىرىدۇر!“
ئۇ دېدى: ”خاتا ئېيتىسەن، ئۇلار دەرەمنىڭ (ئاقچىنىڭ) قۇلى. يامغۇرى يوق ئەتىياز بۇلۇتلىرىنىڭ ۋە كىشىگە نۇرى چۈشمەيدىغان قۇياشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئۇلار قۇدرەت-ئىمكانىيەت ئېتىغا مىنگەن تۇرۇپمۇ چاپتۇرمايدۇ. خۇدا يولىدا بىر قەدەممۇ ئاياق باسمايدۇ، كىشىگە مىننەت-ئاھانەتسىز بىر دەرەممۇ بەرمەيدۇ. ئۇلار مۇشەققەت بىلەن مال-دۇنيا يىغىپ، ئۇنى پىخسىقلىق بىلەن ساقلايدۇ-دە، ھەسرەت بىلەن تاشلاپ كېتىدۇ. خۇددى دانىشمەنلەر ئېيتقاندەك، بېخىل يەرگە كىرىش بىلەنلا، ئۇنىڭ كۈمۈشى يەردىن چىقىدۇ.①

مىڭ مۇشەققەت-ئىجتىھاتتا بىرسى بايلىق توپلىغاي،
باشقىسى كېلىپ، مۇشەققەتسىزلا ئۇنى باپلىغاي.“

مەن ئۇنىڭغا دېدىم: ”سەن پەقەت گادايلىقنىڭ سەۋەۋى بىلەنلا ئۇلارنىڭ بېخىللىقىدىن ۋاقىپ بولىسەن، ئۇنداق بولمىغاندا، تامانى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويغان كىشىگە سېخىلىق بىلەن بېخىللىق ئوخشاش كۆرۈنگەن بولاتتى. ئالتۇننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىناق

① چۈنكى بېخىل يىمەي-ئىچمەي ئالتۇن-كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى يەرگە كۆمىدۇ. ئۇ ئۆلگەن ھامان يەرگە كۆمگەن نەرسىلىرى قېزىپ چىقىرىلىدۇ.



تېشى بىلىدۇ، شۇنىڭدەك پىخسىقنىڭ كىملىكىنى گاداي بىلىدۇ!“
دەرۋىش دېدى: ”بۇنى مەن شۇ تەجرىبە بويىچە ئېيتىۋاتىمەنكى، ئۇلار ئىشىكلىرىگە خىزمەتكارلارنى قويۇپ، قاتتىق قول، قوپال ئادەملەرنى ئىشقا تەيىنلەپ، شۇ ئارقىلىق ھۆرمەتلىك كىشىلەرنى ئۆيىگە كىرگۈزمەيدۇ ۋە پاكدىل كىشىلەرنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ: ’بۇ يەردە ئادەم يوق!‘ دەيدۇ. دەرۋەقە ئۇلار راست ئېيتىدۇ:

ئەقلۇ-ھىممەت، پەھمى، ئىدرەك بولمىسا ئادەمگە يار،
’يوق بۇ ئۆيدە ھېچكىشى‘ دەپ ياخشى ئېيتقان ئىشىك باقار.“

مەن دېدىم: ”بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئىلتىماسچىلارنىڭ دەستىدىن بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويۇپ، گادايلارنىڭ ئەرز-ھال ئېيتىشىدىن بىزار بولغان. باياۋاننىڭ قۇمى ئۈنچە-مەرۋايىتقا ئايلانغان تەقدىردىمۇ گادايىنىڭ كۆزى تويۇشى ئەقىلغە سىغمايدۇ.

تاماخورنىڭ كۆزى تويماس ئىنئام بىلەن،
خۇددى قۇدۇق تولمىغاندەك شەبنەم بىلەن.

قەيەردە بولمىسۇن، سەن يوقسۇللۇقنىڭ قاتتىقچىلىقىنى تارتقان ۋە ئاچچىق ئەلەم چەككەن كىشىلەرگە قارا، ئۇلار ئاچكۆزلۈكتىن ئۆزىنى خەتەرلىك ئىشلارغا ئاتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلانمايدۇ، خۇدانىڭ ئازاپ-ئوقۇۋىتىدىن قورقمايدۇ ۋە ھالال-ھارامنى ئايرىمايدۇ.

ئەگەر ئىتنىڭ بېشىغا تەگسە چالما،
سويۇنۇپ سەكرىگەي ئۇ ئۇستىخان دەپ.
ئېلىپ ماڭسا كىشلەر بىر تاۋۇتنى،
ئۇنى ئويلايدۇ ئاچكوز داستىخان دەپ.

ئەمما ھەق تائالا بايلارغا ئىنايەت كوزى بىلەن قاراپ، ھالالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنى ھارامدىن ساقلاپ قالىدۇ. مەن، بۇ سوزلىرىمنى ئىزاھلىماي تۇراي ۋە دەلىل-ئىسپاتىمۇ كەلتۇرمەي. قېنى سەن ھەقنى سوزلەپ باققىنا: سەن بىرەر تەقۋادارنىڭ قولى ئارقىسىغا باغلانغانلىقىنى ياكى بىر بەختسىزنىڭ زىنداندا ياتقانلىقىنى، ياكى بىر ئىپپەت ئىگىسىنىڭ پەردىسى يىرتىلغانلىقىنى، ياكى بىر قولىنىڭ بېغىشىدىن كېسىلگەنلىكىنى كورگەنمۇ سەن؟ پەقەت كەمبەغەللىك سەۋىۋى بىلەن شۇنداق بولىدۇ. قەھرىمان ئەرلەر مۇھتاجلىق سەۋەۋىدىن تام تېشىپ قولغا چۇشىدۇ ۋە ئۇشۇغى چېقىلىدۇ، شۇ نەرسىنىڭ ئېھتىمالى باركى، بىر كەمبەغەلىنىڭ نەپسى ئۇستۇنلۇك قىلىپ، قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنى تولۇق قانائەتلەندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، نەپسى ئۇنى جىنايەت ئۇتكۇزۇشكە ئىتتىرىدۇ. بايلارغا مۇيەسسەر بولىدىغان مەنىۋى ئاراملىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ زورۇر ۋاستىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ھەر كېچە بىر سەنەمنى باغرىغا باسىدۇ، ھەر كۇنى يىگىتلىكنى باشتىن كەچۇرىدۇ؛ تاڭ نۇرى ئۇنىڭ گۇزەللىگىدىن قولىنى كوكسىگە قويىدۇ، كېلىشكەن سەرۋ دەرىخى خىجىللىقتىن لايغا پېتىپ تۇرىدۇ.

ئاشقلار قېنىغا ئۇلار چاڭ سېلىپ،



تىرنىغىغا قويغاندۇر خىنە قىلىپ.

ئۇلارنىڭ ھوسۇن-جامال ئىگىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا گۇنا ئىشلارنى قىلىشى ياكى قەبىھ ئىشلارنى ئۇتكۇزۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بىھىش ھورلىرىگە ئالدۇرۇلغان دىل،
تۇرك سەنەملىرىگە باقىدۇ قاچان؟

* * *

يېڭى پىشقان خورما ئالدىدا تۇرسا،
ئۇزۇم شىنگىلىگە تاش ئاتماس ئىنسان.

كوپىنچە يوقسۇللار پاكلىق ئىتىگىنى گۇنا ئۇتكۇزۇش بىلەن بۇلغاپ قويىدۇ، ئاچلار نان ئوغرىلايدۇ.

قورسىغى ئاچ غالجىر ئىت تاپقاندا گوش سورىمايدۇ ھىچ:
بۇ سالىھنىڭ توگىسىمۇ ياكى دەججال ئېشىگى.①

قانچىلىغان پاكدىل كىشلەر كەمبەغەللىك سەۋىۋى بىلەن بۇزۇقچىلىق قاينىمىغا چۇشۇپ قالىدۇ ۋە ئوزىنىڭ ياخشى نامىنى بەتناملىق شاملىدا سورۇۋېتىدۇ.

---

① سالىھ — پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ توگىسى مۇقەددەس سانىلىدۇ. دەججال — يالغان پەيغەمبەر، ئۇ قىيامەت كۇنى ئېشەككە مىنىپ پەيدا بولارمىش.

ئاچ قالغاندا، پەرھىز كۈچى زەررە قالماس،
كەمبەغەللىك تەقۋالىقنى ھەم قالدۇرماس.

سەن بايلارنى مىسكىنلەرگە ئىشىكىنى تاقىۋالىدۇ دەۋاتىسەن، ھاتەم تائىي باياۋاندا! كوچمەنچىلىكتە ياشايتتى، ئەگەر شەھەرلىك بولغان بولسا، ئۇنىڭغا گادايلار تۈش-تۈشتىن يېپىشىۋېلىپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى پارە-پارە قىلىۋەتكەن بولاتتى!"

"ياق،— دېدى ئۇ،— كەمبەغەللەرنىڭ ھالىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ!"

مەن دېدىم: "ياق، سەن بايلارنىڭ مال-مۈلكىگە ھەسرەت چېكىسەن!"

بىز شۇ تەرىقىدە بىر بىرىمىز بىلەن سۆز تالاشتۇق، ئۇ ھەر بىر پىيادىسىنى ئالدىغا سۈرسە، مەن مۇداپىئەلىنىشكە تىرىشتىم، ئۇ ھەر قېتىم شاخ بەرگەندە، مەن پەرزىن بىلەن توستۇم، ئۇ ئۆي-پىكىر ھەميانىدىكى نەقدانە نەرسىلىرىنى ئۆتتۈرۈپ بولدى ۋە دەلىل-ئىسپات ساغدىغىدىكى ئوقلىرىنى ئېتىپ تۈگەتتى.

قىلسا گەپدانلار ھۇجۇم قالقاننى ھەرگىز تاشلىما،
يوق ئۇنىڭدا ئىستىئارە، كۆپتۈرۈشتىن باشقىسى.
مەرىپەت ھەم دىن بىلەن ھەركەتلىنىپ سۆزمەننى يەڭ،
تۈرسىمۇ ئىشىكتە قوراللىق، قۇپ-قۇرۇقتۇر قەلئەسى.

ئاخىر ئۇنىڭدا دەلىل-ھوججەت قالمىدى. مەن ئۇنى يەرگە قارىتىۋەتتىم. بۇ چاغدا ئۇ دۆشمەنلىك قولىنى سوزۇپ، ئاغزىغا كەلگەننى دېگىلى تۇردى، چۈنكى جاھىللارنىڭ ئادىتى شۇنداق



بولىدۇ: دۈشمىنىنى دەلىل-ئىسپات بىلەن يېڭەلمىسە، ئاداۋەت زەنجىرىنى جىرىڭلىتىشقا كىرىشىدۇ. بۇت ياسايدىغان ئازەر ئۆز ئوغلىنى دەلىل-ھوججەت بىلەن يېڭەلمەي، ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ: "ئەگەر بولدى قىلمىساڭ، سېنى تاش بىلەن ئۇرىمەن!"① دېگەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇمۇ ماڭا دەشنام قىلدى. مەن ئۇنى تىللىدىم، ئۇ ياقامنى يىرتتى، مەن ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتتۇم.

يېپىشتۇق قاتتىق بىر بىرىمىزگە،
ئارقىمىزدا خەلق راسا كۈلۈشتى.
گەپ-سۆزىمىزدىن پۈتۈن يەر-جاھان
بارماقنى چىشلەپ ھەيران بولۇشتى.

شۇنداق قىلىپ، بىز بۇ تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قازىنىڭ ئالدىغا باردۇق. ئۇنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىغا رازى بولدۇق، چۈنكى قازى دېگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمى بولغاندىن كېيىن بۇ مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىپ بېرەر دېگەن ئىدۇق. قازى بىزنىڭ نېمە دەۋا بىلەن كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ ۋە گەپ-سۆزىمىزنى ئاڭلاپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر ئويغا چۆمدى-دە، خېلى ئويلانغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ دېدى: "ئەي بايلارنى ماختاپ، كەمبەغەللەرنى ھاقارەت قىلىشنى راۋا كۆرگەن

① قۇرئان، 19-سۈرە، 46-ئايەت. ئىبراھىم پەيغەمبەر ئاتىسى ئازەرنى خۇدانىڭ بىرلىكىگە دەۋەت قىلغاندا، ئازەر ئۇنىڭغا ئاشۇ سۆزلەرنى قىلغان.

كىشى، بىلىپ قويكى، قەيەردە گۈل بولسا، شۇ يەردە تىكەن بار، قەيەردە شاراپ بولسا، ئۇنىڭ خۇمارىمۇ بولىدۇ، غەزنە بار يەردە يىلان بار،① قەيەردە شاھلارغا لايىق ئۈنچە-مەرۋايىت بولسا، ئۇ يەردە ئادەم يەيدىغان لەھەڭ بار؛ دۇنيادىكى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئارقىسىدىن ئەجەلنىڭ نەشتىرى ئەگىشىپ يۈرىدۇ. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا كۆڭۈلسىزلىك-ئازاپنىڭ توساق تاملىرى بار.

يار دىگەنلەر دۈشمەنى جەۋرىنى تارتماي نە قىلۇر؟
گۈل-تىكەن، غەزنە-يىلان ھەم قايغۇ-شاتلىق بىللەدۇر.

سەن بوستاندا خۇش پۇراق تاللار بىلەن بىللە قاخشال دەرەخلەرمۇ بارلىغىنى كورمەيۋاتامسەن؟ خۇددى شۇنىڭدەك بايلارنىڭ ئارىسىدا تەقۋادارلار بىلەن كۇپرىلىق قىلغۇچىلار بولىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ ئىچىدىمۇ سەۋرى قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئۆزىنى باسالمايدىغانلار بولىدۇ.

يالتىراپ ھەر تامچە شەبنەم دۇرغا ئايلانسا تولۇق،
دوۋلىنىپ تۇرغاي بازاردا كوز مۇنچاقتەك قەدرى يوق.

ھەق تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى كەمبەغەللىچە ھايات كەچۈرىدىغان بايلاردۇر ۋە ھىممەتكە باي بولغان كەمبەغەللەردۇر. بايلارنىڭ

① غەزنە بار يەردە يىلان بار — كونا ئېتىقات بويىچە غەزنىنى يىلان ساقلارمىش.



ئەڭ ئالى ھىممەتلىكى شۇكى، ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى يەيدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ ياخشىسى شۇكى ئۇ بايلارنىڭ قولىغا قاراپ تۇرمايدۇ، 'كىم ئاللاغا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا يېتەرلىك!'① دىگەن ئايەت بويىچە ئىش كورىدۇ."

ئاندىن كېيىن قازى كايىش-تەنە يۈزىنى مەندىن بۇراپ دەرۋىشكە قاراتتى-دە، دىدى: "ھەي كىشى، بايلار گۇنا ئىشلارغا غەرق بولغان، كەمچىلىك-نۇقسان بىلەن مەس بولغان، دەيسەن. توغرا، (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) سەن بايان قىلغان سۈپەتلەرگە ئىگە ھىممەتسىز كىشىلەر بار، ئۇلار غەيرى قانۇنىي يول بىلەن بايلىق توپلاپ، ئۇنى ساقلايدۇ، ئۆزلىرى يېمەيدۇ، باشقىلارغىمۇ بەرمەيدۇ. مەسىلەن يامغۇر ياغمىسا ياكى جاھاننى توپان سۈيى باسسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ئىشىنىپ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان كەمبەغەللەردىن ھال سورىمايدۇ. خۇدايى تائالادىن قورقمايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

'بىراۋ ئۇلسە ئاچتىن، مەنكى خاتىرجەم،
نېنىم بار، ئۇدەككە توپاندىن نە غەم؟'

* * *

توگە ئۈستىدە ئاياللار كاجۇۋىلاردا ئولتۇرۇپ،
قۇمغا پاتقانلارنى كورسە قىلچىلىك پەرۋاسى يوق.

* * *

پەسكەشلەر گىلەمنى قۇتقازغان ھامان،
ئېيتىدۇ: 'غېمىم يوق، غەرق بولسا جاھان!'

① قۇرئان، 65-سۈرە، 3-ئايەت.

سەن ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ بارلىغىنى ئاڭلاپ ئۆتتۈڭ، لېكىن يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ نىئمەت داستىخانلىرى دائىم سېلىقلىق، سېخىلىق قولى ئوچۇق، ئۇلار ياخشى نام ۋە مەرتىۋەت ئىزدىگۈچىلەردۇر، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىگىسىدۇر. مەسىلەن، جاھاننىڭ ئادالەتلىك شاھى، (خۇدا تەرەپتىن) قوللاپ-قۇۋۋەتلەنگەن، زەپەر ۋە نۇسرەت تاپقان، مەملىكەتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى، ئىسلام قورغىنىنىڭ ھامىيسى، سۇلەيمان مۇلكىنىڭ ۋارىسى، زامانىمىزدىكى پادىشالارنىڭ ئەڭ ئادىلى، مۇزەپپەرەددىن ئاتابەك ئەبۇبەكىر سەئىد ئىبنى زەنگى (ئاللا ئۇنىڭ دەۋرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، بايراقلىرىنى ئۈزى قوغدىسۇن!) ھەزرەتلىرىنىڭ قوللىرى شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

„ئاتا ئوغلىغا ھەرگىز مۇنچىلىك كەرەم قىلماس،
سېنىڭ سېخى قولۇڭدىن بەھرىمەن جېمى ئىنسان.
خۇدا توكتى ئالەمگە چەكسىز مېھرى-شەپقەتنى،
سېنى رەھمىتى بىلەن قىلدى شاھى جاھان!“

قازى سۆزىنى شۇ يەرگە يەتكۈزۈپ، مۇبالىغە ئېتىنى بىزنىڭ چۇشەنچە-قىياسىمىزنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەندە، بىز ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇپ، يارىشىپ قالدۇق. ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دېدۇق. شۇ ماجرادىن كېيىن مادارا يولىنى تۇتۇپ. بىر بىرىمىزگە نۆۋەت بىلەن تازىم قىلدۇق، ئاندىن بىر بىرىمىزنىڭ يۈز-كۆزىدىن سۆيۈشتۇق. سۆزىمىزنىڭ ئاخىرى مۇنداق بولدى:



پەلەكنىڭ گەردىشىدىن شىكايەت قىلما ئەي مىسكىن،
ئەگەردە شۇ پېتى ئۆلسەڭ، بەختىڭ يەنە قارا، بىل.
قولۇڭدا بار چېغىدا بەختۇ-دۆلەت، ئەي بايلار،
تاپاي دېسەڭ ئىككى ئالەم، يەپ-ئىچ، ھەمدە ئېھسان قىل.

## سەككىزىنچى باپ

# ئۆزئارا مۇناسىۋەت قائىدىلىرى توغرىسىدا

### ھېكمەتلەر

1

بايلىق ئۆمۈرنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈندۇر، ئەمما ئۆمۈر مال توپلاش ئۈچۈن ئەمەس. بىر ئاقىلدىن (كىشىلەر) سوراشتى: "بەختلىك كىم ۋە بەختسىز كىم؟" ئاقىل دېدى: "بەختلىك شۇ كىشىكى، يەپ-ئىچتى ھەم تېرىدى؛ بەختسىز شۇ كىشىكى، ئۆلدى، ھەممە نەرسىسى قېپقالدى."

توخپىسىز ئۆلگەن بېخىلنىڭ نامىزىنى ئوقۇما،
مال يىغىشقا كەتتى ئۆمرى، ئۆزىمۇ نەپ كۆرمىدى.

2

مۇسا ئەلەيھىسسالام قارۇنغا① نەسىھەت قىلدى: "ئاللا ساڭا

---

① قارۇن — مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈگى ۋە پىخسىقلىقى بىلەن نامى چىققان باي.



ئېھسان قىلغاندەك، سەنمۇ كىشىلەرگە ئېھسان قىل!"① ئۇ قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى سەن ئاڭلىغان!

كىم ياخشى بىر ئىش قىلمىسا دىنار-دەرەمدىن،②
ئاخىر بېشىنى بەرگۈسىدۇر دىنار-دەرەمگە.
گەر بەھرە ئالاي دېسەڭ ھەر ئىككى دۇنيادىن،
ئاللا ساڭا قىلدى كەرەم، قىل سەنمۇ ئادەمگە.

ئەرەپ ئېيتىدۇ: "ياخشىلىق قىل، ئەمما مىننەت قىلما، چۈنكى، پايدىسى ئۆزەڭگە بولىدۇ!"③ يەنى سېخىلىق قىل، ئەمما مىننەتدارلىق تەلەپ قىلما، چۈنكى پايدىسى ئۆزەڭگە قايتىدۇ!

كەرەم④ دەرىخى سۈرسە يىلتىز قايان،
ئۇسەر شاخ ۋە تاجى پەلەكتىن بەلەن.
ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئەگەر يەي دېسەڭ،
تىگىن ھەرىدەپ كەسمە مىننەت بىلەن.

* * *

شۈكرى قىلغىن خۇداغا، ياخشىلىققا ئېرىشتىڭ،
سېنى نېمەت-بەرىكەتتىن قالدۇرمىدى بىر چەتتە،

---

① قۇرئان، 28-سۇرە، 77-ئايەت.
② دىنار ۋە دەرەم — پۇل-ئاقچا، تەڭگە-تىللا مەنىسىدە.
③ بۇ سوزلەر ئەسلى ئەرەپچە بولۇپ، مۇئەللىپ پارسچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. شۇڭا پىكىر تەكرار بىلىنىدۇ.
④ كەرەم — ياخشىلىق، سېخىلىق.

قىلچە مىننەت قىلمىغىن، خىزمەت قىلساڭ سۇلتانغا.
مىننەتدار بول ئۇنىڭدىن تۇتقاچ سېنى خىزمەتتە.

### 3

ئىككى خىل كىشىنىڭ جاپا تارتقىنى بىكار، تىرىشقىنى پايدىسىز: بىرى مال يىغدى، يېمىدى؛ يەنە بىرى ئۆگەندى، ئەمەل قىلمىدى.

ئىلىمنى قانچىلىك ئۆگەنسەڭ، ئۆگەن،
مۇبادا ئىشلەتمىسەڭ نادانسەن.
ئەمەسسەن نە ئالىم، نە بىر دانىشمەن،
توت پۇتلۇق ئۇلاغسەن، كىتاپ يۈكلەنگەن.
ئۇ بىر مىڭىسىزكى، ھېستىن بىخەۋەر،
بىلمەس ئۈستىدىكى ئوتۇنمۇ، دەپتەر.①

### 4

ئىلىم دىنىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، ھەرگىز مال-دۇنيا تېپىش ئۈچۈن ئەمەس.

كىمكى پەرھىز، ئىلمۇ تەقۋالىقنى سېتىپ پۇل قىلار،
بىر دوۋە خامانىنى تۇپلاپ ئوت يېقىپلا كۆل قىلار.

---

① دەپتەر — بۇ يەردە كىتاپ مەنىسىدە.



### 5

پەرھىز قىلمايدىغان ئالىم — مەشئەل كوتىرىۋالغان قارغۇ، ئۇ باشقىلارغا يول باشلايدۇيۇ، ئەمما ئۆزى توغرا يولدا ماڭمايدۇ.

كىمكى بىپايدا ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى.
نەرسە ئالماستىن پۇلنى بۇزدى.

### 6

مەملىكەت ئۆز ئالىملىرى بىلەن ھوسۇن-جامال تاپىدۇ، دىن پەرھىزكار كىشىلەر بىلەن كامالەتكە ئېرىشىدۇ. ئاقىللارنىڭ پادىشاغا يېقىنلىشىشقا مۇھتاج بولۇشىدىن كورە پادىشالار دانىشمەنلەرنىڭ سوھبىتىگە كوپرەك مۇھتاج بولىدۇ.

قۇلاق سال، بىر نەسىھەت ساڭا ئەي شاھ،
جاھاندا مۇندىن ئارتۇق يوق نەسىھەت.
ئەمەل بەرمە ئاقىللاردىن بولەككە،
ئەگەر ئاقىل ئىش-ئەمەلدىن بولسىمۇ چەت.

### 7

ئۈچ نەرسىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس: تىجارەتسىز مال؛ بەس-مۇنازىرىسىز ئىلىم؛ سىياسەت-قانۇنى بولمىغان دولەت.

## 8

يامانلارغا رەھىم قىلىش — ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر، زالىملارنى ئەپۇ قىلىش — كەمبەغەللەرگە جەۋرى سېلىشتۇر.

بولسا ياۋۇزغا سېنىڭ غەمخورلۇغۇڭ، يۇمشاقلىغىڭ،
قىلسا ئۇ ئەلدە جىنايەت، بار سېنىڭ ئورتاقلىغىڭ.

## 9

پادىشانىڭ دوستلۇغىغا ۋە گودەكلەرنىڭ خۇش ئاۋازىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئاۋالقىسى بىر گۇمان بىلەن ئاينىپ قالىدۇ، كېيىنكىسى بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

يارى كوپ مەشۇقنا دىلنى بەرمىگىل،
بەرگىنىڭدە سەندىن ئايرىلغۇسى دىل.

## 10

ھەرقانداق ئىچ سىرىڭنى دوستۇڭغا توكمە. چۈنكى بىر چاغ كېلىپ ئۇنىڭ دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىشىنى نەدىن بىلىسەن؟ شۇنىڭدەك، قولۇڭدىن كەلسە ھەرقانداق ئاچچىق-غەزەپنى دۈشمىنىڭگە قىلما، چۈنكى ۋاقتىنىڭ ئوتۇشى بىلەن ئۇ دوست بولۇپ قېلىشى



مۇمكىن. يوشۇرۇن ساقلىماقچى بولغان سىرىڭنى ھېچكىمگە ئاچما، گەرچە بەك سەممىي دوستۇڭ بولسىمۇ؛ چۈنكى بۇ دوستۇڭنىڭمۇ سەممىي دوستى بولۇشى مۇمكىن، گويا زەنجىرسىمان.

"سىرىمنى دەي ساڭا، ئېيتما كىشىگە!"
دىگەندىن ئەلۋەتتە سۈكۈت ياخشىراق.
ئەي پاكدىل، باشتىن توس بۇلاق سۈيىنى،
ئۇستەڭلەپ ئاققاندا تەس بولۇر توسماق.

* * *

سىر تۇتقان ھەر سوزنى ئاچماسلىق كېرەك،
ھەرقانداق سورۇندا ئېيتماسلىق كېرەك.

## 11

ئىتائەت قىلىش ئىپادىسىنى كورسەتكەن ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلغان ئاجىز دۈشمەن پەقەت كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى "دوستلارنىڭ دوستلۇغىغا ئىشەنچ يوق" دىيىلىۋاتقان يەردە، دۈشمەننىڭ خۇشامەتكويلۇغىغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن؟!

## 12

كىمكى كىچىك دۈشمەننى بەك تۆۋەن چاغلىسا، كىچىككىنە ئوتنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇچۇرمەي قويغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ.

ئىمكان بار ئۇتنى سەن بوگۈنلا ئۇچۇر،
ئەۋج ئالسا ئورتىنەر پۈتۈن يەر-جاھان.
ياۋنى ئوقتا مىخلاش مۇمكىن بولغاندا،
ئاڭا ئوق ئېتىشقا بەرمىگىن ئىمكان.

## 13

ئىككى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا سوزنى شۇنداق قىلغىنكى، ئەگەر ئۇلار دوست بولۇپ قالسا، خىجىللىقتا قالمايدىغان بول.

جىدەل خۇددى ئوتتۇر ئىككى شەخس ئارا،
ئوتۇن سالغۇچىدۇر سۇخەنچى ئاڭا.
ئەگەر ئىككىسى بولسا قايتا ئىناق،
سۇخەنچى رەزىلنىڭ ئىشى ئەك چاتاق.

* * *

دوست بىلەن سوزلەشسەڭ، ئاستا سوزلىگىن،
قان ئىچەر دۈشمىنىڭ ئاڭلاپ قالمىسۇن.
ھوشيار بول، سوزلەشسەڭ تامنىڭ تۈۋىدە،
ئارقىدا يات قۇلاق تىڭلاپ قالمىسۇن.

ئىككەيلەن ئارا ئوت يېقىپ پۈۋلىمەك —
ئەقىلدىن ئەمەس ئوزنى ھەم ئورتىمەك.



## 14

كىمكى دۈشمەنلەر بىلەن سۈلھى تۈزسە،① (بۇ ئۇنىڭ) دوستلىرىنى رەنجىتىدىغان يولنى تۇتقىنى.

ئەي ئاقىل، شۇ دوستتىن ئالاقەڭنى ئۈز،
ئەگەر دۈشمىنىڭگە بولۇپ قالسا ئۈز.

## 15

بىر ئىش توغرىلىق ھوكۇم قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالساڭ، خاپىچىلىقى ئازراق تەرەپنى تاللىۋال.

مۇلايىم كىشىگە قوپال سوزلىمە،
بىراۋ ئەپ ئۇتەي دىسە جەڭ كوزلىمە.

## 16

ئىش ئالتۇن بىلەن پۈتىدىغان بولسا، جاننى خەتەرگە تويماسلىق كېرەك، ئەرەپ ئېيتىدۇ: "ھىلىگەرلىكنىڭ ئاخىرقى چېكى—قىلىچ."

---

① بەزى نۇسخىلاردا: "ئوز دوستىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ياراشسا" دېيىلگەن.

پۈتۈن ھىلىلەرنى قىلىپ كورگەن قول،
يېپىشسا قىلىچقا شۇ چاغدا ماقۇل.

17

ئاجىز دۈشمەنگە رەھىم قىلما، چۈنكى ئەگەر قۇدرەت تاپسا، سېنى ئاياپ قويمايدۇ.

ئاجىز كورۇپ دۈشمەننى، ئۆزەڭنى چوڭ تۇتما بەك،
ھەر سوڭەكتە يىلىك بار، ھەر كوينەكتە بىر ئەركەك.

18

كىمكى جىنايەتكار ياۋۇزنى ئولتۇرسە، خەلقنى ئۇنىڭ ياۋۇزلۇغىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى بولسا خۇدانىڭ ئازاۋىدىن قۇتقۇزغان بولىدۇ.

ئەگەرچە ياخشىدۇر شەپقەت، ۋە لېكىن
يامانىنىڭ يارىسىنى قىلما پەرۋىش.
يىلانغا رەھىم قىلغان شۇنى بىلمەس:
زۇلۇمدۇر ئادەم ئەۋلادىغا بۇ ئىش.

19

دۈشمەنىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىش خاتا، لېكىن ئاڭلاپ



قويۇش راۋا. چۈنكى ئۇنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلساڭ توغرا بولۇپ چىقىدۇ.

ھەزەر قىل، "مۇنى قىل" دەپ ئېيتسا دۈشمەن،
تىزىڭغا بىر ئۇرۇپ "ۋاي ئاپلا!" دەيسەن.
"ئۇدۇل ماڭ" دەپ ساڭا كورسەتسە يولنى،
بۇرۇل دەرھال بۇ يولدىن، كوزلە سولنى.

20

ھەددىدىن زىيادە غەزەپلىنىش ۋەھىمە تۇغدۇرىدۇ، ئورۇنسىز يۇمشاقلىقمۇ ھورمەتنى كەتكۈزىدۇ. قوپاللىق قىلما. كىشلەر سەندىن بىزار بولىدۇ؛ ئۇنچىلىك يۇۋاشمۇ بولۇپ كەتمە، كىشلەر سېنى كوزگە ئىلمايدۇ.

قاتتىقلىق، يۇمشاقلىق بىرلەشسە ياخشى،
قان ئالسا تومۇردىن، تاڭار نەشتەرچى.
ئاقىللار ھەرگىزمۇ قىلماس قوپاللىق،
ھەم توكمەس قەدرىنى قىلىپ بوشاڭلىق.
ئۆزىنى باشقىدىن كورمەيدۇ ئەلا،
شۇنداقلا خار قىلماس ئۆزىنى ئەسلا.

* * *

دىدى چوپان ئاتاغا: "ئەھلى ھىكمەت!
ماڭا قىلساڭچۇ بىر ياخشى نەسىھەت."

دېدى: "مەرتلىكنى سەن چەكتىن ئاشۇرما،
چىشى تېز بۆرىنى مەيلىگە قويما!"

21

ئىككى كىشى دۆلەت بىلەن دىنىنىڭ دۈشمىنى: بىرى زالىم پادىشا، يەنە بىرى بىلىمسىز ئىشان.

بولمىسۇن ئەلگە ھوكۇمدار پادىشا،
ھەققە بوي سۇنغۇچى بەندە بولمىسا.

22

پادىشا ئۆز دۈشمەنلىرىگە ھەددىدىن تاشقىرى غەزەپلەنمەسلىكى كېرەككى، (بولمىسا) دوستلىرىنىڭ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويىدۇ، غەزەپ ئوتى ئاۋال ئۆز ئىگىسىگە تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلەنگىسى دۈشمەنگە يېتىپ بارىدۇ ياكى يېتىپ بارمايدۇ.

توپىدىن يارالغاچ ئەسلى ئادەمىزات،
كىبىر، غەزەپ، مەنمەنلىك بولسۇن ئاڭا يات.
مۇنچىلىك بىرەھىم چوڭچى بولساڭ سەن،
ئەسلىڭ توپا ئەمەس، ئوتىمىكىن دەيمەن.

* * *



بەيلەقاندا① يولۇققان ئابىتقا دېدىم:
"تەربىيەڭدە دىلىمنى يۈيۈپ ئاقارتقىن!"
ئۇ دېدى: "توپىدەك سەۋر قىل، ئالىم،
يا ئوقۇغانلىرىڭنى توپىغا كۆمگىن!"

23

بەتخۇي ئادەم دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ-دە، نەگە بارمىسۇن ئۇنىڭ ئازاۋىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

بالا-قازا ئىلكىدىن كوككە كەتمىسۇ بەتخۇي،
دائىم بالا كورىدۇ ئۆز پەيلىنىڭ دەستىدىن.

24

دۈشمەن قوشۇنىدا بولۇنۇش يۈز بەرگەنلىكىنى كورگەندە، كوڭلۇڭنى خاتىرجەم تۇت، ئەگەر بىرلىشىۋاتقانلىقىنى كورسەڭ، (ئۆز قوشۇنۇڭدا) پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىشتىن ئەنسىرە.

بېرىپ، دوستلار بىلەن راھەتتە ئولتۇر،
ئەگەر دە دۈشمىنىڭ بولسا جېدەلدە.
ئۇلار يەكدىللىكىنى بايقىساڭ سەن،
سېپىلگە تاش توشۇپ، ياپىڭنى ئەتلە.

① بەيلەقان — ئازاربەيجاندىكى قەدىمقى بىر شەھەر.

25

دۈشمەن بارلىق ھىيلىلەرنى ئىشلىتىپ دەرمانى قالمىغاندا دوستلۇق زەنجىرىنى جىرىڭشىتىدۇ، بۇنداق چاغدا، "دوستلۇق" بويىچە ھېچقانداق دۈشمەن قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

26

يىلاننىڭ بېشىنى دۈشمەن قولى بىلەن يەنچىپ تاشلا، ھېچ بولمىغاندا ئىككى ياخشى ئىشنىڭ بىرىگە ئېرىشمەي قالمايسەن: ئەگەر دۈشمەن غالىپ كەلسە، يىلاننى ئۆلتۈرگەن بولىسەن، ئەگەر يىلان ئۈستۈن چىقسا، دۈشمەندىن قۇتۇلىسەن.

جەڭ كۈنى ئاجىز كۆرۈپ دۈشمەننى سەن سەل چاغلىما،
جېنىدىن ئۈزسە ئۈمىت، شىرنىڭ بېشىنى يەنچىگەي.

27

دىلنى رەنجىتىدىغان خەۋەرنى ئۇقساڭ، سۈكۈت قىل، باشقىلار يەتكۈزسۇن.

ئەي بۇلبۇل كۆكلەمدىن يەتكۈز خوش خەۋەر،
شۇم خەۋەرنى پۈتكۈل ھۇقۇشلارغا بەر.



28

بىراۋنىڭ خائىنلىقىنى پادىشاغا (دەرھال) يەتكۈزمە، پەقەت بۇ خەۋەرنىڭ پادىشا قوبۇل قىلىشقا ئىشەنچلىك كامىل بولغان چاغدىلا يەتكۈز، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزەڭنىڭ ھالاك بولۇشىغا تىرىشقان بولىسەن.

سۆز قورالىنى ئۆز پەيتىدە ئىشلەت،
تەسىر كۆرسىتىشكە ئىشەنسەڭ پەقەت.

29

مەنمەنچىگە نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۆزى نەسىھەتكە مۇھتاج.

30

دۈشمەننىڭ ئالدىمىغا چۈشمە ۋە مەدداھنىڭ ماختىشىنى بىر تىيىنگە ئالما، چۈنكى ئاۋالقىسى ھىيلىگەرلىك تورىغىنى قۇرىدۇ، كېيىنكىسى تاماخورلۇق ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

ئەخمەق ئادەمگە ماختاش ياقىدۇ، نىمىتە قىلىنغان گۆشنىڭ توپۇقىدىن پۈۋلەپ يەل بەرسەڭ، سېمىز كۆرۈنىدۇ.

قۇلاققا ئالمىغىن مەدداھ سۆزىنى،
كۆزلەيدۇ ئاز-تولا سەندىن مەنپەئەت.

بىر كۈن تىلىگىنى قاندۇرمىساڭ سەن،
يۈزلەپ ئەيىۋىڭنى سانار ئاقۋەت.

## 31

سۆزلىگۈچىنىڭ كەمچىلىكىنى بىراۋ كۆرسىتىپ بەرمىگىچە، ئۇنىڭ سۆزى تۈزەلمەيدۇ.

غۇرۇرلانما ناتىقلىق كىبىرىڭ بىلەن،
نادانىڭ ماختىشى ھەم ئۆز پىكرىڭ بىلەن.

## 32

ھەممە كىشىگە ئۆز ئەقلى كامالەتكە تولغان تۇيۇلىدۇ ۋە ئۆز بالىسى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

بىر جوھۇت سىز تالاشقانتى مۇسۇلمان بىلەن،
ئاڭلاپ ئۇنى كۈلگۈم كەلدى، بولدۇم خەندانمەن.
"بۇ ۋەسىقەم، — دىدى مۇسلىم غەزىۋى ئورلەپ، —
ساختا بولسا جوھۇت بولۇپ ئۆلەي شۇ ئان مەن!"
"قەسەم ئىچەي تەۋرات بىلەن، — دىدى يەھۇدى، —
سۆزۈم يالغان بولسا سەندەك بىر مۇسۇلمانمەن!"
يەر يۈزىدىن ئەقىل-ئىدرەك يوق بولۇپ كەتسە،
ھىچكىم دىمەس ئۆز ئۆزىنى ئەخمەق-نادانمەن.



## 33

ئۇن ئادەم بىر داستىخاندا تائام يەيدۇ، ئەمما ئىككى ئىت بىر تاپ ئۈستىدە چىقىشالمايدۇ. ئاچكۆز ئادەم پۈتۈن جاھان بىلەنمۇ تويمايدۇ. قانائەت قىلغۇچى بىر نان بىلەن توق يۈرىدۇ، شۇڭا دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: "مال-مۈلۈك بىلەن باي بولغاندىن كۆرە قانائەت بىلەن باي بولغان ياخشىراق".

تار ئۈچەينى تولدۇرار ھەرئاندا بىرنان بەركىتى،
تويدۇرالماس كۆزى ئاچنى يەر يۈزىنىڭ نىئمىتى.

* * *

ئاتامنىڭ ئۆمرىمۇ ئاخىرغا يەتتى،
ماڭا مۇنداق نەسىھەت قىلدى، كەتتى:
"سىرئوت شەھۋەت، ئۇنىڭدىن ئەيلە پەرھىز،
جەھەننەمگە ئۆزەڭنى ئاتما ھەرگىز.
قىلالمايسەن بۇ ئوتقا زەررە تاقەت،
سەۋر سۈيىنى چاچ، بۇگۈنلا يوق ئەت!"

## 34

كىمكى كۈچ-قۇۋۋىتى بار چېغىدا ياخشىلىق قىلمىسا، يامان كۈنگە قالغاندا جاپا-مۇشەققەت تارتىدۇ.

زالىملاردەك ھېچكىم شۇم تەلەي ئەمەس،
ئېغىر كۈندە ئۇنى كىشى دوست دېمەس.

## 35

تېز قولغا كەلگەن نەرسىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ.

شەرقتىكى يۇرتلاردا ئاڭلىدىم، چىقار
قىرىق يىلدا ئارانلا بىر جانان چىنە.
مەردەشتتە① ھەركۈنى ياسايدۇ يۈزلەپ،
كۆرىسەن، قىممىتى توت تىيىنگىنە.

* * *

چوجىلەر چىقسا تۇخۇمدىن، شۇ زامات ئىزلەيدۇ دان،
يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتا ئەقىل-پەمدىن يوقتۇر ئىز.
ئۈنىسى تېز ئەي بولۇپ، ھېچنەرسىگە ئۇلاشمىغاي،
بۇنىسى قۇدرەت-كامالدا بارچە جانداردىن ئېگىز.
شىشە كوپتۇر ھەممە جايدا، شۇ سەۋەپتىن قەدرى يوق،
لەئلىنى تاپماق قىيىن، شۇڭلاشقا قىممەت، بەك ئەزىز.

## 36

ھەرقانداق ئىش سەۋىرچانلىق بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق كىشىنى پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ.

① مەردەشت — پارس تۆپرىغىدىكى ئۈچ رايوننىڭ بىرى.



كۆزۈم بىلەن كۆردۈم چۆلدە مەن شۇنى:
يۈگرىگەندىن ئۆزدى سالماق ماڭغىنى.
شامالدەك يۈگرۈك ئات ھاردى بىر دەمدە،
توگىچى ماڭاتتى پۇختا قەدەمدە.

## 37

نادانغا سۈكۈت ساقلاشتىن ياخشى نەرسە يوق، ئەگەر بۇ مەسلەھەتنى چۈشەنسە، ئۇ نادان بولماس ئىدى.

ئەگەردە بولمىسا خىسلەت، كامالىڭ،
تىلىڭنى ئاغزىڭدا ساقلاش ياخشىراق.
تىل دېگەن ئادەمنى بۇلغاپ قويىدۇ،
پۇچەك بىر ياڭاقتا يوق قىلچە سالماق.

* * *

ئېشەككە بىر نادان تەلىم بىرەتتى،
كۈچىنى سەرپ قىلىپ بىھۇدە ھەرچاق.
دېدىكى بىر ھەكىم: ”ئاۋارە بولما،
كېيىن تەستۇر يامان تىلدىن قۇتۇلماق.
ئېنىقكى، سەندىن ھايۋان تىل ئۆگەنمەس،
ئۇنىڭدىن سەن ئۆگەن سۈكۈتتا بولماق.“

* * *

جاۋاپنى ئويلانماي بەرسە بىر ئىنسان،
سۆزىدە كۆپىنچە بايقىلار نۇقسان.

یاکی بەر سوزۇڭگە ئەقلدىن زىننەت،
یا ئولتۇر ھايۋاندەك جىمجىت داۋامەت.

## 38

كىمكى دانالىغىمنى كىشلەر بىلسۇن، دەپ ئۇزىدىن داناراق كىشى بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلسا، ئۇزىنىڭ نادانلىغىنى بىلدۇرۇپ قويىدۇ.

ئۇزەڭدىن چوڭ كىشى بىر سوز باشلىسا،
بىلسەڭمۇ ياخشىراق، ئىتىراز قىلما.

## 39

كىمكى نادان بىلەن ئۇلپەت بولسا، ياخشىلىق كورمەيدۇ.

پەرىشتە گەر بولسا دىۋىگە ئۇلپەت،
ئۇگەنگەي ۋەھشىلىك، مىكىر، خىيانەت.
ياماندىن ياخشىلىق ئۇگەنمەس كىشى،
بولالمايدۇ بورە جوۋا تىككۇچى.①

---

① بورە مالنىڭ تېرىسىنى يىرتىدىغان يىرتقۇچ تۇرسا قانداقمۇ جوۋىچى بولالىسۇن دىمەكچى.



## 40

كىشلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەيىۋىنى تاتىلاپ ئاچما، چۇنكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىش بىلەن بىللە ئۇزەڭنىمۇ ئىشەنچىسىز ئادەم قىلىپ قويىسەن.

## 41

كىمكى ئىلىم ئۇگىنىپ، ئەمەلدە ئىشلەتمىسە، يەرنى ھەيدەپ قويۇپ، ئۇرۇغ چاچمىغانغا ئوخشاش.

## 42

دىلسىز تەن تائەت-ئىبادەتكە يارىمايدۇ، پۇچەك شاكال مال قاناتىغا كىرمەيدۇ.

## 43

ھەرقانداق ئادەم كۇرەشتە چاققان، مۇئامىلىدە توغرا بولىۋەرمەيدۇ.

كوپلىگەن چۇمبەلدە كېلىشكەن قامەت،
بىر موماي كورىسەن ئاچساڭ شۇ سائەت.

## 44

بارلىق كېچىلەر قەدىر كېچىسى بولسا، قەدىر كېچىسىنىڭ قەدرى

بولماس ئىدى.①

بارچە تاش بولسا بەدەخشان ياقۇتى،
تەڭ بولاتتى تاش ۋە ياقۇت قىممىتى.

## 45

ھەركىم تاشقى كورۇنۇشتە چىرايلىق بولسا، ئىچكى دۇنياسى گۇزەل بولۇۋەرمەيدۇ. ئىش كوڭۇلدە، ھەرگىز تېرىدە ئەمەس.

بىلەلەيسەن ئادەمنى تۇرقىدىنلا بىركۇندە،
قانچىلىك ئېرىشكەن ئۇ ئىلىم-بىلىم تەلىمگە.
لېكىن قەستتىن ھۇشيار بول، ئالدامغا چۇشۇپ قالما،
رەزىل يۇرەك ئۇزۇن يىل مەلۇم بولماس ھېچكىمگە.

## 46

كىمكى ئۇلۇغلار بىلەن ئېلىشسا، ئۇز قېنىنى توكىدۇ.

ئۇزەڭنى بەكمۇ چوڭ چاغلايسەن ئەجەپ،
راست گەپ شۇ: ئالغاي كوز بىرنى كورەر قوش.

---

① قۇرئاننىڭ 97 - سۇرىسىدە: "قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىنمۇ خەيرلىك" دەپ ئېيتىلغان. بۇ كېچە رامىزان ئېيىنىڭ 27 - كېچىسى بولۇپ، قۇرئان دەسلەپ شۇ چاغدا چۇشۇرۇلگەن.



بېشىڭنى يېرىلغان كورسەڭ تېزلا،
قوشقار بىلەن قىلساڭ بىركاللا سوقۇش.

## 47

شىر بىلەن پەنجىمۇ-پەنجە ئېلىشىش ۋە قىلىچقا مۇشت ئېتىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس.

كۇچ سىناشما مەس① بىلەن سەن، ئال ئۇزەڭنى دالدىغا،
قولتۇغۇڭغا قىس قولۇڭنى كۇچلۇك پەنجە ئالدىدا.

## 48

كۇچلۇك ئادەمگە باتۇرلۇق كورسەتكەن زەئىپ ئادەم ئۇز ھالاكىتىدە دۇشمىنىگە يار-يولەكتە بولىدۇ.

ئەكە-نازۇكتا نەدە كۇچ، تاقەت،
باتۇرلار بىلەن جەڭگە چىقىشقا؟
ئاجىز قول چۇشەر نادانلىق قىلىپ،
تومۇردەك پەنجە بىلەن ئېلىششقا.

---

① "مەس" سوزى بۇ يەردە "قۇترىغان" مەنىسىدە بولۇپ، قۇترىغان شىرنى كورسىتىدۇ.

49

كىمكى نەسىھەت ئاڭلىمىسا، ئۇنىڭ نېسىۋىسى تاپا-تەنە ئاڭلاش بولىدۇ.

تۇتمىساڭ قۇلاقتا نەسىھەتنى،
ئۇنچۇقما ئاڭلىساڭ مالامەتنى

50

قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەر قابىلىيەتلىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ، خۇددى بازار ئىتلىرى ئوۋ ئىتلىرىنى كۆرسە قاۋاشقا باشلاپ، قېشىغا يېقىن بارالمىغاندەك.

پەس ئادەملەر ھۈنەر-پەزىلەتتە باشقىلار بىلەن تەڭ كېلەلمىسە، رەزىللىكى بويىچە ئارقىدىن غاجاشقا باشلايدۇ.

ناتىۋان ئاجىز ھەسەتچى ئارقىدىن غەيۋەت قىلار،
چۈنكى، ئاغزى گەپكە كەلمەس يۈزمۇ-يۈز تۇرغاندا ئۇ.

51

ئەگەر قوساق ئالدىراتمىسا، ھېچبىر قۇش تۇزاققا چۈشمەس ئىدى، شۇنداقلا ئۇۋچىنىڭ ئۆزىمۇ تۇزاق قۇرماس ئىدى.



52

ھەكىملەر ئۇزاق-ئۇزاقتا تاماق يەيدۇ، ئابدالار يېرىم توق غىزالىنىدۇ، زاھىتلار جېنى ئامان قالغۇدەكلا تاماق يەيدۇ، ياشلار قاچا-تاۋاقنى يىغىشتۇرغانغا قەدەر يەۋېرىدۇ، قېرىلار تەرلىگىچە يەيدۇ. ئەمما قەلەندەر شۇنداق كۆپ يەيدىكى، قوسىقىدا نەپەس ئالغۇدەك يەر قالمايدۇ، داستىخاندىن باشقىلارنىڭ رىزقى-نېسىۋىسىنىمۇ سۈپۈرۈۋېتىدۇ.

قوساققا ئەسىر بەندە ئۇخلىيالماس ئىككى كېچە:
بىركېچە قوساق تاشتەك، بىركېچە تاماق غېمىدە.

53

ئاياللار بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ئىش بۇزۇلىدۇ، يامان ئادەملەرگە مەرتلىك قىلىش گۇنا.

قىلىش چىش قايرىغان يولۋاسقا شەپقەت
بولۇر قويلارغا شەكسىز جەۋرى-كۈلپەت.

54

كىمكى ئالدىدىكى دۈشمەننى ئۆلتۈرمىسە، ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن.

قولۇڭدا تاش تۇرسا، يىلان ھەم تاشتا،
ئۇيلانساڭ ئۇلتۇرمەي، ئەقىل يوق باشتا.

بەزىلەر بۇ پىكىرنىڭ تەتۈرسىنى ماقۇل كورۇپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەسىرلەرنى ئۇلتۇرۇشتە ئۇيلانغان ياخشىراق، چۇنكى ئىمكانىيەت قالىدۇ: ئۇلتۇرۇشمۇ مۇمكىن، خۇنىدىن ئۇتۇشمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۇيلانماستىنلا ئۇلتۇرۇۋېتىلسە، ئۇ چاغدا بىر ياخشى مەسلىھەت بەربات بولۇپ كېتىپ، ئۇنى ئورنىغا كەلتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بار.

تىرىكنى جېنىدىن ئايرىش بەك ئاسان،
ئۇلگەننى تىرگۇزۇشكە يوق ئىمكان.
ئۇقياچىدا تاقەت ــ پەمدىن ئالامەت،
ئۇقيادىن چىققان ئوق قايتمايدۇ پەقەت."

55

نادان بىلەن سوز تالىشىپ قالغان دانا كىشى ئۇزىگە ھورمەت قىلىشنى كۇتمەسلىگى كېرەك، ئەگەر نادان كىشى دانانى سوزدە يېڭىۋالسا، ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۇنكى تاش گوھەرنى پارچىلاپ تاشلايدىغۇ!

تاڭ قالما، سايراشنى تاشلىسا بىر يول
قاغىغا قەپەسداش بولغان بىر بۇلبۇل.



* * *
ياخشى ئادەم كورسە پەسكەشتىن ئەلەم،
چەكمىسۇن دەرت، بولمىسۇن دىل ھەسرىتى.
زەر قەدەھنى قىلسا پارە ئەسكى تاش،
زەر پەسەيمەس، ئوسمەس تاشنىڭ قىممىتى.

56

ئاقىل ئادەم بىر توپ چۇپرەندىلەر ئارىسىدا سوزىنى ئاقتۇرالىمىسا، ئەجەبلەنمىگۇلۇك، چۇنكى دۇمباقنىڭ گۇمبۇرلىشى تەمبۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتقۇزمايدۇغۇ، ھەمدە سامساقنىڭ پۇرىغى ئەنبەرنىڭ ھىدىنى بېسىپ كېتىدۇغۇ.

چىقىراق بىر نادان كەتتى كورەڭلەپ،
سوكۇشتە دانانى باپلىدىم مەن دەپ،
بۇ ئەخمەق بىلمەسكى، ھىجاز كۇيىنى
ئۇرۇش دۇمبىغىنىڭ يوق ئەتكىنىنى.

57

گوھەر پاتقاققا چۇشۇپ كەتسىمۇ، يەنىلا قىممەتلىك، چاڭ-توزاڭ ئاسمانغا ئورلىسىمۇ، ھامان يارامسىز. قابىلىيەت بولغان بىلەن تەربىيە بولمىسا بىكار، ئۇنۇمسىز تەربىيىنىڭمۇ پايدىسى يوق. كۇل ئالى نەسەپتىن كېلىپ چىقىدۇ، چۇنكى ئوتنىڭ ئەسلى زاتى

ئۇستۇن، لېكىن ئۇزىدە بىرەر ئارتۇقچىلىق بولمىغانلىقتىن توپا بىلەن باراۋەر. شېكەرنىڭ قىممىتى قومۇشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇزىدىكى خۇسۇسىيەتتىن.

لاياقەتسىز ئىدى ئەسلىدە كەنئان،①
رەسۇل ئوغلى بولۇش كەلتۇرمىدى شان.
پەزىلەت كورسەت، ئاچما گەپ شەجەردىن②
تىكەندىن چىقتى گۈل، ئىبراھىم ئازەردىن.

## 58

مۇشك خۇش پۇراق چاچقانلىغى ئۇچۇن مۇشك، ھەرگىز ئەتتار-نىڭ③ ماختىغانلىغى ئۇچۇن مۇشك ئەمەس. دانا كىشى ئەتتارنىڭ قۇتىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇ سوز ئاچماستىنلا ئۆز پەزىلىتىنى كورستى-ۋېرىدۇ؛ نادان ئادەم جەڭ دۇمبىغىغا ئوخشايدۇ، گۇلدۇرى بار، ئىچى قۇرۇق.

نادانلار ئارا بولغان بىر ئالىمنى
بىر مەسەلدە كىشىلەر دەل ئېيتقان:
"كورلارنىڭ ئارىسىدا مەھبۇپ ئۇ،

① كەنئان — نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى بولۇپ، رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، دىنسىزلار بىلەن توپان سۇيىدە غەرق بولغان.
② شەجەر — دەرەخ. بۇ يەردە كېلىپ چىقىش، نەسەپ مەنىسىدە.
③ ئەتتار — خۇش پۇراق نەرسە ساتقۇچى تىجارەتچى.



ياكى بىتئەتچى ئويىدىكى قۇرئان."

## 59

ئومۇر بويى ئاران قولغا كەلتۇرگەن دوستىنى بىر دەمدىلا رەنجىتىش يارىمايدۇ.

تاش ئۇزاق يىلدا ئاران ياقۇت بولۇر،
بىر نەپەستە چاقما زىنھار تاش بىلەن.

## 60

ئەقىل دىگەن نەپىسنىڭ ئىلكىگە چۇشۇپ قالغانكى، گويا ئاجىز ئەر جاڭجالچى خوتۇنىنىڭ قولىغا چۇشۇپ قالغاندەك.

خوشاللىق ئىشىگى ئېتىلگەي شۇ ئان،
شۇ ئويدە ئايال بىر كوتەرسە چۇقان.

## 61

كۇچسىز ئوي-پىكىر ھىلە-مىكىردىن ئىبارەت، تەدبىرسىز كۇچ ياۋايىلىق ۋە تەلۋىلىك.

ئاۋال پاكلىق، ئەقىل، تەدبىر، ئاندىن كېيىن سەلتەنەت،
چۇنكى نادان قورال قىلغاي ھەققە قارشى دولەتنى.

## 62

ئۇزى يەپ-ئىچىپ، باشقىلارغىمۇ بېرىدىغان مەرت ئادەم روزا تۇتۇپ مال يىغىدىغان سوپىدىن ياخشى.
كىمكى خەلق مېنى ئەزىز دىسۇن دەپ، دۇنيانىڭ لەززىتىدىن ۋاز كەچسە، ھالال لەززەتنى ھارامغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

سوپى دىگەن ئولتۇرماس خۇدانى دەپ خىلۋەتتە،
نىمە كورەر بىچارە قاپ-قاراڭغۇ ئەينەكتە.

## 63

ئاز-ئاز نەرسە كوپ بولۇر، تامچە-تامچە كول بولۇر؛ يەنى بىلىگىدە كۈچ-قۇۋۋىتى يوق كىشىلەر ئۇششاق تاشلارنى يىغىپ ساقلاپ قويسۇن، پۇرسەت كەلگەندە زالىمنىڭ مىڭىسىنى يەنچىپ پۇخادىن چىقىدۇ.

تامچە-تامچىلار ئىقىن بولۇر تېز،
ئىقىن قوشۇلۇپ بولىدۇ دېڭىز.

*　　*　　*

ئاز-ئاز نەرسە يىغىلىپ بىسيار بولۇر،
دانە-دانە غەللە-دان ئامبار بولۇر.



## 64

ئالىم كىشى ساۋاتسىز نادانىڭ ئەخمەقلىغىنى يۇمشاقلىق بىلەن ئۇتكۇزۇۋەتمەسلىگى كېرەك، چۈنكى بۇنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە زىيىنى بار: ئاۋالقىسىنىڭ ھورمىتى چۇشسە، كېيىنكىسىنىڭ نادانلىغى كۇچىيىدۇ.

نادانىغا ئەگەر سوزدە خوش-خوش دىسەڭ،
ئۇسۇپ كىبرى بىردىنلا بولغاي كورەڭ.

## 65

گۇنا دىگەن ھەرقانداق ئادەمدىن سادىر بولسا ئۇياتلىق بىر ئىش بولىدۇ، ئەگەر ئالىملاردىن ئوتۇلۇپ قالسا، تېخىمۇ يامان؛ چۈنكى ئىلىم شەيتانىغا قارشى جەڭ قورالىدۇر، قورالىلىق كىشى ئەسىرگە چۇشۇپ قالسا تېخىمۇ شەرمەندىلىك بولىدۇ.

تۇرمۇشى پەرىشان بىلىمسىز نادان
ئۇز نەپسىنى يىغماس ئالىمدىن ئوبدان.
ئۇ كورمەي، يول ئازار كوزىدە تۇساق،
بۇ چۇشەر قۇدۇققا ئىككى كوزى ساق.

## 66

ئىنساننىڭ جېنى بىر دەملىك ۋاقىتنىڭ ئىلكىدە تۇرىدۇ، دۇنيا بىر بارلىقى، ئۇ ئىككى يوقلۇقنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ. كىمىكى دىنىنى دۇنياغا ساتسا، ئۇ بىر ئېشەك، يۇسۇپ (پەيغەمبەر)نى ساتقانلار پۇلىغا نىمە ئالاركىن، تاڭ!

"ئەي ئادەم بالىلىرى، شەيتانغا ئىتائەت قىلماڭلار، ئۇ سىلەرگە ئوچۇق بىر دوشمەن دەپ، سىلەرگە نەسىھەت قىلمىدىممۇ؟"①

ئىشىنىپ دۈشمەن سۆزىگە دوستتىن ئايرىلدىڭ، قارا،
كىم بىلەن جاڭجاللىشىپ، سەن كىمگە بولدۇڭ ئاشنا؟!

## 67

شەيتان ساپدىل كىشىلەر بىلەن چىقىشالمايدۇ، سۇلتان سۇنغان سودىگەر بىلەن.

كىمكى بولسا بىناماز قەرز بەرمىگىن،
ئېغىز ئاچسا يوقسۇللۇقتىن، كەت دىگىن.
ئۇ خۇدانىڭ پەرزىنى ھىچ ئۆتىمەس،
سېنىڭ قەرزىڭ توغرىلىق ھەم غەم يىمەس.

---

① قۇرئان، 36 ـ سۈرە (ياسىن)، 60 ـ ئايەت.



## 68

بىر كىشىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئاش ـ نېنىنى ھىچكىم يىمىگەن بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىنى ھىچكىم ئەسلىمەيدۇ.

* * *

ئۈزۈمنىڭ لەززىتىنى تۈل خوتۇن بىلىدۇ، تەكىنىڭ ئىگىسى بىلمەيدۇ.

* * *

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ قۇرغاقچىلىق يىلىدا ئاچلارنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ، تويغىچە تاماق يىمىگەن ئىدى.

كىمىكى كۆن كەچۈرسە راھەتتە،
نەدىن بىلسۇن ئاچلار نىمە ھالەتتە؟
كىمىكى ئۆز ھالى بولسا يامان،
ئاجىزلار ھالىنى بىلىدۇ ئوبدان.

* * *

ئۇچقۇر ئاتقا مىنگەن ئەي غەمسىز كىشى ئالدىڭغا باق،
ئەنە پاتقاقتا ياتار يادناقچى مىسكىن ئېشىگى.
كەمبەغەل خوشناڭ ئۆيىگە ئوت سوراپ سەن كىرمىگىن،
مورىدىن چىققان تۈتۈن، بىل، چەككەن ئاھى دىلدىكى.

## 69

قۇرغاقچىلىق يىلىنىڭ قىيىن مەزگىلىدە ھالىدىن كەتكەن يوقسۇلـ

دىن: ”قانداقراق تۇردۇڭ؟“ دەپ ئەھۋال سورىما، پەقەت ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولالىساڭ ۋە ئالدىغا ئاز-تولا پۇل قويالىساڭ، ئاندىن سورا.

بىر ئىشەكنى يۈك بىلەن پاتقاقتا كورسەڭ يولدا سەن،
يېنىغا بارماي يىراقتىنلا ئىچىن شەپقەت بىلەن.
گەر يېقىن بارساڭ قېشىغا ھالىنى بىلمەك ئۈچۈن،
قۇيرۇغىدىن دەس كوتەر ئەرلەرگە خاس ھىممەت بىلەن.

**70**

ئىككى نەرسە ئەقىلغە توغرا كەلمەيدۇ: بىرى ئەزەلدە تەقسىم قىلىنغان رىزقىدىن ئارتۇق يېيىش، يەنە بىرى (خۇدا تەرەپتىن) بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بالدۇر ئۆلۈش.

تەقدىر-قىسمەت ئۆزگەرمەس مىڭ پىغان ھەم ئاھ بىلەن،
مەيلى چىقسۇن ئېغىزدىن قاغىش ياكى شىكايەت.
شامال غەزىنەسىنىڭ مۇئەككىلى — پەرىشتە
تۇل خوتۇننىڭ چىرىغى ئۈچسە، قىلماس رىئايەت.

**71**

ئەي تىرىكچىلىك غېمىدە يۈرگەن كىشى (جايىڭدا) ئولتۇر، ئۆز نېسىۋەڭنى يەيسەن. ئەي ئەجەلنىڭ نىشانى بولغان كىشى، نەگە



بارساڭ بار، ئەمما جېنىڭنى قۇتقۇزالمايسەن.

خاھ تىرىشقىن، خاھ تىرىشما رىزق ئۈچۈن،
ئۇلۇغ ئىگەم ئۆزى بەرگەي رىزقىڭنى.
چۈشسەڭ يولۋاس ياكى شىرنىڭ ئاغزىغا،
ئەجەل يەتمەي، يىمەس ئۇلار جىسمىڭنى.

**72**

قويۇلمىغان نەرسىگە قول يەتمەيدۇ، قويۇلغان ئىكەن نەدىلا بولسا يېتىدۇ.

ئاڭلاپمىدىڭ، ئىسكەندەر يەتكەن ئىدى زۇلۇماتنى.[1]
بىكار كەتتى ئەمگىكى، ئىچتى خىزىر ئابىھاياتنى.

**73**

نېسىۋىسىز بېلىقچى دەجلە دەرياسىدىمۇ بېلىق تۇتالمايدۇ، ئەجىلى يەتمىگەن بېلىق قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۆلمەيدۇ.

تاما بىلەن كېزىدۇ مىسكىن پۈتۈن زېمىننى،
ئۇ رىزقنى قوغلايدۇ، ئەجەل قوغلار مىسكىننى.

---

[1] زۇلۇمات — قاراڭغۇچىلىق، رىۋايەت بويىچە، ئابىھايات بىر قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە بولۇپ، ئۇنى پەقەت خىزىر پەيغەمبەر ئىچكەن ئىكەن.

74

پاسىق باي ــ ئالتۇن يالىتىلغان كېسەك؛ تەقۋادار كەمبەغەل ــ توپىغا بۇلانغان مەھبۇپ. بۇ ــ مۇسانىڭ قۇراق پەرىجىسىگە ئوخشايدۇ، پاسىق باي فىرئەۋننىڭ سوكە-مونچاق ئېسىلغان ساقىلى.

75

ياخشىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىق بەخت تەرەپكە يۈزلەنگەندۇر، يامانلارنىڭ دۆلىتى بېشىنى تۆۋەنگە قاراتقاندۇر.

مەرتىۋە، دۆلەت كىشىگە يار تۇرۇپ،
سورىمىسا مىسكىن-پەقىرلار ھالىنى.
ئېيت ئۇنىڭغا، ئاخىرەتتە تاپمىغاي،
بەختۇ-دۆلەت، مەرتىۋە، مۈلك-مالىنى.

76

ھەسەتچى ئادەم خۇدانىڭ نېمەتلىرىدىن قىزغىنىدۇ ۋە بىگۇنا بەندىلەرنى دۈشمەن كۆرىدۇ.

كۆردۈم مەن بىئەقىل بىر ھەسەتچىنى،
ئۆزىدىن ئۈستۈننى غاجايتتى راسا.
مەن دېدىم: ”ئەي خوجا بەختسىز بولساڭ،
بەختلىك كىشىدە، ئېيت، نېمە گۇنا؟“



* * *

ھەسەتچىگە ھەرگىز تىلىمە بالا،
چۈنكى بۇ شۇم تەلەي بالا ئىلكىدە.
ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلاش نە ھاجەت؟
ھەسەت ئۆزى، دۈشمەن ئۇنىڭ كەينىدە.

77

ئىرادىسىز ئوقۇغۇچى پۇلى يوق ئاشىققا ئوخشايدۇ، بىلىمسىز ساياھەتچى قاناتسىز قۇشقا ئوخشايدۇ، ئەمگىكى يوق ئالىم مېۋىسىز دەرەخقە ئوخشايدۇ، ئىلىمسىز زاھىت ئىشىكى يوق ئۆيگە ئوخشايدۇ.

78

قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلۈشى ياخشى ئەخلاقنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر، يېزىقلىق تۇرغان سۈرىلەر قۇرۇقلا قىرائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس.

79

ساۋاتسىز سوپى پىيادە قالغان يولۇچىدۇر، ھورۇن ئالىم ئۇخلاپ ماڭغان ئاتلىقتۇر.

* * *

توۋا قىلىشقا قول كۆتەرگەن گۇناكار ئادەم غادىيىۋالغان سوپىدىن ياخشىراق.

خۇلقى گۈزەل بىر ھەربى قوماندان،
بىرەھىم زالىم ئالىمدىن ئوبدان.

## 80

بىر ئادەمدىن: "ئەمەلسىز ئالىم نىمىگە ئوخشايدۇ؟" دەپ سوراشقان ئىكەن. ئۇ: "ھەسەلسىز ھەرىگە" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

رەھىمسىز زىيانداش ھەرىگە ئېيتقىن،
"ھەسەل بەرمىسەڭمۇ نەشتەر سانچىما!"

## 81

نامەرت ئادەم خوتۇن كىشىدۇر، تاماگەر سوپى قاراقچىدۇر.

ئەي كىشى ئۇلۇغۋار كورۇنمەك ئۈچۈن
ئاق تون كىيدىڭ، لېكىن دەپتىرىڭ قارا.
دۇنيادىن قولۇڭنى تارتىشىڭ لازىم!
يەڭ ئۇزۇن يا قىسقا بولسا نە پايدا؟

## 82

ئىككى كىشىنىڭ يۈرىگى ھەسرەتتىن خالى بولمايدۇ ۋە ئايىغى پۇشايمان پاتقىقىدىن چىقالمايدۇ: بىرى كېمىسى ۋەيران بولغان



سودىگەر، يەنە بىرى قەلەندەرلەر بىلەن ئولپەتلەشكەن مىراسخور ئادەم.

بارچە دەرۋىش ئالدىدا قانىڭنى توكمەكلىك راۋا،
قىلمىساڭ ئېھسان ئۇلارغا قولدا مال-مۇلكۇڭ تۇرۇپ.
ياكى يۈرمە دوست بولۇپ ھەرگىزمۇ "كوك كوينەك" بىلەن،
ياكى ئوي-مۇلكۇڭگە چەك كوك رەڭ كىرپىست قاملاشتۇرۇپ.
ياكى بولما دوستۇ-ئاشنا پىل باقارغا ھىچقاچان،
يا بىنا قىل چوڭ ساراي پىل پاتقۇدەك تام تۇرغۇزۇپ.

## 83

سۇلتان بەرگەن تون ئەزىز بولسىمۇ، لېكىن ئوزەڭنىڭ كونا چاپىنى ئۇنىڭدىن قىممەتلىك. كاتتىلا كىشلەرنىڭ راستىلىغان داستىخىنى لەززەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئوزەڭنىڭ بويۇن خالتىسىدىكى پارچە-پۇرات نان ئۇنىڭدىن تەملىك.

ئوز قولى بىلەن تاپقان سىركە، پىياز
يۈز بېشى بەرگەن نان، قوزىدىن ساز.

## 84

ئىككى ئىشنى قىلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس ۋە دانىشمەنلەرنىڭ پىكرىگە زىت: بىرى تەخمىن بىلەن دورا ئىچىش، يەنە بىرى مېڭىپ باقمىغان يولدا كارۋانسىز يۈرۈش.

## 85

ئىمام مۇرشىد مۇھەممەت غەززالى (خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن كىشىلەر سوراشتى: "سەن ئىلىم-پەننىڭ بۇنداق ئىگىز چوققىسىغا قانداق يېتىشتىڭ؟" ئۇ جاۋاپ بەردى: "بىلمىگەنلىرىمنى سوراشتىن نومۇس قىلمىدىم!"

ساقىيىشنىڭ ئۇمىدى شۇ چاغ بولۇر ئورۇنلۇق:
تومۇرۇڭنى كورسەتسەڭ تەجرىبىلىك دوختۇرغا.
بىلمىگەننى سورىغىن، چۈنكى خورلۇق تارتساڭمۇ
بۇ ئىش باشلار شەرەپلىك، پارلاق ئىگىز چوققىغا.

## 86

ھەر ھالدا ئۇزەڭگە مەلۇم دەرىجىدە بىلىنىۋاتقان نەرسىنى كىشىلەردىن سوراشقا ئالدىرىما، چۈنكى بۇ ئىش ھورمىتىڭگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

داۋۇتنىڭ قولىدا كوردىكى لۇقمان،
تومۇر موجىزىدىن نەق موم بولاتتى.
"ياسايسەن نىمە" دەپ شۇڭا سورىمىدى،
سوئالسىز ھەم بۇ ئىش مەلۇم بولاتتى.



## 87

ئۇزئارا مۇناسىۋەتنىڭ زورۇر قائىدىلىرىدىن بىرى مۇنداق: ياكى ئۇزەڭگە ئۇي سېلىۋال، ياكى ئۇي ئىگىسى بىلەن چىقىشىپ ئۇت.

سوھبەتچىڭ كوڭلىگە ماسلا سوزۇڭنى،
ئەگەر بولسۇن دىسەڭ ئاڭلاشقا مەيلى.
ئەگەر مەجنۇن بىلەن ئولتۇرسا ئاقىل،
سوزىدە باشتىن-ئاخىر بولسۇن لەيلى.

## 88

كىمكى يامان ئادەملەر بىلەن ئولپەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقىنى يۇقتۇرۇۋالمىسىمۇ، "يامان بىلەن بىر يولدا ماڭغان ئادەم" دىگەن بەتنامغا قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ناماز ئوتەيمەن دەپ قاۋاق تەرەپكە ماڭسا، كىشىلەر ئۇنى ھاراق ئىچكىلى بارىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ.

كىشى نادان بىلەن گەر بىللە بولدى.
"نادان" دىگەن ئاتاققا شەرتى تولدى.
دىدىم داناغا مەن: "قىل بىر نەسىھەت!"
دىدى: "نادان بىلەن سەن قۇرما سوھبەت!

رامان داناسى بولساڭ خەر① بولۇرسەن،
نادان بولساڭ تېخى بەتتەر بولۇرسەن!"

89

توگىنىڭ قانچىلىك يۇۋاش ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، ئەگەر كىچىك بالا تىزگىنىدىن يېتىلىسە، يۈز چاقىرىم يەرگە كېتىۋېرىدۇ، ھەرگىز بالىنىڭ سىزىغىدىن چىقمايدۇ. ئەمما ھالاكەتكە سەۋەپچى بولۇش ئېھتىمالى بولغان خەتەرلىك بىر ساي ئۇچراپ، بالا نادانلىق قىلىپ ئۇ يەرگە مېڭىۋەرمەكچى بولسا، ئۇ چاغدا توگە بالىنىڭ قول-دىن تىزگىننى ئۈزۈپ، ئىككىنچى بوي سۇنماي قويىدۇ، چۈنكى قاتتىق قول بولۇش پەيتىدە يۇمشاقلىق قىلىش ئورۇنسىزدۇر. شۇ سەۋەپتىن كىشىلەر ئېيتقانكى، دۈشمەننى يۇمشاق مۇئامىلە بىلەن دوستقا ئايلاندۇرالمايسەن، بەلكى ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىسەن.

كىشى بولسا مۇلايىم، ئايىغىدا تۇپراق بول،
ئەگەر ئۇشۇقچىلىق قىلسا، كوزلىرىگە چاچ تۇپراق.
كىشى ئەگەر قوپال بولسا، قىلما ھەرگىز يۇمشاق سوز،
تومۇردىن ھەرگىز دات كەتمەس، ئىگەك بولسا بەك يۇمشاق.

90

كىمكى بىلىم دەرىجەمنى كىشىلەر بىلسۇن، دەپ باشقىلارنىڭ

① خەر — ئېشەك.



سوزىگە ئارىلىشىۋالسا، ئەملىيەتتە ئۇزىنىڭ ئەڭ بىلىمسىز ئىكەنلىگىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

ئەقىللىق كىشى بەرمەيدۇ جاۋاپ،
ئۇنىڭدىن كىشى سوئال سورىماستا.
ئېيتقان سوزلىرى بولسمۇ بەرھەق،
قۇرۇق سوز بولۇپ ئوتمەس ھېچ جايدا.

91

كوينىگىمنىڭ ئىچىدە بىر جاراھىتىم بار ئىدى، ئۇستازىم (ئۇنىڭغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن!) ھەر كۈنى "قانداقراق؟" دەپ سوراپ قوياتتى، ئەمما "قەيەردە ئۇ؟" دەپ سورىمايتتى. ئۇستازىمنىڭ ئېھتىياتكارلىق بىلەن سوزلىگىنىدىن شۇنى بىلدىمكى، ھەممە ئەزانى تىلغا ئېلىۋېرىش توغرا ئەمەس ئىكەن. ئاقىللار ئېيتقانكى، "كىمكى سوزنى چاغلاپ سوزلىمىسە، ئاچچىق جاۋاپ ئاڭلايدۇ."

بىر سوزكى، تېخى راستلىقىغا يوقتۇر ئىشەنچىڭ،
ئاغزىڭنى يۇمۇپ، ئاچما پەقەت، سوزگە تۇتۇلساڭ.
راست سوزنى قىلىپ چۈشسەڭ ئەگەر بىردىن كىشەنگە،
يالغاننى توقۇ، ئەۋزىلى شۇ، ئۇندىن قۇتۇلساڭ.

92

يالغان سوزلەش ئىز قالدۇرىدىغان زەربىگە ئوخشايدۇ: يارا

ساقايغان تەقدىردىمۇ بەلگىسى قالىدۇ. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى يالغانچىلىق بىلەن نام چىقارغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ راست سۆزلىرىگىمۇ ئىشەنچ قالمىغان ئىدى. (ئاتىسى ئۇلارغا) دېدى: "خەير، سىلەر نەپسىڭلارنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ ئىشنى ئويلاپ چىقار-دىڭلار، ئەمدى مېنىڭ ئىشىم سەۋرى جەمىلدۇر..."①

بىراۋ قىلسا ئادەت راستلىقنى مۇدام،
كېرەك يوق، بىرەر سۆزنى قىلسا خاتا.
ئەگەر نام چىقارسا يالغانچى دېگەن،
كېيىن قىلسا راست سۆز، ئىشەنچ يوق ئاڭا.

## 93

ئاشقى قىياپەت جەھەتتە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئادەمدۇر، مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ خار-تۆۋىنى ئىتتۇر. ئەمما دانىشمەنلەرنىڭ بىردەك پىكرى بويىچە، ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ئىت ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمدىن مىڭ ياخشى.

ئۇنۇتماس ئىت پەقەت بىر پارچە ناننى،
ئاڭا ئاتقان بىلەنمۇ يۈز قېتىم تاش.
بىراق باقساڭ رەزىلنى بىر ئۆمۈرچە،
بىرئاز رەنجىش بىلەن باشلايدۇ مۇشتلاش.

---

① قۇرئان، 12 - سۈرە، 18 - ئايەت.



## 94

ئۆز نەپسىنىلا ياخشى كۆرىدىغان ئادەم قابىلىيەتلىك كىشى بولال-مايدۇ، قابىلىيەتسىز ئادەم باشلىق بولۇشقا يارىمايدۇ.

رەھم قىلما تويماس ھوكۇزگە پەقەت،
يېسە قانچە كوپ، شۇنچە يالقاۋ پەقەت.
كېرەك بولسا سەمرىش ھوكۇزدەك ساڭا،
ئېشەك بول، كوتەر يەتسە ئەلدىن جاپا.

## 95

ئىنجىلدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەي ئادەم پەرزەندى! ئەگەر ساڭا بايلىق بەرسەم، مال بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەن بىلەن كارىڭ بولمايدىكەن، ئەگەر سېنى كەمبەغەل قىلىپ قويسام، غەم-غۇسسىدە ئولتۇرىسەن. شۇنداق ئىكەن، مېنى ئەسلەشنىڭ ھالاۋىتىنى قەيەردىن تاپىسەن ۋە ماڭا ئىبادەت قىلىشقا قاچانمۇ ئالدىرايسەن؟"

راھەتتە ئۇتسەڭ، مەغرۇر ۋە غاپىل،
بىچارە بولساڭ كۆڭلۈڭ جاراھەت.
ھالىڭ شۇ بولسا، ئۇنتۇپ ئۆزەڭنى،
قاچان قىلارسەن ھەققە ئىبادەت؟

## 96

خۇدانىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىراۋنى شاھلىق تەختىدىن چۈشۈرسە، يەنە بىرىنى بېلىقنىڭ قارنىدا سالامەت ساقلايدۇ.

بەختلىكتۇر كىمكى قىلسا ئۆزىگە زىكرىڭنى يار،
بولسا بېلىق قارنىدا يۇنۇسقا ئوخشاش ئولتۇرار.①

## 97

ئەگەر خۇدا قەھرى-غەزەپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغارسا، پەيغەمبەر بولسۇن، ئەۋلىيا بولسۇن، ھەممىسى بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدۇ. ئەگەر مېھرىۋانلىق قېشىنى مىدىرلىتىپ قويسا، يامانلارمۇ ياخشىلار بىلەن بىر دەرىجىدە بولىدۇ.

قەھرىنى ياغدۇرسا ھەق قىيامەتتە،
بىكاردۇر ھەرنىچۈك پەيغەمبەر ئۆزرى.
مەرھەمەت يۈزىدىن پەردىنى ئالسا،
شەقىگە② ھەم تېگەر كېچىرىم نۇرى.

---

① رىۋايەت بويىچە، يۇنۇس پەيغەمبەر كىتنىڭ قارنىغا چۈشۈپ قېلىپ 40 كۈندىن كېيىن سالامەت چىققان.

② شەقى — تەلىيى ئوڭدىن كەلمىگەن شۇم ئادەم.



## 98

كىمكى دۇنيانىڭ تەربىيىسى بىلەن توغرا يولدا ماڭمىسا، ئاخىرەتتە ئازاپتا قالىدۇ. "تەھقىق بىز ئۇلارغا ئەڭ چوڭ ئازاپ (جەھەننەم ئازاۋى) دىن بۇرۇن دۇنيادىكى بەزىبىر يېنىكرەك ئازاپلارنى تېتىتىپ قويىمىز."①

كۈچلۈكلەر جازاسىدۇر ئاۋال پەند، كېيىن زەنجىر،
پەندىنى ئىشتمىسەڭ، زەنجىردە ئۆزەڭنى كور.

## 99

بەختىيار كىشىلەر ئۆز قىلمىشلىرى كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا ئۈلگە بولۇشتىن بۇرۇنلا ئۆتمۈشتىكى ئەجداتلارنىڭ ئىش-ھەركەتلىرىدىن ساۋاق ئالىدۇ. ئوغرىلارمۇ قولىنى قىسقارتىۋەتمىگىچە② قولىنى قىسقارتمايدۇ.

دان قېشىغا بارمىغاي قۇش زادىلا،
باشقا قۇش ياتسا تۇزاقتا بىر كۆرۈپ.
باشقىلار كورگەن بالادىن ئال ساۋاق،
بولما ئىبرەت باشقىغا قىڭغىر يۈرۈپ.

---

① قۇرئان، 32 ـ سۈرە، 21 ـ ئايەت.

② شەرىئەتنىڭ ھوكمى بويىچە ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

## 100

ئىرادە قۇلىغى پاك يارىتىلغان كىشى نەسىھەتكە قانداقمۇ قۇلاق سالالىسۇن؟ بەخت ئارغامچىسى بىلەن يېتەكلەنگەن كىشى ئالغا ماڭماي نىمە قىلسۇن؟!

ھەقنىڭ دوستلىرىغا قاراڭغۇ تۈنمۇ
گويا كى يوپ-يورۇق بىر كۈندۈز كۈنى.
سائادەت ئەڭ كۈچلۈك بىلەكتە ئەمەس،
ساخاۋەتلىك ئاللا بەرمىسە ئۇنى.

* * *

زارلىناي كىمگە سېنىڭدىن؟ يوق ئىگەم سەندىن بولەك،
يوق پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىن ئۆزگە ئۈستۈن قول-بىلەك.
سەن يېتەكلىگەن كىشىنى ئازدۇرالماس ھېچكىشى،
قالدۇرۇپ قويساڭ بىراۋنى، يوق كىشى ماڭدۇرغىدەك.

## 101

يامان ئاقىۋەتكە قالدىغان پادىشادىن كېلىچىگى بەختلىك بولغان گاداي ياخشى.

خوشاللىق بەخش ئەتسە ئاقىۋەت بىر غەم
ياخشىدۇر شاتلىقتىن تارتساڭ سەن ئەلەم.



## 102

ئاسماندىن يەرگە نىئمەت ياغىدۇ، يەردىن ئاسمانغا چاڭ-توزان ئۆرلەيدۇ. قاچا-ئىدىشنىڭ ئىچىدە نىمە بولسا تېشىغا شۇ نەرسە تېشىپ چىقىدۇ.

مېنىڭ خۇلقۇم ساڭا كورۇنسە ناچار،
گۈزەل خۇلقۇڭنى قولدىن بەرمە زىنھار.

## 103

خۇدايى تائالا (ئۇز بەندىلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى) كورۇپ تۇرسىمۇ ياپىدۇ، لېكىن خوشنا ئادەم ھېچنىمىنى كورمەستىنلا غەۋغا كوتىرىدۇ.

ۋاي، خۇدا كورسەتمىسۇن! غايىپنى بىلسە گەر كىشى،
بىر بىرىنىڭ دەستىدىن ئارام تاپالماس ھەر كىشى.

## 104

ئالتۇن دىگەن كاندىكى مەدەندىن قېزىپ ئېلىنىدۇ، بېخىلنىڭ قولىدىن بولسا جېنىنى سۇغۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا ئېلىش مۇمكىن.

پەسكەشلەر يەپ-ئىچمەي، تۇتىدۇ مەھكەم.
ئېيتاركى: "يىگەندىن ئۇمىت ياخشىراق".
كورسەن بىر كۈنى دۇشمىنى خوشال،
چۈنكى زەر قېپىقالغان، ئۇ قۇچىقان تۇپراق!

105

كىمىكى قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ قوساق بولمىسا، ئۇزىدىن ئۈستۈنلەرنىڭ جەۋرىگە ئۇچرايدۇ.

بولالماس ھەر بىلەكتە كۈچ-قۇۋۋەت،
زەئىپلەر قولىنى يەنچىشكە قۇدرەت.
زەئىپلەر كوڭلىگە بەرمىگىن ئازار،
ساڭا ھەم يەتكۈسى كۈچلۈكتىن دىشۋار.

106

ئەقىللىق كىشى جىدەل بولغان يەردىن قاچىدۇ، ئەمما قەيەردە تىنچلىق بولسا شۇ يەرگە لەنگەر① تاشلايدۇ، چۈنكى ئاۋالقى جاي تىنچلىق-ئامانلىقتىن يىراقتا، كېيىنكى جايدا ھوزۇر-ھالاۋەت ياندىلا.

① لەنگەر — كېمىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يوغان زەنجىرلىك ئەسۋاب.



107

قىمارۋازغا (ئۇتتۇش ئۈچۈن) ئۈچ ئالتىلىك كېرەك، لېكىن ئۈچ بىرلىك كېلىپ قالىدۇ.

مەيداندىن مىڭ مەرتە ياخشىدۇر ئوتلاق،
ئات قولىدا بولماس تىزگىنى بىراق.

108

بىر دەرۋىش كېچىلىك ئىبادەتتە مۇنداق دەيتتى: "ئەي خۇدا، يامانلارغا رەھمەت قىل، ياخشىلارغا رەھمىتىڭنى قىلىپ بولغانسەن، چۈنكى ئۇلارنى ياخشى قىلىپ يارىتقانسەن."

109

كىيىمىگە گۈل-كەشتە تىكتۈرۈپ، بارمىغىغا ئۈزۈك سالغان ئەڭ دەسلەپكى كىشى جەمشىت① ئىدى. كىشىلەر سوراشتى: "نىمىشقا ھەممە زىننەتنى سول قولۇڭغا بەردىڭ، ھالبۇكى، پەزىلەت ئوڭ تەرەپتە ئىدىغۇ؟" ئۇ جاۋاپ بەردى: "ئوڭ قولغا ئوڭ بولغانلىق زىننىتى يېتەرلىك!"

① جەمشىت — قەدىمقى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى بىر پادىشاھى.

فەرىدۇن دىدىكى، چىن رەسسامىغا
نەقىش قىل چېدىرغا مۇنۇنى تولۇق:
"ياخشى بول يامانغا، ئەي هۇشيار كىشى،
ياخشىلار ئۇزلىرى ئۇلۇغ هەم قۇتلۇق!"

## 110

بىر دانىشمەندىن (كىشىلەر) سوراشتى: "ئوك قول شۇنچىلىك ئارتۇقچىلىققا ئىگە تۇرۇقلۇق، نىمىشقا ئۇزۇكنى چەپ قولنىڭ بارمىقىغا سالىدۇ؟" ئۇ جاۋاپ بەردى: "بىلمەمسەن، پەزىلەت ئىگىلىرى هەمىشە مەهرۇملۇقتا بولىدۇ."

رىزق بىلەن نېسىۋە ياراتقان ئاللا
بەخش ئېتەر پەزىلەت ياكى بەخت ساڭا.

## 111

بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقمىغان ۋە پۇل-مېلىدىن ئۈمىت ئۈزگەن كىشى پادىشالارغا نەسىهەت قىلسۇن.

مۇۋەهھىدكە①سەن زەرنى توكسۇڭ نىمە،
بېشىغا قىلىچ-شەمشەر تۇتتۇڭ نىمە.

① مۇۋەهھىد — خۇدانىڭ بىرلىگىگە ئىشەنگۈچى.



كىشىدىن ئۈمىت ياكى قورقۇنچى يوق،
بۇ — تەۋھىد① ئاساسى، بۇنى بىل ئوچۇق.

## 112

شاهىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەسلىدە زالىملارنى توساش ئۈچۈن، ساقچى-ئەمەلدارلارنىڭ بولۇشى ئوغرى-كاللا كېسەرلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن. قازى بولسا ئالدامچى مۇتتەهەملەرنىڭ مەسلىهەتچىسى. هەققە بوي سۇنغۇچى ئىككى دەۋاگەر هەرگىز قازىنىڭ ئالدىغا بارمايدۇ.

كىشىلەر هەققىنى بەرمەك بولسا كۆڭلۈڭدە زەرۇر،
ياخشىدۇر ۋاقتىدا بەرمەك. جەڭ-جېدەل دىلغا جاپا.
ئۇزلۈگىدىن ياخشىلىقچە باج-خىراجنى بەرمىسە،
كۈچ بىلەن ئالغاي ئۇنى، قويغاي جەرىمانە يانا.

## 113

هەممە كىشىنىڭ چىشى ئاچچىق-چۈچۈك نەرسىلەردىن قامىسا، قازىلارنىڭ چىشى تاتلىق نەرسىدىن قامايدۇ.

قازى بەش تال تەرخەمەكنى ئالسا گەر سەندىن پارا،
سەن ئۈچۈن مولاپ بىرەر ئون باغچىنى مۈلك ئورنىدا.

① تەۋھىد — خۇدانىڭ بىرلىگى ئەقىدىسى.

## 114

قېرىپ قالغان پادىشاھ خوتۇن ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە توۋا قىلماي نېمە قىلسۇن، ئىشتىن بوشىتىلغان ساقچى ئەمەلدارى خەلققە زۇلۇم قىلغانلىقىغا توۋا قىلماي نېمە قىلىدۇ؟

نەپسىنى يىققان يىگىتنى ھەق يولدا شىر دېگىن،
قېرىلاردا يوق ھەۋەس، چىقالمىغاي خاس ئۆيىدىن.

## 115

بىر ھەكىمدىن (كىشىلەر) سوراپتى: خۇدايى تائالا شۇنچىلىك ئاتىغى چىققان مېۋىلىك دەرەخلەرنى ياراتتى. ئەمما نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا "ئازاد" دېگەن سۈپەت بېرىلمەيدۇ، پەقەت مېۋىسى بولمىغان سەرۋ دەرىخىگە بېرىلىدۇ؟ ئېيتىڭچۇ، بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ ھەكىم دېدى: ھەرقانداق دەرەخ بەلگىلىك شەرت-شارائىت ۋە مۇئەييەن ۋاقىتقا باغلىق، ئەنە شۇ شەرت بولغاندا كۆكىرىپ ياشنايدۇ، شەرت-شارائىتى بولمىغاندا سولۇشقا باشلايدۇ. سەرۋ دەرىخىدە بۇلارنىڭ ھېچبىرى يوق، شۇڭا ئۇ ھەممە ۋاقىت ياشىرىپ تۇرىدۇ، "ئازاد"لارنىڭ سۈپىتى ئەنە شۇنداق.

كۆڭۈل بەرمىگىن ھەرگىز ئۆتكۈنچى بۇ دۇنياغا،
خەلىپە ئۆتۈپ كەتسە، دەجلە بىلەن قالار باغداد.



ئەگەر كەلسە قولۇڭدىن، خورما ئوخشاش سېخى بول،
بولمىغاندا بۇ ئىمكان، سەرۋ كەبى بول ئازاد.

## 116

ئىككى كىشى ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ: بىرى بار تۇرۇپ يەپ-ئىچمىگەن، يەنە بىرى بىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ھېچ ئىش قىلمىغان.

## خاتىمە

گۈلىستان كىتاۋى تامام بولدى، ئاللا ياردەمدە بولدى! ئىسمى ئۇلۇغ ياراتقۇچىنىڭ مەدىتى ئارقىسىدا، مۇئەللىپلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئۆتكەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئىستىئارە تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىپ بىزەش بۇ توپلامدا قوللىنىلمىدى.

كونا جەندەڭنى ياماپ كىيىش ياخشى،
خار بولۇر تون سوراپ كىيسە كىشى.

سەئدىنىڭ كۆپىنچە سۆزلىرى ھەزىل-چاقچاق ۋە كىشىنىڭ بەھرىنى ئاچىدىغان خاراكتېرغا ئىگە. شۇ سەۋەپتىن يىراقنى كۆرمەيدىغانلار ئاغزىغا كەلگەننى دەپ ۋالاقشىيدۇ، گويا (بۇ كىتاپنى ئوقۇشقا) مىڭىنى بىھۇدە سەرپ قىلىش ۋە بىكاردىن چىراغ ئىسىنى يۇتۇش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەسمىش! لېكىن بۇ كىتاۋىم ساپدىل كىشىلەرگە قارىتىلغان، ئۇلارنىڭ روشەن پىكىرلىرى ئۈچۈن شۇ نەرسە مەخپىي قالمىسۇنكى، شىپالىق ۋەز-نەسىھەت مەرۋايىتلىرى نەپىس ئىبارە يىپىغا تىزىلدى، ئۇلارنىڭ زېرىكىشلىك تەبىئىتى قوبۇل قىلىش دۆلىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، نەسىھەتنىڭ ئاچچىق دورىسى چاقچاقنىڭ ھەسىلىگە ئارىلاشتۇرۇلدى.



بىز نەسىھەتنى جايىدا يەتكۈزدۇق،
بۇ بىلەن بىر بۆلۈك چاغنى ئۆتكۈزدۇق.
بىراۋلار مەيلى قىلمىسا رىغبەت،
ئەلچىنىڭ بۇرچى خەۋەر بېرىشلا پەقەت.

* * *

مەرھەمەت سورىغىن خۇدادىن، ئەي نەزەر سالغان كىشى،
بۇ كىتاپ مۇئەللىپىگە، ھەم ئۆزۈڭ ئۇنى كەچۈر.
بۇ كىتاپتىن تاپ ئۆزۈڭگە قايسى بولسا پايدىلىق،
سوڭرە كاتىپنى دۇئادا ئەسكە ئال. (بۇ ھەم زورۇر).

本书根据德黑兰 1971年波英对照版本和莫斯科 1959年 波俄对照版本，并参考人民文学出版社1980年汉文版本译出。

بۇ كىتاب 1971-يىل تېھراندا نەشر قىلىنغان پارسچە-ئىنگلىزچە نۇسخىسى بىلەن 1959-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان پارسچە-رۇسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن، 1980-يىل 1-ئايدا خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ تەرجىمە قىلىندى.

شەيخ سەئدى

**گۈلىستان**

تەرجىمە قىلغۇچى: رەھمەتۇللا جارى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان
تېيىپجان ئېلىيوپ

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1984-يىل 6-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1992-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 2

ئاددى مۇقاۋىلىغىنىڭ باھاسى

¥950